# شاعر

12




يىغىندا «تارىم» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى ناۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقىنى خا-
تىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

سۈرەتتە: يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.






سۈرەتلەرنى ھېسامىدىن ھاجى تارتقان.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

12

41 - يىل نەشرى

1991

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


م. دۆگايلى ...... يەتتە تىللا (ھېكايە) ...... 4
ئا. قاھار ...... ئانا خاراكتېرى (ھېكايە) ...... 10
ق. نىياز ...... ئاي گۇۋاھ (ھېكايە) ...... 26
ئا. ئىسمايىل ...... يىغلىما، قىز (پوۋېست) ...... 44
ئە. ھامۇت ...... ئىككى نەسر ...... 102
ج. بەھرام ...... قەبرە بېشىدىكى چۈش (ھېكايە) ...... 105


## شېئىرلار


ئە. ناسىر ...... شېئىرلار ...... 37
م. سۇپۇرگى ...... ئېزىتقۇ يوللار ...... 38
ن. قۇربانى ...... خەلقىمگە مېھرىمدىن چاچسام زەررە نۇر ...... 40
ج. ئەمەت ...... بەخش ئەتتىم ناخشامنى ساڭا ...... 41
ت. ئاتاۋۇللا ...... سۆيگۈ ناخشىلىرى ...... 42
ئا. زۇنۇن ...... قابىل رەسسام تەبىئەت ...... 43
ئە. پەتتارى ...... رۇبائىيلار ...... 43
م. مەتنىياز ...... شېئىرلار ...... 94
ز. ئابدۇراخمان ...... يوللار ۋە سىرلار ...... 95
ت. دايىم ...... مەن ئىزدەيمەن گۈزەللىك ...... 98
ئە. مۇھەممەدى ...... ھېسسىيات ئۈنچىلىرى ...... 99
ئۆ. مەتنۇرى ...... سېغىنىش تۇيغۇلىرى ...... 100

## گۈلىستاندىن گۈلدەستە


ۋ. تۇردى ...... ئاشماقتا ئىشقا غايىمىز (شېئىر) ...... 114
ن. يۈسۈپ ...... سەپەر نەزمىلىرى (شېئىر) ...... 116
ئە. كامالى ...... سۆيگۈ ناخشىلىرى (شېئىر) ...... 120
ئو. قاۋۇل ...... غەزەللەر ...... 124
ئى. نىياز ...... ئانادەك گۈزەلسەن ئانا تەبىئەت (شېئىر) ...... 125
ئا. ئالماس ...... قاراماي ناخشىلىرى (شېئىر) ...... 127
ئا. تالىپ ...... ئىزدەپ (شېئىر) ...... 128
ئا. قاسىم ...... يەر ئانام (شېئىر) ...... 130
ئا. ئۆمەر ...... ئانا قەسىدىسى (شېئىر) ...... 130
ئا. نىياز ...... ئانا (ھېكايە) ...... 131
س. سېتنىياز ...... «يېگىلىق يوق» (فېلىيەتون) ...... 132
ن. قۇۋانىش ...... بەختلىك بول، ئاي يۈزلۈك پەرىشتەم (نەسىر) ...... 134


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


م. تۇردى ...... رېئالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ...... 136
ي. روزى ...... «بۇرۇت ماجىراسى»نىڭ قىممىتى ...... 144


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


ئەدىبلىرىمىز 1991 - يىلىدا ...... 147
قېرىنداش ژۇرناللار سەھىپىسىدە ...... 148
«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ...... 149


* * *


بۇ ساننىڭ مۇقاۋىسىنى ت. قاسىم ئىشلىگەن، رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ، چ. بەھرامىلار ئىشلىگەن.



مەمەت دۇگايلى

# يەتتە تىللا

(ھېكايە)

بوۋاينىڭ يەتتە تىللاسى بار ئىدى. تىللالار كونىرىغان، تولا سۈركىلىپ سىلىقلىشىپ كەتكەن، ئەسلى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىشۇ خالتىدا ساقلىناتتى. بوۋاي بۇ خالتىنى قىش-ياز ئۈستىدىن سالمايدىغان، قانچىلىك كېيگىنىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەستەرلىك تېرە جىلىتكىسىنىڭ قولتۇقىدىن تۆۋەنرەك، بېقىنىدىن يۇقىرىراق يېرىگە بەش قەۋەت يىپ بىلەن مەھكەم تىكىۋەتكەنىدى. ئۇ كۈندۈزى جىلىتكىسىنى يەشمەيتتى، كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ جىلىتكىسى بىلەن ياتاتتى. يەتتە تىللا گويا ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى يەتتە قوۋۇرغىسىغا ئوخشاش بەدىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

بوۋاي ئۆزىدە يەتتە تىللا بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىشۇ خالتىدا ساقلىنىدىغانلىقىنى، بۇ تىللالار ئاشۇ خالتىنىڭ ئىچىدىن چىقماي دادىسىدىن ئۆزىگە مىراس قالغانلىقىنى، ئۇ بۇ تىللالارنى بېشىغا شۇنچە ئېغىر كۈن كەلگەندىمۇ دەرگىزا قىلىشقا كۆزى قىيماي 70 يىلنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا ئىككى ئوغلى بىلەن قىزىغا ئاشكارىلىغانىدى. ئوغلىنىڭ چوڭى 45 كە، ئىككىنچىسى 42 گە، قىزى بولسا 37 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ ئەڭگۈشتەر جىلىتكىسىنى بىلسىمۇ، بۇ جىلىتكىگە مەھكەم تىكىۋېتىلگەن يەتتە تىللادىن خەۋەرسىز ئىدى.

خەۋەر ئۈچ بالىسىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار باشتا ئەجەبلەندى، كېيىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ 80 ياشتىن ھالقىغان دادىسىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرىنىڭ قالغانلىقىنى بىلگۈچىلىكى بار ئىدى. ھېچ قايسىسى يەتتە تىللانى ئۆزى يالغۇز ئېلىۋېلىش خىيالىدا بولمىغان بولسىمۇ، تىللا سانىنىڭ تاق ئىكەنلىكى، ئۈچ بالا ئىككىدىن ئالغاندا يەنە بىرسى ئېشىپ قالىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ ئاخىرقى مېھرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاشۇ تاق بىر تىللانى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزىچە دادىسىنىڭ

ئۆز قولىدىن ھالاللاپ ئىشلىشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇلار دادىسىغا بۆلەكچە غەمخورلۇق قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككى ئوغۇل، بىر قىز ئۆزلىرىنىڭمۇ ئائىلىسى بارلىقىنى يادىدىن چىقارغاندەك بوۋاينى ئاجايىپ ئامراقلىق بىلەن كۈتۈشكە كىرىشتى. بوۋاي ھېچ قايسى بالىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىر ئېغىزلىق، تېشى سۇۋالمىغان، پاكار ئۆيى پۈتۈن ئۆمرىدە ئەڭ ياخشى دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى: ئۆي ھەمىشە پاكىز تۇراتتى، ئورۇن-كۆرپىلەر رەتلىك تىزىقلىق، كىربىولسۇن-بولمىسۇن ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇلاتتى. ئۆيىدىن پولۇ، مانتا، قاتلىما، ناۋات، يەل-يېمىشلەر ئۈزۈلمەيتتى. بوۋاينىڭ ئۈستىبېشىنى يۇيۇش، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشتەك ئىشلارغا كېلىنلەر، كۈيئوغۇل ۋە چوڭ نەۋرىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل بۆلەتتى. بوۋاي ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ جىلىتكىسىنى ھېچقايسى بالىسىغا تۇتقۇزمايتتى.

ھەپتە ئىلگىرى بوۋاي ئىككى كېلىنى ۋە كۈيئوغلىنى، ئۇلار بىلەن بىللە ئۆزىنى كۆرۈشكە كەلگەن نەۋرىلىرىنى تار ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئىككى ئوغلى بىلەن قىزىنىلا ئېپ قالدى. باللىرى بۇنىڭ يەتتە تىللانى ئاشكارىلاشتىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم سۆھبەت ئىكەنلىكىنى پەملىشىپ ھاياجانلانغان، چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا چوڭكىچىكلىك تەرتىپ بويىچە بوۋاي تۆت تەكيىگە يۆلىنىپ سىڭارىيان ياتقان سۇپا ئالدىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

— بارماق بىلەن سانىغۇدەك كۈنلىرىم قالدى،— دېدى بوۋاي ئۈمىد، ئىشەنچ ئۇخچۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرغان باللىرىغا ئۆۋەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن،— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا يافامنى كىر قىلمىدىڭلار، قارنىمنى ئاچ قويمىدىڭلار، يالغۇز تاشلاپ كەتمىدىڭلار، باللىرىم. خۇداۋەندەكېرىم سىلەرگىمۇ شۇنداق خاتىرجەم، غەمسىز قېرىلىقنى نېسىپ قىلار، ئىلاھا ئامىن! باللىرى دادىسىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە كۆزلىرىنى چىمىلداتسا بىر نېمىلەرنى كۆرەلمەي قالىدىغاندەك، تىنىقى تېشىغا چىقىپ كەتسە ئەدەبسىزلىك بولىدىغاندەك، كۆزلىرىنى مىت قىلماي، نەپىسىنىمۇ چىقارماي، ئاۋازلىق دۇئادىن پىچىرلاشقا ئۆتكەن دادىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قېلىشتى.

— مەن سىلەردىن مىڭ مەرتەم، ئون مىڭ مەرتەم رازى بالىلىرىم،— بىر ھازادىن كېيىن ئۈنىنى چىقىرىپ داۋام قىلدى بوۋاي،— ئاتا رازى، خۇدا رازى، دەپتىكەن، مەن سىلەردىن رازى، خۇدامۇ سىلەردىن رازى بولغاي، سىلەرنىمۇ پەرزەنتلىرىڭلار ئەزىزلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەي...

بالىلىرى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل «ئامىن» دېيىشتى. ئەمدى ھەرقانچە دۇئا بولسىمۇ، ھەرقانچە رازىلىق بىرىش-ئېلىش بولسىمۇ تۈگەپ قالغاندۇر، ئەمدى تىللالار توغرىسىدا سۆز ئېچىش نۆۋىتى كەلدى، دەپ ئۈمىدلىنىشتى. ئەمما بوۋاي تىللالار توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەندىن كېيىن قالغىنىڭلاردا بىرىبىرىڭلار بىلەن ئىناق، ئىجىل ئۆتۈڭلار.

پوكۈنلار ھەم ئاتا، ھەم ئاكا بولۇپ، كىچىكلىرىگە غەمخور بولۇڭلار، كىچىكلىرىڭلار چوڭلارنى ئىززەت-ھۆرمەت قىلىڭلار. بۇ ئالەم تۆت كۈنلۈك ئۆتەڭ، ھەممە كۆرگۈلۈكىمىز ئاخىرەتتە...

بالىلىرى دادىسىنىڭ مەسچىت ئىماملىرىغا خاس ۋەز-نەسىھىتىنىمۇ خېلى ئاڭلاشتى. بوۋايغا ئەگىشىپ بىر قانچە قېتىم ئامىن دېيىشتى. بوۋاينىڭمۇ ئەمدى تاپىلايدىغانلىرى تۈگىگەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىللالار ھەققىدە گەپ ئاچمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— خۇداۋەندەكىرىم ماڭا بۇ دۇنيانى كەڭ ھەم يورۇق قىلىپ بەردى، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇشۇنچىۋالا كەڭ زېمىندا دوپپىسى چۈشكۈدەك يېرى يوق تالاي ئادەملەر تۇرغاندا مېنىڭ توققۇزۇم تەل. مەن پەرۋەردىگارىمغا مىڭ قېتىملاپ شۈكرىسانا ئېيتىمەن. ئەمدىكى ئارزۇيۇم، خۇدا ئاخىرەتلىكىمنى بەرسە، گۆرۈمنى كەڭرەك قىلسا... — بالىلىرى دادىسىنىڭ كۆزىدە يالت قىلىپ چېقىپ ئۆچكەن ئاجىز بىر نۇرنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ بىر ئاقىرىپ، ئاندىن سېرىق تۈس ئالدى، — ئەمدى سىلەرگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى ئىلتىماسىم... — بوۋاينىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى. بالىلىرى پۈتۈشۈۋالغاندەك سەل ئالدىغا ئېگىشىشتى، — مېنىڭ بوي-بەستىمنى بىلىسىلەر، ماڭا ئۇزۇنلۇقى ۋە تۇغرىسى بوي-بەستىمدىن ئاشقۇدەك بىر يەرلىك تەييارلىساڭلار. جاننى خۇداغا تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى، تىرىكلىكىمدە گۆرۈمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرسەم...

بوۋاينىڭ گېپى تۈگىگەن ھېساب بولدى، تىللالار ھەققىدە سۆز قىلمىدى. بالىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنداش زۆرۈر ئىدى. چوڭ ئوغلى ئاغرىپ تېلىپ كەتكەن تىزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولسىلا دادا، يەرلىكلىرىنى سىلىگە ياققۇدەك قىلىپ تەييارلايمىز، — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئىنىسى ۋە سىڭلىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— شام گۆر قىلىمىز، — دېدى ئىنىسى تىترەك ئاۋازى بىلەن.

— ئاستىغا يېرىك، قۇرۇق قۇم يېيىتىمىز، — دەپ قوشتى سىڭلىسى.

— شۇنداق قىلىڭلار بالىلىرىم، خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى بوۋاي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ خۇنى قاچقان، ئەتراپى يول-يول قورۇقلار بىلەن قاپلانغان كۆزلىرىنى قېلىن ياش پەردىسى قاپلىغانىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بوۋاي مەخسۇس ياسالغان زەمبىلدە ئولتۇرۇپ، كۆز يۇمغاندىن كېيىن ياتىدىغان يەرلىكىنى كۆرگىلى كەلدى. بالىلىرىنىڭ ياردىمىدە زەمبىلدىن چۈشۈپ، نەم تۇپراق پۇرىقى كېلىپ تۇرغان گۆرلۈك ئەتراپىنى ئالدىرىماي بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان ئىككى ئوغلىنى بوش ئىتتىرىپ، ئاسمانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئىچىگە كىرىپ بىر يېتىپ باقاي، — دېدى.

بالىلىرى، كېلىنلەر ۋە كۈيئوغۇل، نەۋرىلەر، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بىر مۇنچە كىشىلەر بوۋاينىڭ تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرمەكچى بولغىنىغا قاتتىق

گەجەبلىنىشتى. چۈنكى مۇنداق قىلىش مۇ-
سۇلمان ئەقىدىسى بويىچە بىمەدەلىك ھەم
ئېغىر گۇناھ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېچ-
كىم ئۇنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالىمىدى.

بوۋاي گۆر ئىچىدە يېرىم سائەتچە
ھايال بولۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كى-
يىملىرىگە نەم توپا ۋە يېرىك، كۆك قوڭ-
لار يېپىشقانىدى. ئورۇق، گۆشسىز بارماق-
لىرى، ئالقانلىرى لاي ئىدى. لېكىن ئۇ
نېمىشقىدۇر خۇشال، تېتىك، چاققانلىشىپ
قالغانىدى. قارىغاندا گۆر ئۇنىڭغا ياققانىدى.

— ئوڭدا، دوم، يېنىچە يېتىپ باق-
تىم، كۆڭلۈمدىكىدەكلا بوپتۇ، رەھمەت
باللىرىم،— دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن،— گۆر-
گە مەندىن بۇرۇن ئىت، تۈلكە كىرىۋالمى-
سۇن، ئاغزىنى بېكىتىۋېتىڭلار،— بوۋاي
ئىككى ئوغلى كېسەك بىلەن بېكىتىپ،
ئۈستىنى كۆمۈۋەتكەنگە قەدەر قاراپ ئول-
تۇردى. ئاندىن يەنە خاتىرجەم بولماي
ئالاھىدە تاپىلىدى،— مەن كىرىپ يېتىشتىن
ئىلگىرى چوڭراق نەۋرىلەر ئىككى-ئىككى-
دىن ئالمىشىپ قارىسۇن. بولمىسا ئىت،
تۈلكىلەر كىرەلمىگەندىمۇ، كەپسىز باللار
كىرىپ ئىچىنى بۇزۇۋېتىدۇ...

بۇنىسى ئوشۇقچە غەم بولسىمۇ،
باللىرى ماقۇل بولدى ۋە دادىسىنىڭ كۆزى-
چە گۆرگە نۆۋەتلىشىپ قارايدىغان باللار-
نى ئورۇنلاشتۇردى. بوۋاي شۇندىن كې-
يىنلا سەل-پەل خاتىرجەم بولغانىدەك
بولۇپ زەمبىلگە چىقتى، يولدا كېلىۋېتىپ
ئۇ:

— ئەمدى ئاخىرەتلىكىمنى تەييارلا-
ۋېرىڭلار!— دېدى.

يەتتە تىللا ھەققىدە ئېغىز ئاچىدى-
غان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى، لېكىن بو-
ۋاي ھېچنېمە دېمىدى. شۇ ئاخشىمى ئې-
غىر ئەل ياتقۇ مەھەلىدە ئۇ پالەچ بولۇپ
قالغانىدەك دەسلەپ بىرەر سائەتكىچە پەي-
لىرى تارتىشىپ، چاقىلداپ تىترەپ چىق-
تى. كېيىن قورۇق ھۆ قىلىپ، قان سەپرا
قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىگەن
باللىرى بوۋاينىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى
بىلىشتى ۋە رازىلىق سوراپ، ئۇنىڭ ئىس-
مىنى چاقىرىشىپ تۇردى. بوۋاينىڭ بىر
نەرسىلەرنى دېگۈسى باردەك قىلاتتى
ئەمما ئۇ ھېچنەرسىنى دېيەلمەيتتى ۋە
چاقىرىشلارغا جاۋاب بەرمەيتتى، ئۇ ئاللى-
قاچان تىلدىن قالغانىدى.

ئۇ يۇلتۇز تارقىغان مەھەلدە جان
ئۈزدى. ئۇ، باللىرىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ
يىغا-زارىغا كۆمۈلۈپ، كېسەكتە قوپۇرۇل-
غان يېزا مەسچىتىنىڭ بامدات نامىزىغا
ئۈلگۈردى. ئاش ۋاقتىغىچە ئۆزى تىرىكلى-
كىمدە يېتىپ باققان گۆر ئۈستىدە بىر يې-
رىم گەز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قەبرە پەيدا
بولدى. يەتتە تىللا ھەققىدە ھېچقانداق
ۋەسىيەت قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئۈچ
بالا ئۈچۈن يەتتە تىللا مىراس قالغانلى-
قى شۈبھىسىز ئىدى. بوۋاي جان ئۈز-
گەندە ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىز دەرقەم-
دە تۇرۇپ، دادىسىنىڭ «ئەڭگۈشتەر» جىت-
لىتكىسىنى سالدۇرغان، ئۇنى دادىسىنىڭ
يەنە بىر تەۋەررۇك يادىكارى بولغان تۆندىكە
قاپلىق ئۆرۈس ساندۇقىغا قاچىلاپ، ئۈچەي-
لەن تەڭ قۇلۇپ سالغان ۋە بىردىن ئۈچ
بالىسىنى قاراشقا قويغانىدى. تىللالارنى
ئىككىدىن ئۆلۈشۈپ، ئاشقان بىرىنى نەزىر-
گە ئىشلەتمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈپمۇ قوي-
غانىدى.

تۇپراق بېشىدىن قايتقاندىن كېيىن،

تۈندىكە قاپلىق ئورۇس ساندۇقى ئېچىلدى. قانداق سېلىنغان بولسا شۇ پېتى تۇرغان جىلتىكە ئېلىنىپ، ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داستىخانغا قويۇلدى. جىلتىكىنىڭ قولتۇقى ئۆرۈلدى، بىشۇ خالتا بار ئىدى، لېكىن بىشۇ خالتىدا تىللالار كۆرۈنمەيتتى. بىشۇ خالتىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى سۆكۈلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، خالتىدا، ھەر ھالدا بىر نەرسە ساقلانغانلىقى ئېنىق، ئەمما ھازىر ئۇنىڭدا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئۈچەيلەن بىر-بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. گەرچە سىڭلىسى تۇپراق بېشىغا بارمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن شەكلەنگۇدەك ئاساس يوق ئىدى. ساندۇق ساق، قۇلۇپ ساق، ئىككى ئوغۇلنىڭ باللىرى ساندۇقنىڭ يېنىدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلمىغانىدى. كېلىنلەر مۇساندۇقتا ھېزى بولۇپ، كۆز-قولاق بولۇشقانىدى.

ئۈچ بىر تۇغقان جىلتىكىنى قاتتىقتىن سۆكۈپ، ساندۇقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قاراپ بېقىشتى. بىر تال تېرىق يوقالغان بولسىمۇ تېپىلارمىدىكەن، تىللالاردىن ئەسەر يوق ئىدى. ياتلارنىڭمۇ ئىچى سىيرىلغۇدەك يىغا-زارە مانا شۇ چاغدا باشلاندى. تۆكۈلگەن ياشلار ئۈمىدلىنىپ ئېرىشەلمىگەنلىكمۇ، ئىشىنىپ ئالدانغانلىقمۇ، سىڭدۈرگەن ئەجىرنىڭ ھەننىۋاسىنى شامالغا سېلىپ بەرگەنلىكمۇ ئورتاق ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۈمىدىنى ئۆز دادىسىغا بېغىشلىغان، ئۆز دادىسىغا ئىشەنگەن، ئەجىرنىمۇ دادىسى ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقتىن، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، غۇمىنى سىرتقا چىقىرالمايتتى. ئاكا، ئىنى، سىڭلىنىڭ پەيكىرى ئۇچتى، دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى بىسات ئاساسەن ئۇلار ئېپكەلگەن نەرسىلەر بولۇپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭكىنى ئېلىپ كەتتى. ئەسكى پالاس، تەكچى بىرنەچچە قۇر كونا كىيىم، پۇچۇق ھېجىر دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ «مىراس» دەپ تەقسىم قىلىنغۇچىلىكى بولمىغانلىقتىن، نەۋرىلەرنىڭ ئويىنىشىغا ئەسقاتتى. پۈتۈنىرەك «مىراس» بىر ئېغىز كونا ئۆي ئىدى. لېكىن نامدا ئۆي ئاتالغان بۇ كەپىنى بۇ چەت يېزىدا پۇلغا ئالىدىغان خېرىدارنىڭ چىقىشىمۇ يوق گەپ ئىدى.

ئۈچ بىر تۇغقان ئوتتۇرىسىدىكى دادىللىرى بار چاغدىكى باردى-كەلدىلەر تۈگىدى. غايىب بولغان يەتتە تىللا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قۇرۇتقان، تەنلىرىنى پۈككەن، ئاچچىق ئەلەم قېرىنداشلىق مېھرىنىمۇ دەز يەتكۈزگەنىدى. ئايلار ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى كېسەل چىرماپ، بىردەم چوڭى، بىردەم ئوتتۇرانچىسى، بىردەم كەنجىسى بىتاپ بولۇپ تۇردى. دەرد ھەممىدىن بەك باللارنىڭ كەنجىسىنى چىرمايتتى. ئۇ ئېرىدىنىڭ تاپا-تەنىسىدىن قۇتۇلالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاخىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. پات-پاتقان سەپرا قىلىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. قولۇم-قوشنىلار بۇ ئۈچ تۇغقاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. يەتتە تىللا ھەممەيلەن بىلىدىغان چۆچەككە ئايلانغاچقا، ئۇلارنىڭ نۆۋەت بىلەن بەزىدە بىراقلا ئاغرىپ قېلىشىدىن ھەممەيلەن تىللالارنىڭ دەردى، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ كىچىكى — ئىككى ئوغۇلنىڭ سىڭلىسى دادىسىنىڭ يىل نەزىرىسىگە ئۆزىنىڭ

ئۆلۈملۈك لەززىتىنى قوشۇپ بېرىشىپتىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بۇ تەلەپنى ئورۇنلىماي دېيەلمىگەن ئېرى ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنى چاقىرىپ كېلىپ مەسلىھەت قىلىشماقچى بولدى. ئاكىلار كەلدى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە نېمىدەپ ئىپادە بېرىشنى بىلمەي، شۇ سورۇندا بار مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىغا قاراشتى. ئىمام كۈتۈلمىگەندە بىر يىلدىن بېرى ئۇنتۇلمىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئېغىزغا ئېلىشنى خالىمايۋاتقان يەتتە تىللادىن سۆز ئاچتى:

— يەتتە تىللا ھەققىدە مەرھۇم ۋەسىيەت قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ گۆرىدە خاتىرجەم يېتىشىدىن ئۈمىد كەم. تىللالار ئۇنىمۇ خاتىرجەم ياتقۇزمايدۇ، ۋاللاھۇ ئالەم! شۇڭا ھەر بىرلىرىگە مەقبۇل بولسا، گۆرنى ئېچىپ بېقىشقا مەسلىھەت بېرىمىز. مەرھۇم تىنچ ياتالمىسا، يەر يۈزىدىكى يېقىن كىشىلىرىدىن بەتاپلىق كەتمەس، دەيدىغان ھۆكۈم بار...

مۇشۇنداق ئەنئەنە بارلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىك گۆرنى ئېچىپ باقماقچى بولۇپ كېلىشتى.

قەبرىستانلىقتا پۈتۈن كەنت يىغىلدى. جەسەت ئاللىقاچان چىرىپ بولغانىدى، چوڭ ئوغۇل سۆڭەكلەرنى يىغىپ قويۇش ئۈچۈن گۆر ئىچىگە كىرىپ، كەتمىنىنى ئۇياق-بۇياق قىلا-قىلمايلا ئەنسىز توۋلىۋەتتى. پەسكە ئېگىلىشىپ قارىغانلار مۆجىزىدەك بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئاھ دېيىشتى. بىۋاينىڭ ئىسكىلىتىنىڭ يۇقىرى بېقىنىدا، دەل قولتۇق ئاستىدا كۆكۈش قۇم ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان يەتتە تىللا سىرتتىن كىرىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ كۆز چېقىپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

**«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇڭ**

«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» كەڭ مۇشتەرىلەرنى «ماياك»، «مۇھاكىمە ۋە ئوبزور»، «كۆزنەك»، «تەرمىلەر»، «چىمەنزار» قاتارلىق سەھىپىلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى يوليورۇقلىرى، يېڭى نەزەرىيە، يېڭى قاراش، يېڭى ئۇچۇر، قىسقا، مەزمۇنلۇق، پىكرى چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە ئوبزورلار، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەب - سەنئەتكارلىرىنىڭ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ داڭلىق ئەدەب - سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.

تەھرىر بۆلۈم بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ھەر قايسى جەمئىيەت ئەزالىرى جەزمەن مۇشتەرى بولۇشى كېرەك. جايلاردىكى باشقا يولداشلارنىڭ كوللېكتىپ مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.

گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى 3.60 يۈەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلەشكۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام

تېلېفون نومۇرى: 415343، پوچتا نومۇرى: 830000

**«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى**



ئابدۇراخمان قاھار

# ئانا خاراكتېرى

(ھېكايە)

مەن ئانا مېھرى، ئانا خاراكتېرى توغرىسىدا يازماقچى بولدۇم. بۇ چوڭ تېمىنى ئىپادىلىمەك قىيىن. بىراق بەزىبىر تۇرمۇش ئۈزۈندىلىرى چوڭ تېمىلارنىمۇ ئېچىپ بېرەلىشى مۇمكىنغۇ دېگەن ئويغا كەلدىم.

1

ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان ئانام ئېسىمگە كەلدى-دە، ئۇنىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى:

بىر كۈنى ئانام ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تېخى ئەللىككىمۇ تولمىغان مەزگىلى ئىدى. ئۇ پات-پات ئاغرىپ قالاتتى، لېكىن دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە، دورا ئىچىشكە قىزىق ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يېتىپ قېلىشى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇرۇن ئاغرىپ قالسا، بىرەر ئىككى كۈن يېتىپلا تۇرۇپ كېتەتتى، بۇ قېتىم يېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تامىقى بارغانسېرى ئازلاپ، ئۇسسۇزلۇقلا ئىچىپ ھالسىراپ كەتتى. پۇتلىرىنىڭ ئىششىۋاتقانلىقى بىلىندى. دوختۇرنى ئۆيىگە باشلاپ كىردىم. ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— بالنىتسىدا يېتىپ داۋالانغىنى ياخشى، ئاغرىقى خېلىلا بار، — دېدى. لېكىن ئانام بۇرۇنقىدەكلا:

— بولدىلا، ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالىمەن، — دەپ ئۇنىمىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق ئىككى خىل دورا يېزىپ بەردى. مەن شەھەرنى بىر كۈن ئايلىنىپ، ئاشۇ ئىككى خىل دورىنى ئاران تېپىپ كەلدىم. ئانام دورىنى بىر ھەپتە ئىچكەن بولسىمۇ، كېسىلى ياخشىلانمىدى، ئەكسىچە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىشكە كۆندۈردۇم-دە، تەسلىكتە ھارۋىغا سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. ئانام ماڭالمايتتى. ئۇنى ھاپاش قىلىپ، كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ ئۇستىخانلىق،

بەستەملىك ئايال بولغاچقا، مەن ھا-
سراپ-يوشۇلداپ كەتسەم كېرەك ئەتە-
مالىم، ئانام:

— ۋاي جېنىم بالام، مېنى كۆتۈرسەڭ-ەن
دەپ، قىينىلىپ كەتتىڭمىز-ھە؟ — دېدى.

— ياق، ئاپا، قىينالمىدىم، — دېدىم
مەن يالغان ئېيتىپ.

— زورۇقۇپ قالمىسىڭمىز بولاتتىغۇ...

دوختۇر ئۇنىڭ بالنىستىدا يېتىشى
كېرەكلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئانام:

— بالام يالغۇز، قىينىلىپ قالارمىكىن، —
دەپ تۇرۇۋالدى. دوختۇرنىڭ بىردىنلا جىۋ-
دۇنى تۇتتى. ئۇ ئاچچىقلىنىپ:

— بالنىستىدا يېتىپ داۋالانمىسىڭمىز
قەتئىي بولمايدۇ! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالنىستىدا يېتىشقا
ناىلاج كۆندى. داۋالاش تېز، جىددىي
ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. دوختۇرلار ھې-
لىمىدىن-ھېلى كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. بى-
راق شۇنچە، نۇرغۇن تىببىي ياردەملەر بېرى-
لىۋاتقان بولسىمۇ، ئانام كۈندىن-كۈنگە
بوشاپ كېتىپ باراتتى. ئىككى ھەپتە ئىچىـ
دە چىرايى بىر قىسما بولۇپ، مەڭزى ئى-
چىگە كىرىپ، كۆزلىرى پەلدىرلاپ قالدى.
قوللىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆكىرىپ كەتتى،
ئانامغا مومام قارايتتى، مەن ئەتىگەندە، كەچ-
تە كېلىپ تۇراتتىم. بىر كۈنى كەچتە كەل-
سەم، ئانامنىڭ مىجەزى بەكلا بوشاپ قاپ-
تۇ، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. كۆ-
زۈمگە ياش كەلدى، مەن يىغىسىمنى كۆر-
سەتمەسلىك ئۈچۈن زالغا چىقىپ كەتتىم.
بىچارە ئانام، مېھرىبان ئانام، — دەپ ئويلى-
دىم مەن، — دادامدىن يىگىرمە ئۈچ يېشىدا
تۇل قاپتىكەن، بىزنى ئۆگەيلىك تارتىپ
قالمىسۇن، دەپ قايتا ياتلىق بولماي، ياشـ
لىقىنى، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى بىزگە قۇر-
بان قىلىۋەتتى... ئەمدى ئاغرىسىمىز ئاشقا
يەتكەن چاغدا... خىياللىرىمنى داۋاملاش-
تۇرۇشتىن قورقۇپ، ياشلىرىمنى ئېرتىپ،
ئۆزۈمنى بىر قۇر ئوڭشاپ ياتاققا
يېنىپ كىردىم، ئۇ ماڭا نۇرسىز كۆزلىرىنى
تىكىپ ئۇزاققىچە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن
مېھرىبانلىق، بىزنى قىيالمايۋاتقانلىقى
چىقىپ تۇراتتى. ھالى ئۇساللاپ كېتىۋاتقان
ئادەم بېشىدا قاراپ تۇرغانلارنى قورقۇتۇپ
قويماسلىققا، ئۇلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلىشقا
ئىنتىلمىدىكەن. ئۇ ئۆزىنى ياخشىلىنىۋاتقاندەك
كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، كۈچەپ تۇرۇپ
جىلمىيىپ قوياتتى.

— تاماقتىن قىينىلىپ قىلىۋاتقانسىز،
تايىنلىق، — دېدى ئۇ ماڭا زەئىپ ئاۋازدا.

— ياق ئانا، قىينالمىدىم، مەندىن
غەم قىلماڭ. تاماقنى مەكتەپ ئاشخانىسى-
دىن يەۋاتىمەن.

— ياقىلىرىڭمىز كىر بولۇپ قاپتىغۇ،
بالام؟

— ھەدەم كۆڭلەكلىرىمنى يۇيۇپ بەر-
گەن، يۆتكىۋالىمەن دەپ ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن.

ئۇ قىلچە ئۆزىنى، ئاغرىقىنى ئويلى-
مايتتى، غېمى بىزدىلا ئىدى. مەن بالىغا
بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئانىمىنىڭ ئۆز جې-
نىدىنمۇ ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ
چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئانام
تاماقتىنمۇ، گەپتىنمۇ قالدى، كۆزىنىمۇ
ئاچالمايتتى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ بېشىغا
ئولاشتۇق. ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشىنى، بىرەر
ئېغىز گەپ قىلىشىنى— ئاخىرقى گەپ-سۆزلى-
رىنى ئاڭلىۋېلىشنى زارىقىپ كۈتەتتۇق.
لېكىن ئۇ گەپمۇ قىلمايتتى، كۆزىنىمۇ

ئاچمايتتى، ئۇموماملىق: «ھەي جېنىم بالام،
ئۆۋەت مېنىڭ ئىدى، نېمە تەقدىردۇ بۇ،
كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، بالىلىرىڭىزغا بىر قاراڭا»
دېگەن ئېچىنىشلىق زارلاشلىرىغا جاۋابىمۇ
قىلمىدى، ئۇنىڭ تىنىقى پەسلەپ كەتكەنىـ
دى. بىز يىغا-زارە قىلىشىپ كەتتۇق، شۇ
ئارىلىقتا ئايال دوختۇر كىرىپ، بۇ ئېچىـ
نىشلىق مەنزىرىنى كۆردى-دە:
— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، قاراڭ، بالىـ
لىرىڭىز سىزگە قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى.
بىلمىدىم ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت
ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇ چىرايىنى پۈـ
رۈشتۈرۈپ، كۆزىنى كۈچ بىلەن ئاچتى،
ئاچقانىدىمۇ يوغان ئاچتى. گويا پەسلەپ
كېتىپ بارغان لەگلەك بىردىنلا كۆتۈرۈلـ
گەندەك بىزدە ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ
ماڭا، ھەدەمگە تىكىلىپ قارىدى ۋە گەپ
قىلماقچى بولۇپ، قانسىز لەۋلىرىنى جۇپـ
لەشتۈردى، ئاندىن ئاستا ئاچتى، شۇ چاغـ
دا ئۇنىڭ تىلى كۆرۈندى. كەينىدىن يەنە
جۇپلىشىپ قالدى. مەن بۇ جانسىز ھەرىـ
كەتلەردىن: «بالام» دېگەن ئۇقۇمنى چۈـ
شەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇمۇلغان
كۆزلىرى قايتا ئېچىلمىدى، ئۇ جان ئۈزـ
گەنىدى.

يېرىم كېچە مەزگىلى ئىدى. ئۇنى
قولھارۋىسىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ چىقتۇق.
يولدا كېلىۋېتىپ، موماي ماڭا يىغلاپ تۇـ
رۇپ:
— ئاپىڭىز ئارماندا كەتتى. قايسى
كۈنى ماڭا: «ئوغلۇم جاپا تارتىپ قالدىـ
غان بولدى، ئۆيلەپ قويغان بولساق، تۇرـ
مۇشتا قىينالمايتتى» دېگەنىدى، — دېدى.
ئانامنىڭ ئۇلار ھالدىمۇ مېنىڭ غېمىمنى
قىلغانلىقىدىن يۈرەك-باغرىم ئۆرتىنىپ
كەتتى ...

مېنىڭ يۈرىكىمدە بىر داغ قالغانىـ
دى. بۇ نېمە داغ؟ مەن ئۆمرۈمدە ئانامنى
قىلچە رەنجىتمىگەن، ئۇنى ھۆرمەتلەپ،
كۆتۈپ كەلگەنىدىم، ئۇنى رازى قىلىشنىلا
ئويلايتتىم، ياشلىق قىلىپ ئىچىپ قويۇپ
سەل قىزىرىپ قالسام ياكى ئىچىپ قويغانـ
لىقىم بىلىنىپ قالغۇدەك بولسا، ئانام ئوغـ
لۇم مېنى ھۆرمەت قىلمىدى دەپ قالارمۇ،
دېگەن ئوي-خىياللار بىلەن بويتاق ئاغىنىـ
لىرىمنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالاتتىم. ئەمما
بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالدى:
مەكتەپتە بىرى بىلەن قاتتىق تاكاللىشىپ
قالدىم. ئۆيگە كىرسەم، ئانام سەي قورۇـ
ۋاتقانىكەن، تېخىچە تاماق تەييار بولماپـ
تۇ-دە، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى باسالماي
ئۇچامدىكى كاستيۇمنى يېشىپ، ئۇنى كاـ
رىۋاتقا ئاچچىق بىلەن ئاتتىم. ئانام مېنىڭ
ئاچچىق قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ: «مانا
بالام، خېمىرمۇ تىندى، ھازىرلا سوزىمەن»
دەپ ئالدىراپ بىردەمدىلا تاماق تەييار
قىلدى. بۇ قىلغىنىمغا شۇئان پۇشايمان قىلـ
دىم. ئۇ 30 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولـ
سىمۇ، مېنى ھازىرغىچە قاتتىق ئازابلاپ
كەلمەكتە. مەن تۇرمۇش يولۇمدا نۇرغۇن
ئازابلارنى تارتقان، ئۇلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى،
لېكىن ئاشۇ ئازابىم بۈگۈنگىچە ئۇنتۇلغـ
نى يوق، يۈرىكىمدىكى داغ ئاشۇ ئازابـ
تىن قالغان.

مانا بۇلار بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار.
لېكىن بۇنىڭدىن ئانا مېھرى، ئانا خاراكـ
تېرى تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەن بولۇشى
مۇمكىن. شۇڭا ئۆزۈم كۆرگەن بىر ئىشنى
يازسام، بەلكى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىم توـ
لۇقراق ئايان بولار، دېگەن ئويدىمەن.

2

بىزنىڭ هاشىر گىمىلىك بىر قوشـ
نىمىز بار ئىدى. ئىككىمىز ياخشى ئۆتەتـ
تۇق، ئۇلار بىر ئائىلىدە ئانىسى، ئايالى،
ئۈچ ئوغلى بولۇپ ئالتە جان بار ئىدى.
ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خاتىرجەم ئەمەس
ئىدى، پات - پات جېدەل - ماجىرا چىقىپ تۇ-
راتتى. هاشىرنىڭ تۆۋەن مائاشى بۇ ئائىلىنىڭ
يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكلىرىنى قامدى-
يالمايتتى. جېدەل - ماجىرا كۆپىرەك مۇشۇ
ئىشتىن تۇغۇلاتتى. مەن بارا - بارا هاشىرنىڭ
ئانىسىنىڭ بۇ ئائىلىدە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ
قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. تاماق ۋاقتىدا
ئانىسى شىرەگە كەلسىمۇ - كەلمىسىمۇ تاماق
يېيىلىۋېرەتتى. ئەگەر قولۇم - قوشنىلارنىڭ-
كىگە چىقىپ كېتىپ، يېنىپ چىققان ۋاقتى
تاماق ئۈستىگە توغرا كېلىپ قالسا، هاشىر-
نىڭمۇ، ئايالى خاتىرجەملىكمۇ قاپاقلىرى تۇ-
رۇلۇپ كېتەتتى. ئەكسىچە ئۇ بىرەر يەر-
گە كېتىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسا،
هەر ئىككىسى ئېچىلىپ كېتەتتى. هاشىر-
نىڭمۇ، خاتىرجەملىكمۇ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ
قالىدىغان مۇنداق روهىي هالەتلەرنى دا-
ئىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىم، تېخى مەن
پات - پات هاشىرنىڭ نېمە ئىشلار تۈپەيـ
لىدىندۇر ئانىسىغا كايىۋاتقانلىقىنى هەتتا
بەزىدە تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.
بىر قېتىم كېچىسى هاشىرنىڭ تۆت ياشـ
لىق ئوتتۇرانچى ئوغلى ئامراقلىق قىلىپ
موماسى بىلەن بىللە ياتماقچى بولغاندا،
هاشىر:

— هە، باي بولاي دەمسەن، — دېدى
ئوغلىغا، ئوغلى هېچنېمىنى چۈشەنمەي دادى-
سىغا قارىدى. هاشىر يەنە:

— هەي دۆت، شۇنىمۇ ئۇقمىدىڭمۇ؟
موماڭ بىلەن بىللە ياتساڭ پىتقا باي بو-
لىسەن، دەۋاتىمەن، — دېدى.

مەن هاشىر بىلەن بىردەم پاراڭلى-
شىپ چىقاي، دەپ بۇ ئۆيگە كىرگىنىمگە
يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدىم...

هاشىرنىڭ ئانىسى قاچانلا بولسا،
غەمكىن يۈرەتتى. يۈزىگە چۈشكەن هەر
بىر تال قورۇق، كۆزلىرىدىكى پىلىلدىرلىغان
نۇر، تۇرقىدىكى مەيۈسلۈك ئۇنىڭ قايغۇ،
ئەلەم - هەسرەتلىرىنى سۆزلەۋاتقاندەكلا
قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىمۇ هېچقانداق نەر-
سىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ساندۇقتا يۈرەك-
لىك قول سالالمايتتى. بىر پارچە ناننى
بەخۇدۇك ئېلىپ يېيەلمەيتتى، كۆڭلى
تارتقان تاماقنى ئەتكۈزەلمەيتتى، هەتتا
ئاغزىدىن چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلال-
مايتتى. ئوچاقتا ئوت قالاشنىمۇ كېلىنىدىن
سورايتتى. هەرقاچان كېلىنى بۇي-
رۇغان ئىشلارنىلا قىلاتتى. كېچىكتۇرۇپ
قويسا دەشنام يەيتتى، موماينى مەن كۆپ
چاغلاردا، كوچىلاردا، بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ئو-
تۇن تېرىپ يۈرگەن هالدا كۆرەتتىم.

بىر كۈنى هويلىدا تۇيۇقسىز جېدەل
چىقىپ كەتتى، ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆي-
دىن يۈگۈرۈپ چىقتىم، هاشىر ئانىسىنى
پېشايۋان تۈۋرۈكىگە نىقتاپ، كېلىنى بو-
غۇۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن تىل-
هاقارەتلەر قار - يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈۋېتىپتۇ:

— سەن كىچىك بالىمۇ، ئۆلمەيدى-
غان قېرى! كۈندە پېشانىمىزنى تەرلىتىپ
ئولتۇرۇپ بىر ۋاق تاماق يەيمىزغۇ - هە!
مۇشۇ قېرى جېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش
بىر تەخسە لەگمەن يەيسەنغۇ ئاچكۆز!
سېنى تويغۇزغىلى بولارمۇ، يە يەيدىغىنىڭ-
نى يەپ، كىيىدىغىنىڭنى كىيىپ بولمىغانمى-

دىلىڭ، ئەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرگۈچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ، دەججال!

مەن ئىتتىك كېلىپ، ھاشىرنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان قولىنى ئاپىسىنىڭ كېلىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتىم. ئاپىسى يېرىم ھوشسىزلىنىپ شۇئان يىقىلىپ چۈشتى. يۈزلىرى پوكانىدەك قىزارغان، بويۇن تومۇرلىرى كۆپكەن، كۆزلىرى تېشىغا پۈلتىيىپ چىقىپ دەھشەتلىك يېنىپ كەتكەن ھاشىر ئاپىسىغا قاراپمۇ قويمايتتى. پۈتۈن تۇرقىدىن ئەسەبىيلىك چاچراپ تۇراتتى. ئايالى خاتىگۈل كۆز ئالدىدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك بۇ ياققا قايرىلىپمۇ قويماي، قازان بېشىدا بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. ھاشىرنىڭ قورقۇپ كەتكەن ئالتە ياشلىق چوڭ ئوغلى مومىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ يىغلاۋاتتى. مەن مومايىنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. مومايىنىڭ كۆزىدىن ئاققان بىر تامچە ياش قورۇق چۈشۈپ كەتكەن مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى. ئىچىم سىيرىلىپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، چىدىيالماي قالدىم، بېشىم پىرقىراپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن بىر ئىشنى كۆرۈۋاتاتتىم.

— خەيرىنساخان ھەدە كۆزلىرىنى ئاچسىلا ...

ئاڭغىچە چىرايىدا قان قالمىغان ئايالىم كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن مومايىنى ئالدى-دە، پېشانىسىگە يېپىلغان ئاپئاق، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ يۈز-كۆزلىرىنى سىيلىدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغانىدى. موماي كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئايالىم ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ پېشايۋان ئۈستىدىكى بوغولۇككە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— نېمە بولدى، ھاشىر، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاران-ئاران بېسىپ. ئۇ ئاغزى-ئاغزىدىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى:

— قارىمامسەن، ئاداش، — ئۇ ھازىرىغىچە جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۆڭى ئۆچكەن ئىدى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، — بىر دەم كۆڭلۈمگە قالمىدى دەۋاتقان، بىر دەم تويمىدىم دەۋاتقان، نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ بۇ قېرىغا! ئىتتىنىڭ ئۆلۈكىمىدەك كوچىغا ئەپچىقىپ تاشلىۋەتكىنىم يوققۇ، ئاتا-ئانىسىنى باقالماي، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن نى-نى ئوغۇل باللارنى كۆرمىدۇقمۇ؟ يا مەن شۇنداق قىپتىمەنمۇ!؟ ھېلىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە بېقىۋاتىمەنغۇ. شۇنىڭغا شۈكرى قىلسا بولمامدۇ!

لەۋلىرى گەز باغلاپ چىرايى موردىدەك تۇسكە كىرگەن موماي يېرىم چىنە سوغۇق سۇ ئىچكەندىن كېيىن، تىلى ئاران گەپكە كەلدى:

— ھەي، جېنىم بالام قادىر، — دېدى ئۇ ماڭا يىغلامسىراپ، — ئىككى كۆڭلىكىم بار، كۆرۈۋاتىسىلەر، ئۇچامدا تۇرغۇدەك ھالىمۇ قالمىدى، ھېلىمۇ نەزىر-چىراغقا بارسام مومىڭىزنىڭ كۆڭلەكلىرىنى سوراپ كىيىپ بارىمەن. تۆت مېتىر چىت ئەكېلىپ بەر بالام ئۆزۈم قولۇمدا تىكىۋالاي، دېۋىدىم، شۇ گېپىم ئۇشۇق كەتتىمىكىن، ئاخشام قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ ئۇخلىيالماي، تاختېيىشىدىن بىر بۇردا نان ئېلىپ يېۋىدىم، ئۇنى خاتىگۈل كۆرۈپ قالغان، يا شۇ ئىشىم ئۇشۇق كەتتىمىكىن، ھېچ بىلەلمىدىم، بۈگۈن ...

ھاشىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن گېپىنى تارتىۋالدى:

— ئاخشاملىما-ھە، ئاخشاملىما، دائىم

نان ئۇغرىلاپ يەيدىغىنلىق يالغانما؟
ــ قورسىقىم تويمىغاندىكىن، يېسەممۇ
يېگەندىمەن، بالام. ئادەم قېرىغاندا شۇن‍ـ
داق بولىدىكەن.
ــ سېنىڭدەك ئاچكۆزنى كۆرمەپ‍ـ
تىكەنمەن.
ــ راست بالام، ئاچكۆز دېسەڭمۇ،
تويماس دېسەڭمۇ راست... خۇدايىم باللار‍ـ
نىڭ قولىغا قېلىشقا نېسىپ قىلمىغاي.
هاشىرنىڭ ئاپىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكە‍ـ
نىڭ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكى راست ئىدى. ئۇ
توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا بارسا دائىم
مومامنىڭ كۆڭلەكىنى سوراپ كىيىپ باراتـ
تى. بەزىدە مومام ئۇنىڭ ئاپىرىدىغان بو‍ـ
سۇتلىرىنىمۇ بېرەتتى. قايسى كۈنى خاتى‍ـ
گۈل تونۇر بېشىدا نان يېقىۋېتىپ، بىر
تونۇر نان ياقسام ئۈچ كۈن يەتمەيدۇ
بۇ گۆردە، يا چوڭى چوڭ بولۇپ، نەپسىنى
تارتمىغان، يا كىچىكى، دېگەنىدى. شۇ چاغ‍ـ
دا خەيرىنىساخان هەدەم تونۇر بېشىدا
كېلىنى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ تەنى‍ـ
لىك، ئاچچىق گەپلىرى سۆزسىزكى، خەي‍ـ
رىنىساخان هەدەمگە قارىتىلغانىدى. بۇ ياۋاش
مومايغا قىرىچە ـ يېنىچە تېگىپ تۇرۇش خا‍ـ
تىگۈلنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى، ئۆتكەندە
بىر قېتىم هاشىر بىلەن پاراڭلىشىپ چىقاي
دەپ ئۇلارنىڭكىگە كىرىۋىدىم، تاماق ئۇس‍ـ
تىگە كىرىپ قاپتىمەن. ئۇلار تامىقىنى ئەم‍ـ
دى يەي دەپ تۇرۇپتىكەن، مەن تاماق
يەپ كىرگەنىدىم، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي،
خاتىگۈل ماڭا يېرىم تەخسە لەڭمەن سېلىپ
قويدى. خەيرىنىساخان هەدەمگىمۇ يېرىم
تەخسە لەڭمەن سېلىپ بېرىپتۇ. تاماق
يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ماڭا
يەنە زورلىدى، مەن ئاتايىن: ماڭا مۇشۇمۇ
ئارتۇق بولۇپ كەتتى، خەيرىنىساخان هە‍ـ
دەمگە سېلىپ بېرىڭلار، دېدىم. خەيرىنىسا‍ـ
خان هەدەم يا يەيمەن، يا يېمەيمەن، دې‍ـ
مىدى (بەلكى يەيمەن دېيەلمىسە كېرەك).
ئەمما بىرەرسىمۇ: ئاپا يەمسەن دەپ قويمى‍ـ
دى. خاتىگۈل گېپىمنى ئاڭلىماسقا سالدى.
هاشىر بولسا ئاپامنىڭ يەيدىغىنى شۇنچىلىك
دېدى. مومايىنىڭ ماڭا مۇلايىم قىياپەتتە
لاپ ـ لاپ قىلىپ قاراشلىرىمۇ شۇنىڭدىن
دالالەت بېرىپ تۇراتتى. نېمىشقا كىرگەنى‍ـ
دىمەن، نېمىشقا مۇشۇ ئېچىنىشلىق مەنزى‍ـ
رىنى كۆرگەندىمەن، دەپ ئويلىدىم. قىلماق‍ـ
چى بولغان پاراڭلىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ
كەتتى. هاشىر گەپ قىلىۋاتاتتى، لېكىن
قۇلاقىمغا كىرمەيتتى. خۇددى بىرى گېلىمى‍ـ
نى بوغۇۋالغاندەك قىينىلىشقا باشلىدىم.
خاتىگۈل ماڭا چاي قىلىشقا تەرەددۇت قى‍ـ
لىۋاتاتتى. ئاشۇ چاينى ئىچكۈچە زەهەر
ئىچكىنىم ياخشى، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ها‍ـ
شىرنىڭ شۇنچە تۇتۇۋېلىشلىرىغا ئۇنىماي،
ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئۆيگە كىرىپ يې‍ـ
رىم كېچىگىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بىچارە
مومايىنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئاشۇ يېرىم
تەخسە لەڭمەننى ئۈن ـ تىنسىز يېيىشلىرى،
ئارىلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى، ماڭا
قاراشلىرى، بۇ ئىشلار خىيالىمغىمۇ كىرمىگەن
هاشىرنىڭ شۇنداق خاتىرجەم ئولتۇرۇشلىرى،
خاتىگۈلنىڭ تېخى ئاش سۈيىنىمۇ ئىچىپ
بولمىغان تەخسىنى مومايىنىڭ ئالدىدىن يۇ‍ـ
لۇپ ئېلىۋېلىشلىرى كۆز ئالدىمدىن زا‍ـ
دىلا كەتمىدى. بىر بۇردا نان، بىر پارچە
لاتا ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىغا شۇنچىلىك رە‍ـ
هىمسىزلىك، ياۋۇزلۇق ئوتلىرىنى ياقالىغان‍ـ
لىقىغا ئەقلىم هەيران بولاتتى. ئانىنىڭ
كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا، دېگەن

ماقالىسىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنى مۇلا-
ھىزە قىلىپ بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا دې-
گەندە، بۇ بالا ئاتا - ئانىغا، ئاتا - ئانا بالىغا
كۆيگەنچىلىك كۆيمەيدۇ، دېگىنىمۇ، دېگەن-
لەرنىلا خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن، لېكىن
بۇنىڭ بۇنچىلىك قارا كۆڭۈللۈك، ياۋۇزلۇق-
لارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويى-
لاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

خەيرىنىساخان ھەدەم مومامغا مۇنداق
بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: بىر كۈنى
ئۇ كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، گۇدۇڭلىغان
ئاۋازنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقىپتۇ. قارىغۇ-
دەك بولسا، ھاشىر بىلەن خاتىگۈل پېشاي-
ۋاندا گۆش نان يەپ ئولتۇرغۇدەك. خاتى-
گۈل: مۇنۇ بىرىنى باللارغا ئېلىپ قويااي-
لى، دەۋاتقۇدەك. ئاڭغىچە ئۇلار مومايىنى
كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمما يا ھاشىر، يا خاتىگۈل:
ئاپا، تاماق يېمەمسەن، دەپمۇ قويماپتۇ.
ئىككىسى مومايىنى كۆرمەسكە سېلىپ،
بېشىنى كۆتۈرمەي ھە دەپ يەۋاتقۇدەك.
مومام بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەچە
ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتكەنىدى. مەن بۇ ئىش-
نى ئاڭلاپ: توۋا، ئاپىمنى ئۇخلىتىپ قو-
يۇپ، ئېتىپ يېگەن تامىقى ئۇلارنىڭ
كېلىدىن قانداقمۇ ئۆتكەندۇ، دەپ قات-
تىق ئازابلانغان ئىدىم. كىشىلەردىن
ئارزۇلاپ باققان بالا مۇشۇنداق مېھرسىز،
كۆيۈمسىز، قارا كۆڭۈل بولىدۇ، دېگەن
گەپلەرنى ئاڭلىۋىدىم، راست ئىكەن - دە،
مانا كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ. خەيرىنى-
ساخان ھەدەم ھاشىرنى شۇنچىلىك ئارزۇ-
لاپ باققان ئەمەسمىدى. ئۇ، ئەتىۋارلىق
بالا ئىدى. نېمە دېسە، ئاتا - ئانىسى
شۇنى قىلىپ بېرەتتى. مەھەللىدە ھېچ-
كىمنىڭ يۈمزىكى، ھېچكىمنىڭ خۇرۇم

سومكىسى، ھېچكىمنىڭ كاڭكىيىسى، تۆمۈر
چانىسى يوق چاغدا، ھاشىرنىڭ بار ئىدى.
ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغ-
دىلا خۇددى باي بالىلىرىدەك چېپەرقۇت
شىم - تۇجۇركا، ئۆتۈك - كالاچ كىيىپ
يۈرەتتى. شۇنچە ئېسىل كىيىم - كېچەك-
لىرىنى تالادا قىلىقسىزلىق قىلىپ لاي -
مەينەت قىلىپ ئۆيگە كىرسە، ئاتا - ئانىسى
ئۇنى بىر كاچاتىمۇ ئۇرمايتتى. مەن بالى-
لىق ئەقلىم بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سېلىش-
تۇرۇپ ئويلاپ كېتەتتىم: مېنىڭ ئاتا -
ئانام قانداق ئاتا - ئانا؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانى-
سى قانداق ئاتا - ئانا؟ يا بىز ئۇلاردىن
كەمبەغەل ئەمەس، نېمىشقا ئۇنىڭ دېگى-
نىنى قىلىپ بېرىدۇ، نېمىشقا مېنىڭ دېگى-
نىمنى قىلىپ بەرمەيدۇ؟ تېخى مەن ئۆي
ئىشلىرىنى ئۇنىڭدىن جىق قىلىمەنغۇ؟...

مۇنداق يۈرۈۋەرسەم بولماس، كۆڭ-
لۈمدىكى گەپلىرىمنى ئۇنى ئاغرىتىپ تۇ-
رۇپ ئېيتىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم - دە،
ئەتىسى ھاشىر بىلەن سۆزلەشتىم. خەيرىنى-
ساخان ھەدەمنىڭ ئۇنى قانداق ئارزۇلاپ باق-
قانلىقىنى ھازىر خەيرىنىساخان ھەدەمنىڭ
كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى، تارتىۋاتقان خارلىق-
لىرىنى، ئۆزى بىلەن خاتىگۈلنىڭ پۈتۈن
مەھەللە، قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا نەپرەتكە
قېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئاتا - ئانىنى بېقىش - كۈتۈش
بالىنىڭ قەرزى. ئاپاڭنى كۈتۈش ساڭا
ئېغىر كېلىۋاتقان بولسا، بۇ قەرزنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىساڭ، بولدى ئاپاڭغا
قارايدىغان، كۈتىدىغان يەر بار، ئۇنى
دارىلئاجىزغا ئاپىرىپ بېرەيلى، سەن
كۈتمىگەن ئانىنى ھۆكۈمەت كۈتىدۇ ياكى
بولمىسا ئۆيىنى ئايرىم قىلىپ قوي، بىز

يىغىش قىلىپ باقايلى، — دېدىم مەن ئۇ-
نىڭ جېنىدىن ئۆتكۈزۈپ.

ئۇ پوكالىدەك قىزىرىپ يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇردى. ئۈن - تىنىمۇ چىقارمىدى. مەن ئۇنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇشىدىن بىرئاز خاتىرجەملىنىپ قالدىم: ئۇ قىزاردى، ئىزا تارتتى، ئازابلاندى، ئەمدى ئاپىسىنى خارلىماس، خاتىنگۈلنىڭ خارلىشىغىمۇ يول قويماس، دەپ ئويلىدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. چۈشلۈكى خىزمەتتىن يېنىپ كەلسەم تېخى تاماق تەييار بولمىغانىكەن، پېشايۋانغا چىقىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردۇم. بىز تۇرۇۋاتقان ئۆي ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قىيپاش ئۇدۇل كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپ ئۆرۈك بولۇپ، ئۆرۈك راسا ۋايىغا يېتىپ پىشقان مەزگىل ئىدى. خەيرىنىساخان ھەدەم ئۆيىدىن چىقىپ، خۇددى ئوغرىلىقچا كىرگەن ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بويى يەتكۈدەك ئۆرۈكنىڭ بىر تال شېخىنى تۇتۇپ ئېغىتتى. ئالدىغا توكۇلاپ بىرنەچچە تال ئۆرۈك چۈشتى. نەق شۇ چاغدا نەدىنىدۇر خاتىنگۈل پەيدا بولۇپ قالدى.

— يائاللا، يائاللا... سىلىنىڭ دەستىلىرىدە ئۆرۈكلەرمۇ شېخىدا تۇرمايدىغان، ۋايىغا يېتىپمۇ پىشمايدىغان بولدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ۋاي جېنىم بالام، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈندى، بىر - ئىككى تال يەي، دەپ ئېغىتتىم... — دېدى موماي قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىنىش بىلەن كېلىنىگە قاراپ. موماينىڭ شۇ ھالىدىن پۇچۇلىنىپ يەرگە قارىۋالغانىدىم، خاتىنگۈلنىڭ ئاچچىق تىلى يەنە ئاڭلاندى:

— سىلىنىڭ بۇ نەپسىلىرى بولىدىكەن، بىر - ئىككى تال ئەمەس، بىر - ئىككى تۈپ بولسىمۇ، بىردەمدىلا... بىر - ئىككى تال دەيدۇ تېخى... بىلىپ قويسىلا، مەنچۇ، ئۇنى باللارغىمۇ ئاياپ بېرىۋاتىمەن!

شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە تالادىن ھاشىر كىرىپ قالدى. خەيرىنىساخان ھەدەم نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغانىدى. خاتىنگۈل قولىدىكى ئوتۇننى ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئاچچىقى بىلەن تاشلىدى.

— نېمە ئىش، نېمە بولدى؟ — دېدى ھاشىر بىرئاپىسىغا، بىر ئايالىغا قاراپ، خەيرىنىساخان ھەدەم ئېڭىشىپ، بارى - يوقى يەتتە - سەككىز تال ئۆرۈكنى تېرىپ ئېلىپ، ئوچاقنىڭ بېشىغا قويدى.

— مانا قىزىم، باللار يېسۇن.

— ئەلۋەتتە باللار يەيدۇ، سىلى كىچىك بالا ئەمەس، نېمىلا بولسا يەيمەن دەپ تۇرىدىغان! ئادەم قېرىسىغاندا نەپسىنى يىغىپ يۈرگۈلۈك، — دېدى خاتىنگۈل جۇدۇن بىلەن.

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئاشۇ ئۆرۈكنى ھاشىرنىڭ رەھمەتلىك دادىسى قايسىبىر يىلى ئەتىيازدا تىككۈدى، خەيرىنىساخان ھەدەم كېچە - كۈندۈز دېگەندەك چېلەكلەپ سۇ قۇيۇپ، ماڭلاي تەرى بىلەن ئايىنىپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۆرۈكتىن بىرنەچچە تال يېيىش مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھاشىر نېمە ئىش بولغانلىقىنى سەزدى ئەتىمالىم:

— يېڭىلىق بولسا، يە ئاپا، بالىلار يەيسەن دېسە، ئۆزلىرى قېقىپ يېمەمدۇ، — دېدى.

خەيرىنىساخان ھەددەم ماڭا كېيىنى قىلىپ تۇرغاچقا، چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم. ئەمما ئۇ گەپ قىلماي، كېيىنگە قايرىلىپمۇ قويماي، قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى؛ زەھەرلىك تىل تاياقتىن يامان. تاياق بەدەنگە چۈشىدۇ، يارا قىلىدۇ، بىراق ساقىيىپ كېتىدۇ. زەھەرلىك تىل يۈرەككە تېگىدۇ، يارا قىلىدۇ، بىراق يۈرەك يارىسى ساقايمايدۇ. موماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خاتىگۈلنىڭ ئاشۇ گەپلىرىدىن پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ، قولۇمدىكى كىتابنى مىجىقلاپ تۇتۇۋالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

دەل شۇ چاغدا ھاشىر مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە:

— بىر - ئىككى تال يېگەنگە تۈگەپ قالامدۇ، سەنمۇ-زە...— دېدى ئۇ ئايالىغا.

خاتىگۈل چالۋاقاپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قاراڭا شالاڭلاپ كەتكىنىنى. بالىلار بىلەنمۇ يەۋاتقان، تىقىشتۇرۇپمۇ يەۋاتقان، نېمانداق نەپسى بېسىلمايدىغان خوتۇن بۇ.

— بولدى، ئەزۋەيلىمىگىنە...

— ھاي دېمىسىڭىز، سوپۇنىنىمۇ يەيدۇ، تويماس قېرى!

— بولدى قىل، دەۋاتىمەن.

ھازىر ھاشىر ئاۋۋالقىدىن سەل - پەل ئۆزگىرىپ، مۇشۇنداق ئىشلاردا بىر ئاز بولسىمۇ ئاپىسىنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھاشىرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىگە مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى ئەتىمالىم: بىر كۈنى ئىككىمىز كوچا دوقمۇشىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. يان كوچىدىن بىر ھارۋا چىقىپ كەلدى. ھارۋىدا بىر ئايال پۈتىنى تۈگۈپ ياتاتتى. ئۈستىگە ئەديال يېپىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ياش بىر ئايال ئولتۇراتتى. بىز ئۇ ئايالنى تونۇپ قالدۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولغان قاسىم ئاتلىق ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۈچ - تۆت بالا بىلەن قالغانىدى. ئۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بىردەم پاراڭلاشتۇق. ھارۋىدا ياتقىنى ئۇنىڭ قېيىن ئانىسى ئىكەن. قېيىن ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ، يېزا دوختۇرخانىسىدا ئىككى يىل داۋالىتىپتۇ، ئەمما ياخشىلانمىغاچقا، ئۇنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

مەن ھاشىرغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستا قارىدىم. چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش، خىجىللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن ھاشىر ماڭا قارىيالماي قالدى. بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەۋەنلىكى، ئەسكى خۇي - ئادەتلىرىدىن خىجىل بولۇشى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىن بېرىلگەن بېشارەت. بۇرۇنقى قېلىپتا كېتىۋەرسە، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، دېسە، نېمە دېگۈلۈك؟ ھاشىردا كۆرۈلگەن بۇ روھىي ھالەت كىشىنى خۇشال قىلاتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھاشىر بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىچە ئىدى. ئىككىمىز ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇق. ئۇ يېنىدىن

بەر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى:

— ئازراقتىن ئىچەيلى، ئاداش.

مەن هەيران قالدىم، هاشىر ئادەتتە هاراق ئىچمەيتتى، بەزى چاغلاردا بەك زورلاپ كەتسە، بىردىر-ئىككى رومكا ئىچىپ قويىدىغان. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ چىرايىمۇ بىر قىسىملا تۇرىدۇ، تېخى ئىچمىسىمىز، دەپ ئۆزى كۆتىرىپ كىرگىنىچۇ...

ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، مەن:

— ئالدىرىما، سەي قورۇسۇن،— دېدىم.

سەيمۇ كەلدى، ئىچىشتۇق. هاشىر ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن، مېنى تېخىمۇ هەيران قالدۇرۇپ، ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق گەپ باشلىدى:

— ساڭا كۆڭلۈمدىكى بىر گەپنى ئېيتقىلى كىردىم.

— هە، ئېيتە؟

— خاتىنگلىنى قويۇۋېتەي دەيمەن...

— نېمە؟

— راست.

— چاقچاق قىلما.

— راست ئاداش، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم!

— ۋاه، بىر قىسىملا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، قانداقلارچە بۇ ئويغا كېلىپ قالدىڭ؟

مەن هاشىرنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىدە غەزەپلىك ئوتچۇنلار، ئىككى چېكىسى لىپىلدايتتى.

— كۆڭلۈمگە تېگىدىغان، ۋىجدانىمنى ئازابلايدىغان ئىشلار كۆپەيگەلى تۇردى، ئاداش،— دېدى ئۇ غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ،— نەچچە ئېيتتىم، خاتىنگۇلنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىدىغاندەك ئەمەس.

— ئارىدا ئۈچ بالا تۇرسا؟

— مەن ئۈچ بالىنى ئويلىغىنىم بىلەن ئاپام ئازابتىن، خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىكەن، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاپىسىنى ئۇ قىلچە هۆرمەت قىلمايدۇ، ئازار بەرگىنى بەرگەن. بۇنىڭغا قانداق چىداش مۇمكىن؟

دېمىگەن گەپنى دېگىلى بولىدۇ، دېگەندەك، جانا ئەمدى ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا دېيەلمەي يۈرگەن گەپلەرنى دېيىش پۇرسىتى كەلگەنىدى.

— هاشىر،— دېدىم مەن يۈز قارىماستىن توغرىدىن-توغرىلا،— سەن خاتىنگدىن رەنجىگۈچە ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن رەنجىگىن، ئاپاڭنى سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك هۆرمەت قىلدىڭ؟! ئاپاڭنىڭ گېلىنى بوغۇشقا قولۇڭ قانداق باردى؟ شۇنچە ئېغىر ئاهانەتلەرنى قىلىشقا تىلىڭ قانداق بارغان، بالىنىڭ ئانىغا هۆرمىتى شۇمىدى؟ تېخى ۋىجدانىم دەيسىنا، هېلىقى چاغدا ۋىجدانىڭ نەگە كەتكەن؟ خاتىنگۇل ۋىجدانىنى يوقاتسا، ساڭا تىك كەپتۇ-يۇ، ئۆزۈڭ يوقاتقاندا تىك كەلمىگەنمۇ؟

هاشىر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە پېشانىسى، بويىنى، قۇلاق چۆرىلىرىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە: چېچىلىپ ئەسەبىيلەشكەندە گەپ قىلساڭ ئاڭلىمايدۇ، ئاچچىقتىن يېنىپ بېسىلغاندا گەپ قىلساڭ ئاڭلايدۇ،

ھەتتا تەسىرلىنىدۇ.

— مەن شۇ ئىشلىرىمىغا ئەمدى پۇشايمان يەۋاتىمەن، ئۆكۈنۈۋاتىمەن. ئۆكۈنۈشۈم ئۇنى قويۇۋەتمىگىچە بېسىلمايدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى خاتىگۈل ئەمدى گەپ يېمەيدۇ.

— خاتىگۈلنى شۇ يولغا باشلىغان كىم؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، — ئاپىڭنى خارلىغان، مۇشت كۆتۈرگەن، ئاھانەت قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟! سەن خارلىدىڭ، ساڭا ئەگىشىپ ئۇمۇ خارلىدى. سەن ھۆرمەت قىلغان بولساڭ، ئۇمۇ «ۋاي ئاپا» دەپ تۇراتتى. كونىلار: ئانا شۇنچىلىك ئۇلۇغكى، بالا ئۇنى ھاپاش قىلىپ ھەرەمگە ئۈچ قېتىم ئاپىرىپ كەلسىمۇ، يەنە بالىنىڭ قەرزى تۈگىمەيدۇ، دېيىشىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۇندىن، يۈزدىن بىرىنى قىلدىڭمۇ؟ ئۇنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلدىڭمۇ؟ بالىلىقنىڭ ئەھدىسىدىن چىقتىڭمۇ؟ ئانا دېسە، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى سۆيگۈ-ئېتىخارغا تولۇپ تەۋرەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ شەنىگە يالقۇنلۇق ناخشىلار ياڭرايدۇ، ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى! ئېيتىقىنا، سەن ھاشىر، سەن نېمە قىلدىڭ؟ ئوچۇق ئېيتاي: ئاناڭنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس ياردىلارنى، ئۆچمەس داغلارنى پەيدا قىلدىڭ! قېنى ھۆرمىتىڭ، قېنى بالىلىق قەرزىڭ؟!

ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتاتتى. يۈرىكىدىكى پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش، ھەسرەت ۋە ئازاب گويا تامچە - تامچە ياش بولۇپ قۇيۇلۇۋاتاتتى...

— يىغلا، قاقشاپ يىغلا، — دېدىم مەن ئۇنى بەزلەشنى قويۇپ، — قانچە يىغلىساڭ، شۇنچە ئەرزىيدۇ، ساڭا ئازاب يىغىسى، پۇشايمان يىغىسى دورا بولۇپ قالغان!

ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يىغانى ئاچچىق ھاراق تەلەپ قىلىۋاتسا كېرەك، ئۆزى قويۇپ كەينى - كەينىدىن ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى، ئالدىدىكى سەيدىن بىر چوكىمۇ ئالمىدى.

— ئۇنى قويۇۋەتمىسەم، ئاپامنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايمەن، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى ئېرتىپ، — ئاپامنى ئەمدى ئۆزۈم كۈتىمەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ھۆرمەتتە، راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزىمەن، — ئۇ سەل تىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ ھەقتىكى گېپىم، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن!

ئۇ تاتىرىپ، غەزەپلىنىپ ئېيتقان شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، يەنە كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچەر، بەلكى يەنە قاقشاپ يىغلاپمۇ كېتەر، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. شۇ سۆزدىن كېيىن ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە، ئۆيدىن شامالدەك تېز چىقىپ كەتتى. مەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلمىكى تەس، ئۇ ئۆزىنى ئەمدى بىلگەن ئوخشايدۇ، دەپ، ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

ئەمدى موماي بىلەن سۆزلىشىش كېرەك، ھاشىرنىڭ كەلگەن قارارىغا بەلكى ئۇ خۇش بولار، دەپ ئويلىدىم - دە، خاتىگۈلنىڭ ئۆيدە يوق پەيتىنى تېپىپ، خەيرىنىساخان ھەدەم بىلەن سۆزلەشتىم، ھاشىرنىڭ قانداق نىيەتكە كەلگەنلىكىنى، ئۇ نېيىتىدىن ھەرگىز يانمايدىغانلىقىنى

مومايغا تەپسىلىي ئېيتىپ چىقتىم.

موماي ئاۋۋال ئېسەدەپ ئۇزاق يىغلىدى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلى قالداق جاپالارنى تارتىپ قاتارغا قاتقانلىقىنى ئېيتىپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى مەن ئويلىغاندىن باشقىچە بولدى:

— هاشىرغا ئېيتىڭ بالام، ئۇنداق قىلمىسۇن، مەن خارلانساممۇ، ئازابلانساممۇ، بەش كۈنلۈكۈم قالغان مومايمەن، ئىككىسى ياخشى ئۆتسىلا بولدى، بالامنىڭ ماڭا كۆيۈشى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىۋەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. ئانىلىق نامىمغا داغ چۈشىدۇ، — خەيرىنىساخان ھەدەم چوڭقۇر تىنىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ يېشى قۇرۇغان، يۈزىدىكى سان - ساناقسىز قورۇقلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

مەن مۇنداق دېدىم:

— بۇ، هاشىرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىقتى. ئۇ، نىيىتىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس خەيرىنىساخان ھەدە!

— مۇبادا شۇنداق قىلسا، — ئۇ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى ئەمەس، ئۈچ بالىنى يېتىم قىلامدىكەن؟ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزىمۇ يېتىملىكتە چوڭ بولغان، ئەمدى ئۆزى ھەنگدا تۇرۇپ، بالىلىرىنى يېتىم قىلسا كىم راۋا كۆرىدۇ؟ خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ئەل - جامائەت راۋا كۆرەمدۇ؟ مەنمۇ راۋا كۆرمەيمەن! ئۇ ئەمدى مېنى ئەمەس، بالىلىرىنى ئويلىسۇن.

ئاخىرىدا مەنمۇ هاشىرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتمۇدىم، موماي خاپا بولۇپ كەتتى:

— مەن سىزنى ئەقىللىق بالام، دەپ يۈرسەم، سىزمۇ كەم ئەقىل ئىكەنسىز جۇمۇ! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

3

ئۇ ئۆيگە ھەر كۈنى دېگۈدەك مەست، چالا مەست، ئەڭ ساق دېگەندىمۇ ئەللىك گراملىق رومكىدىن ئىككىنى قېقىۋېلىپ كېلەتتى. ئۇ تىكىۋچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەيتتى. كىشىلەر ئۇنى «سەيدىن سەپرا»، «سەيدىن قان» دەپ ئاتايتتى، كېيىنرەك ئانىسىغا باش ئاتقاندىن كېيىن «سەيدىن نوچى» دەيدىغان بولدى. سەيدىننىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار، كونا، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىچىك قورۇدا ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيلەنمىگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزى ئۆيلىنىشكە ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئانىسى بىرقانچە لايىقلارنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇلار سەيدىننىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىپلا يالتىيىپ قالاتتى.

سەيدىن ئۆيدە نېمە بار، نېمە يوق دېمەي، ئانىسى بىلەن تاماق ئەتمەپسەن، دەپ ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. تېخى بەزىدە لەگمەن ئەتسە سۇيۇقئاش ئەتمەپسەن دەپ، سۇيۇقئاش ئەتسە لەگمەن ئەتمەپسەن، دەپ كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ تۇراتتى. مومايىنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا قاراپ ئۆتتۈۋاتقىنىغا، يوقسۇزلۇق دەردىنى تارتىۋاتقىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى، لېكىن، ئۇ ئوغلىنىڭ مىجەز - خۇيلىرى توغرۇلۇق كىشىلەرگە چىش يېرىپ بىر نېمە دېگىنى

يوق. ئەگەر باشقىلار ئۇ توغرۇلۇق سوراپ قالسا، ئۇنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ تۇراتتى. قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق ئىدى.

مانا شۇ ئانا — گۈلرۇزىخان ھەر كۈنى كېچىدە كېلىدىغان ئوغلىنى كۈتۈپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتتى. ۋاقىت ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئاتايىن ئۇخلىماي ياتقىنىغا ئۇزاق بولدى، باش توخۇمۇ قىچقاردى، سەيدىن تېخىچە يوق. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ، ئوغلىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئەنسىرەش — گۈلرۇزىخاننىڭ كۆزىگە كەلگەن ئۇيقۇنى قاياقلارغىدۇر قاچۇرۇۋەتتى. گۈلرۇزىخان تالاي - تالاي كېچىلەرنى مۇشۇنداق ئەنسىزلىك، ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئوغلى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلسە قورقاتتى، ئەمما يوقاپ كەتسە ئەنسىرەيتتى. بالىنىڭ قايغۇسى، غېمى، دەردى — ئانىنىڭ ئازابى. قىزلار «ئانا» دەپ ئاتالغاندىن تارتىپ تاكى ھاياتتىن كۆز يۇمغۇچە مۇشۇ ئازابتا ئۆتىدۇ. مۇشۇ ئازابتا چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ، مۈكچىيىپ كەتسىمۇ، ئۇنى ئازاب ھېسابلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان جاپاسى، ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ھامان ئۈمىدلىنىپ تۇرىدۇ. ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىنساپمۇ بېرەر، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — تەقدىر ئۇنىڭغا تەدبىرلىك، پەملىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىرەر قىزنى نېسىپ قىلسا، شۇ تۈزەپ كېتىدۇ، ئۇنى. تالادا، كوچا - كويلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا ھۆركىرەپ، كىشىلەر-گە مۇشت كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان، قىلدىن قىيىق كەتسە، تېپىرلىكىپ يەر تېپىدىغان خۇيى ئەسكى ئەرلەر بار، ئەمما ئۇلار خوتۇنىنىڭ ئالدىدا موللام مۈشۈك بولۇپ كېتىدۇ. ھەرقانداق خۇيى ئەسكى، ئىللىتى كۆپ ئەرنىمۇ خوتۇن ئەقىللىق بولسا، تۈزەپ كېتىدۇ...

گۈلرۇزىخاننىڭ ئوي - خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا دەرۋازا ئۇرۇلدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ھويلىغا چىقتى ۋە تىترەپ تۇرۇپ دەرۋازىنى ئاچتى. سەيدىن بۈگۈنمۇ مەست ئىدى، ھويلىغا دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى. ئانا قورقۇنچ بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. سەيدىننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى لاي ھەم سۆرۈلگەن بولۇپ، ئارانلا پۇت دەسسەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاپىقى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن ھەم يېرىلغاندى. يېرىلغان يەردىن ئاققان قان مەڭزىدە توختاپ قېتىپ قالغاندى. گۈلرۇزىخان ئوغلىنى شۇ ھالدا كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ، تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— نېمىمۇ بولغانسەن، جېنىم بالام، — دېدى ئانا ئوغلىغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلار ياندى.

— نېرى تۇر... ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىۋالغىنىنى... — سەيدىن ئانىسىنى ئىتتىرىۋەتتى، — سوراپ نېمە قىلاتتىڭ، سېنى كىم سوراقچى قويدى! — ئانىسى ئىشىك تۈۋىدىن ئوچاقنىڭ ئالدىغىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى ۋە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

سەيدىن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— تامىقىڭنى ئەكەلمەمسەن، نېمىسگە

قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى ئانىسىغا گۆلـيىپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆلۈك كالىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. خورلى قالمىغان يۈزىدىن دەھشەت يېغىپ تۇراتتى.

— تاماق... تاماق ئەتمىگەن بالام، ئىسسىق چاي دەملەپ بېرەي، يۇمشاق نان بار.

— نېمە!؟

— ئۆيدە گۆش يوق ئىدى.

— شۇنچە، گۆش قېنى؟

— سەن بەرگەن پۇلغا بىر جىڭ گۆش ئالغان، ئۇنىڭغا بۈگۈن تۆت كۈن بولدى.

— بولدى، بولدى، ئەزمەڭنى ئەزمەي، ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ سۇيۇقئاش ئەت.

گۈلروزىخان سۇيۇقئاش ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي ئىلاج يوق ئىدى. ئۇ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئېرىتمىشىمۇ ئۇنتۇپ، مۇشتۇمچىلىك خېمىر يۇغاردى. ئوغلى تامغا يۆلەنگىنىچە، خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئوغلىغا ئاستا قارىدى. ئۇنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قاپتۇ. شۇھالدا بوينى قېتىپ قالارمۇ، تۈزەپ ياتقۇزۇپ قويايمىكىن،— ئويلىدى ئانا ۋە تۇرۇپلا يالتىيىپ قالدى،— ئويغىنىپ كەتسە، بىر-مۇنچە ئاھانەتلەرنى قىلىپ كېتەرمىكىن... ئانىنىڭ ئوغلى ئالدىدا تىترىمەي ئۆتكەن كۈنلىرى ئاز. ئوغلى ھەرقانچە ئاھانەت قىلسىمۇ، ھەتتا بىر-ئىككى كاچات ئۇرۇۋەتسىمۇ، مەيلى، دەيتتى، گەپ ياندۇرمايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ قايمۇقىغا قاراپ ئىش قىلغاچقا، يۈرەكزالدى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ھەربىر گېپىنى ئېغىزىدىن نەچچە ئويلاپ چىقىراتتى.

گۈلروزىخان سۇيۇقئاشنى تەييار قىلىپ، ئوغلىنى ئويغاتتى. ئۇ تەسلىكتە ئويغىنىپ شىرەنىڭ تۆۋىگە كەلدى-دە، ئېشىنى مالتىلاپ، ئانىسىغا قاراپ يەنە گۆلەيدى:

— گۆش يوقمۇ بۇ يۇلداڭنىڭ؟

— دېدىمغۇ بالام، ئۆيدە گۆش يوقتى دەپ...

— بولسىمۇ سالمىدىڭ دېگىنە؟

— ھەي سادىغىڭ كېتەي، نېمە دەيدىغانسەن...

— گۆش يوق تاماقنى ئىتقا بەر!— ئۇ ئالدىدىكى بىر ئاپقۇر ئاشنى ئانىسىنىڭ بېشىغا ئاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئاش گۈلروزىخاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، چىنە پارە-پارە بولۇپ سۇنۇپ كەتتى. ئانا قورقىنىدىن قېتىپلا قالدى.

بۇ بۈگۈنلا كۆرۈلۈۋاتقان ئىش ئەمەس، مۇنداق ئىشلار كۆپ تەكرارلانغان. گۈلروزىخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغلىدىن كۆڭۈلدىكىدەك راسخوتقا پۇل سورىمايدىغان بولغان. بەرسە ئالاتتى، بەرمىسە ئېغىز ئاچمايتتى. چۈنكى بىر-ئىككى قېتىم سوراپ قويۇپ، پۇل بولمىسا جېنىمنى ئالامسەن، دەپ دۈمبىلەپ كېلىپ، نۇرغۇن ئاھانەتلەرنى قىلىپ كەتكەچكە، شۇنداق ئويغا كەلگەن. ئوغلۇمنى ئۆيلىسەم كېرەك بولۇپ قالار، دەپ يىغىپ قويغان رەختلىرىنى ئوغلىدىن يوشۇرۇنچە ئانچە-مۇنچە سېتىپ كۆڭۈلدىكىدەك راسخوت قىلىدىغان بولغانىدى.

بۈگۈن ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي ئوغلىنى ئويلاپ ياتتى. قايسى چاغ بولۇۋېدىكىن، غەپلەت بېسىپ، ئۇخلاپ

قالغىنىنى تۇيماي قالدى. بىر چاغدا
دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ
چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن
ئىتتىك تۇرۇپ، يۈگۈرگەندەك بېرىپ
دەرۋازىنى ئاچتى.

— ئۆلدىڭمۇ ھەي قېرى! نېكەم
مەن ئۇرۇۋاتقىلى، — دېدى سەيدىن قەھرى
بىلەن.

— ھېلىلا ئويغاق ئىدىم...

— ئويغاق تۇرۇپ ئاچمىدىڭمۇ؟ — ئۇ
دەرۋازىنى ئېتىپ ياتقان ئانىسىنىڭ ياقىسـ
دىن ئالدى.

— كۆزۈم ئېلىنىپ قاپتۇ، سادىغاڭـ
كېتەي بالام، — گۈلروزىخان قورققىنىدىن
تىترەپ كەتتى.

— مانا، ئويغاق بولساڭ! — سەيدىن
خۇددى كۈچلۈك دۈشمىنىگە دۇچ كەلگەنـ
دەك ئالدىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئانىسىنى
مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، ئوڭدىسىغا
ئۇچۇرۇۋەتتى. موماي ئۈن چىقىرىشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي يېتىپ قالدى. بېشى نېمىـ
دۇر بىر نېمىسىگە قاتتىق تېگىپ كەتتى
ئەتىمالىم، ھوشىدىن كەتتى.

— ئۆل قېرى! — سەيدىن قولىنى
بىر سىلكىپ، دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە
كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى قاتتىق ياپتى.

ئاچچىق شامال ھۇشقىتىپ ئۆتتى،
ھويلىدىكى يالغۇز قارىياغاچنىڭ ئۇششاق
شاخلىرى شىۋىرلىدى، قەيەردىندۇر مۇڭـ
لۇق ناخشا ساداسى كېلەتتى. سۇنايلىنىپ
ياتقان موماي بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى
تۇيمايتتى. ئاسماندا سەيلە قىلىپ يۈرگەن
ئاي بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ
كەتتى، ئەتراپنى سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق
باستى. موماي قىمىر قىلماي ياتاتتى.

گۈلروزىخان تاڭغا يېقىن ھوشىغا
كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھويلىدا ياتقانلىقىنى
بىلدى ۋە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، بېشى
زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمىلىدى،
قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇردى. ئۇنىڭ
ھەممىلا يېرى ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ھېلى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بولاتتى.
بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ئاران ھېس
قىلدى. ئۇ تەمتىلەپ، تىزىغا تايىنىپ
مېڭىپ ئۆيگە كىردى.

بۇ ئىشتىن ئاۋۋال قولۇم- قوشنىلار،
ئاندىن سەيدىنىنىڭ ئىككۈچىلىك كارخانىـ
سىدىكىلەر خەۋەر تاپتى ۋە ئۇنى دوختۇر-
خانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار ئۇنى
بالنىتسىغا ئېلىپ قالدى. بىر ھەپتىدىن
كېيىن ئۇنىڭ ئىششىغان يۈزى، يېرىلغان
كالپۇكى، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشى
بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالدى، لېكىن يۈزىـ
دىكى كۆك كەتمىدى، بېشىنىڭ ئىششىقىمۇ
پۈتۈنلەي يېنىپ كەتمىدى. ئانا شۇ
ھالدا يېتىپمۇ دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇر-
غان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ خىيالغا
كەتكەنىدى: ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى
تەس، نەۋرىلىك بولغانلاردىمۇ قىڭغىر
دەسسەپ يۈرگەنلەر بارغۇ... سەيدىن ئادەم
بولۇپ كېتىدۇ... شۇ تۇرقىدا ئۇ نەلەردە
قاڭقىپ يۈرىدىغاندۇ، ئۆيگە كەلسە مەن
يوق، ئاچ قورساق يېتىپ قالغانمىدۇ؟
بىچارە بالام... تېخىچە ئۆي ئوچاقلىق
بولمىغىنىغا جىلى بولامدىكىن...

گۈلروزىخان بالنىتسىدا ئون كۈن
يېتىپ، ئۆيگە يېنىپ چىقتى. يېنىپ
چىقىپلا، ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن
ئىلگىرى قاۋاقخانىدا مەستلەر بىلەن
مۇشتلىشىپ بىرىگە پىچاق سېلىپ قويۇپ،
تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى - دە،
ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

موماينى ئەمدى كىم باقىدۇ، كىم قارايدۇ؟

مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئۇنىڭغا قارايدىغان، ھەر ئايدا يىگىرمە بەش سوم قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدىغان بولدى. بىراق مومايىنىڭ ئوغلىنى قۇرۇق قول يوقلاشقا كۆڭلى چىدامدۇ، ئۇ نېمىسى بىلەن يوقلايدۇ؟

گۈلروزىخان موماي ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيلا ئۇنىڭ چارىسىنى تاپتى: ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ چۆچۈرە سېتىشقا باشلىدى. بەلگىلىمە بويىچە ئۇ ئوغلى بىلەن ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشەلەيتتى. موماي شۇڭىچە چۆچۈرە سېتىپ تاپقان پۇلغا كىيىم-كېچەك ياكى يېمەك-ئىچمەك ئالاتتى-دە، شەھەردىن ئالتە كىلومېتىر يىراقتىكى تۈرمىگە قاراپ يول ئالاتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۈچىنچى قېتىم قولتۇقىغا تۈگۈنچىكىنى قىستۇرۇپ، ئوغلىنى يوقلاشقا كېتىپ باراتتى. ئۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، ئېتىزلار ئارىسىدىكى نەملىشىپ قالغان توپىلىق يولغا چۈشتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ چېتىدە — ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇردى. يېنىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى، قورسىقىمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى، پۇت-قوللىرىمۇ سىقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ تۈگۈنچىكىنى ئېچىپ سامسىدىن ئىككىنى يېدى، يەنە سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى ۋە ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئايىغى دۈگىلەك-بىنەمىلىكلەرگە تۇتاشقان ساپسېرىق ئېتىزلارغا، ئۇنىڭدىن نېرىدىكى ھەيۋەتلىك ئاقباش تاغ-

[illegible]

لارغا ئۇزاق نەزەر تاشلىدى. سوغۇق شامال-لار ئاستا ئۇرۇلماقتا، ئانىنىڭ يۇمشاق ئاپئاق چاچلىرى يېنىك تەۋرىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھالسىز لەۋلىرى پىچىرلىدى: نېمىشقا ئەسكى ئىشلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدىغاندۇ؟ شۇنچە كەڭرى دۇنيا ياخشىلىق، مېھرىبانلىق بىلەن تولۇپ كەتسە، ئادەملەر دىل ئازابى، ئەلەم، ھەسرەت تارتمىسا، نادامەت چەكمىسە بولماسمىدى... ئۇھ دۇنيا، ئاچچىق-ئاچچىق ياشلارنى، ئاھۇ-پىغانلارنى سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقىنىڭغا قانچىمىلىك يىللار بولغاندۇ؟ ئەسكى ئىشلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يەنە قانچىلىك داۋاملىشار؟

ئوغلىغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغىسى كەم بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى ۋە غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئانا بۇ يولنى بىر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېڭىۋاتىدۇ، پۇتلىرى قاپىرىپ، كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتسىمۇ يەنە مېڭىۋاتىدۇ. يەنە قانچىلىك ماڭىدۇ؟ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. بىلىدىغىنى ئوغلى ئاشۇ يەردىن چىققۇچە ماڭىدۇ. ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، مېڭىشتىن قالغۇچە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ماڭىدۇ. ئانىلار شۇنداق بولىدۇ، بالىنىڭ ئۆتىدا — ئۇنىڭ يولىدا ياكى نەپەستىن توختىغىچە قىلچە زارلانماي ماڭىدۇ، جان كۆيەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مانا بۇ ئانا خاراكتېرى!

ئۇنىڭ مېھرى بىلەن بىز ھايات قەدرىنى، ياشاش ئىستىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، بىلگەن، چۈشەنگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغاندىمىز؟!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن





# ئاي گۇۋاھ

قاھار نىياز

(ھېكايە)

زۇلەيخان سۇ ئالغىلى ئۆستەڭ بويىغا چىققاندا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ھەم قىزىقىش ئىچىدە بىر ھازاغىچە قاراپ قالدى. چۈنكى ئۇ، بۇنداق ئوغۇللارنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئورۇق، زىلۋا بويلۇق، مەڭزى قىزلارنىڭكىدەك ئاپئاق، ئىنچىكە، قاپقارا بۇرۇتى بار يىگىت ئىدى. يىگىت زۇلەيخانىڭ ئالدىدىن كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇ يەردىكى قاپقارا، يارىمىغان كۆتەكتەك تەمبەل، يۈزلىرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئوغۇل باللاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىمىچۇ تېخى، دۈمبىسىدە خېتى بار زەيتۇنرەڭ مايكا، تىزىدا يانچۇقى بار، ئاشلىمىغان تېرىدەك قېلىن كۆلرەڭ ئىشتان، ئاق پايپاق، ئاق ساياھەت ئايىغى كىيگەنىدى. ناھىيە بازىرىدىمۇ بۇنداق كىيىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. قوشنىسى ھاۋانەمنىڭ نەۋرىسى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ، پات ئاردا مېنى يوقلاپ كېلىدۇ، دېگەن گېپى راست ئىكەن-دە. زۇلەيخان يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. تۇيۇقسىزلا پولتىزىڭ قىلغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى نوگاي ئىستەڭگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ نوگاينى ئالمان-تالمان سۈزۈۋېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

زۇلەيخان مەغرۇر قىز ئىدى، ئۆزىنى مۇشۇ يېزىدىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭ قىلمايتتى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە ئوقۇغۇلۇۋاتقان تەرىپلەر پات-پات قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئوغۇللار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. بەزىدە يۈزىدىن-يۈزىگە «ئاناڭ سېنى نېمانچە چىرايلىق قىلىپ تۇغۇپ قويغاندۇ، زۇلەيخان» دەپ قوياتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ مالال قىلسىن، دەپ يالغاندىن خىجىل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. لېكىن كۆڭلىدە چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە رازىمەنلىك ھېس قىلاتتى.

ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە دوستلىرى بىلەن دادۇيسىنىڭ زالىغا پات-پات كىنوغا بارىدىغان بولدى. ئۇ چاغلاردا يېڭى كىنولارمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر دۇنيا نامايان بولۇشقا باشلىدى. كىنولاردىكى ئەڭ يېڭى مودىدا كېيىنگەن، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىۋالغان خۇش چاقچاق شەھەر قىز-يىگىتلىرى ئۇنى بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردىنلا خىيالچان بولۇپ قالدى.

زۇلەيخانىنىڭ ئاتا-ئانىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھەق تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇنى مومىسى نۇرخان بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. نۇرخان موماي زۇلەيخانىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى ماختاشلارنى، كىمنىڭدۇر زۇلەيخانىنى كېلىن قىلىۋالغۇسى بارلىقى ھەققىدىكى مىش-مىش پاراڭلارنى ئاڭلاپ ئەندىشە قىلدى. ئاخىرى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. ئەسلى زۇلەيخانىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ شەھەرلىك بولۇپ قالغۇسى بار ئىدى. ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى. لېكىن ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ يېزىغا باغلاپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۆزىنى ھامان بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك، شەھەردە ھەقىقىي بەختىنىڭ ئېغىزىنى چاقىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ مومىسىمۇ قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋەردى. زۇلەيخان ماقۇل دېۋەتسىلا ئۆزىنىڭ شەھەرلىك بولۇپ قېلىش ئارزۇسىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ قەلبىدە خېلى ئۇزاقتىن بېرى بىر غايىۋى يىگىتنىڭ سىماسى غۇۋا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، ئاشۇ سىما ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى، ئۈمىدلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ كىملىكىنى، نەدىلىكىنى، ھەتتا چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ ئۇ چىرايلىق، مەدەنىي، چاقچاقچى يىگىت ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ شەھەرلىك ئىدى. زۇلەيخانغا مۇشۇ يىگىتتىن باشقا ھېچكىم ماس كەلمەيتتى. زۇلەيخان خىيالىدىكى غايىۋى يىگىت بىلەن ھەر كۈنى سۆھبەتلىشەتتى. ئۇنى سېغىناتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. زۇلەيخان 17 ياشقا كىرىپ تازا ۋايىغا يەتتى. لېكىن ھېلىقى غايىۋى يىگىتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ چاغدا ئەلچىلەرنىڭمۇ سەل - پەل ئايىغى بېسىقانىدى. زۇلەيخانىنىڭ كۆڭلىدە بىر ئاز داۋالغۇش يۈز بەردى. «مۇشۇ قېتىم ئەلچى كىرىپ قالسا چوقۇم ماقۇل دەيمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. شۇ كۈنلەردە قوشنا ئەترەتتىكى بىر يىگىتنىڭ ئۆيىدىن ئەلچى كەلدى. لېكىن زۇلەيخان يەنىلا رازىلىق بىلدۈرمىدى. ئەمدى مومىسىنىڭ راستىنلا ئاچچىقى كەلدى.

— مېنىڭ نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ قېرى قىز بولۇپ ئولتۇراي دەمسىز؟ شۇ گۈلدەك چىرايىڭىزنى دەپ نى - نى يىگىتلەرمۇ ئالدىڭىزغا كېلىپ كەتتى. ماقۇل دېۋەتسىڭىزلا مېنىڭ بېشىممۇ ساقىياتتى. ئانىڭىزنىڭ روھىمۇ خاتىرجەم بولاتتى. ياكى كۆڭلىڭىزدە بىرەرسى بارمۇ؟ تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، بۇ دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش.

مومىسىنىڭ ياغدەك يۇمشاق گەپلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى، ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. مومای كېيىن ۋارقىراپمۇ كەتتى. ئاندىن مىشىلداپ يىغلىدى. زۇلەيخانىنىڭ كۆزىدىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس ياش لىغىرلىدى. مومىسىغا ئىچى ئاغرىدى. لېكىن يەنىلا تىرنىقىنى تاتلىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە زۇلەيخانىنىڭ روھىي دۇنياسىدا قاتتىق داۋالغۇش بولۇۋاتاتتى. ماقۇل، دېگەن سۆز ئېغىزىدىنىڭ ئۇچىغىلا كەلدى، لېكىن بىر كۈچ ئۇنى توسۇپ قالدى، ئېغىز ئاچتۇرمىدى. بۇ كۈچ ھېلىقى غايىبانە يىگىتتىن كەلگەنىدى. ئۇ يىگىت بىر تاتلىق پىچىرلاش بىلەن زۇلەيخانىنىڭ قەلبىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بەختىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بايا مومىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا يەنە شۇ يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا، ياق، يۈرىكىگە ئاستا شىۋىرلاپ: بىز چوقۇم تېپىشىمىز، مەن سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىمەن، پەقەت شۇ چاغدىلا بىز بەخت قۇچىقىدا ياشايمىز!... دېگەنىدەك قىلغانىدى.

ئەمدى ئۇ ھەيران قالدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە ھەيران قالدى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى يىگىتكە بەكلا ئوخشايتتى، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ئىدى. توۋا، ئاللا راستىنلا بۇ يىگىتنى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەنمىكىن؟ راستىنلا ئاللا ئۇنىڭ دەردىگە يەتكەنمىكىن؟ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد شامى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. خۇددى ئۇزۇن يىل يوقىتىپ قويغان نەرسىسىنى ئاخىرى تېپىۋالغاندەك بولدى. راست، ئۇ يىگىت زۇلەيخانغا قارىمىدىغۇ؟ ئۇ زۇلەيخانىنى يارىتارمۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىغا باشقىلاردەك مەپتۇن بولارمۇ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ كىيىملىرىگە نەزەر سالدى. تىزىدىن ئاشىدىغان ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك دۇخاۋا كۆڭلەك، پايپاق تارتمايلا كىيىۋالغان كونا سولىياۋ ئاياغ، ئەرزان باھالىق پارقىراق گاز ياغلىق، مۇشۇ ئەپتى بىلەن-ھە؟

نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ كۆڭلىدىكى يىگىتنى تېپىۋالدى. شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇ ئاشۇ يىگىتتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. خىيالىغا ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىماسى كىرىۋالدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىنى بۇنچىلىك لەرزىگە سالىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئوت — ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شېرىن، خىيالىي لەززەتنى ۋە ئازابنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان كۈچلۈك بىر ئوت شىددەت بىلەن يالقۇنجاشقا باشلاۋاتاتتى. ئۇ ئوت زۇلەيخانىنىڭ ئۆزىگىمۇ سەزدۈرمەي ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى ئاستا-ئاستا كۆيدۈرمەكتە ئىدى. بۇ ئوت ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشۇ ئۇچرىشىش ۋاقتىدا كىچىككىنە ئۇچقۇن سۈپىتىدە زۇلەيخانىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ياق، ئەڭ ئاۋۋال يۈرىكىنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىغا پىژژىدە تۇتاشقاندەك قىلغانىدى.

زۇلەيخان بىر كۈنى ھېلىقى يىگىت بىلەن يول ئۈستىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. زۇلەيخان قاتتىق ھودۇقتى. يۈرىكى ئەنسىز تېپچەكلەپ كەتتى. قولىدىكى سومكىسىنى تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. يىگىت ئۇنىڭ كۆزىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ

ئۆتۈپ كەتتى. ئاھ، شۇ قاراش زۇلەيخانىنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. قەلبىدىكى ئوتنى يەنىمۇ يالقۇنجىتىۋەتتى. كەچكىرگىچە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆيدە ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۆيدىكى كوزا، چىنىلەك، ئورۇندۇق... لارنىڭ ھەممىسىنى سۇغا توشقۇزۇۋەتتى. ھەر قېتىم سۇغا چىققاندا ھاۋا نەمنىڭ ئىشىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. لېكىن يىگىتنى كۆرەلمىدى.

ئۇ ئەتىسى قوناقلىقتا ئوت ئوتاۋېتىپمۇ، باغدا پىشىشىپ چۈشۈپ كەتكەن ئالمىلارنى تېرىۋېتىپمۇ ئاشۇ يىگىتنى ئويلىدى. يىگىت ئۇنىڭغا گويا يېنىدىن لۆممىدە ئۈنۈپ چىقىدىغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ زۇلەيخانىنىڭ يېنىغا كەلسە، ئىككىسى قايسى يوسۇندا گەپلىشەركىن؟ ئۇ زۇلەيخاندىن نېمىلەرنى سوراركىن؟ ئۇنىڭ يېزا پەدىسىدىكى كىيىملىرىگە، پايپاق تارتمىغان پۇتلىرىغا، سىدام يۈزلىرىگە قاراپ زاڭلىق قىلماسمىكىن؟ ئەگەر زۇلەيخان ئۆزىنىڭ بارلىق جەلپ قىلىش كۈچىنى جۈپ كۆزلىرىگە يىغىپ ئۇنىڭغا قىيا باقسا يىگىتنىڭ يۈرىكىنى ئازراق بولسىمۇ تىترىتەلەرمىكىن؟ ئاھ، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ھوزۇر ۋە مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ قاندۇرىدىغان يېتەرلىك مۇكاپات بولار ئىدى. ئۇ چاغدا يىگىت ئۇنى نېمە قىلسا، گەپ قىلماي كېلىپ قۇچاقلىسىمۇ، قوناقلىققا باسسىمۇ... ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ بەرگەن، زادىلا قارشىلىق بىلدۈرمىگەن بولاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز لېۋىنى يالاپ قويدى. ئالما تۈۋىدە بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن؛ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قوشنىسىنىڭ بېغىغا قارىدى، ھويلا تەرەپكە بويىنىنى سوزدى. ھويلا، باغ تىمتاس ئىدى. ئۇ ئۇخلاۋاتامدىكىن ياكى كىتاب ئوقۇۋاتامدىكىن؟ ياكى... ئۆزىنى خىيال قىلىپ...

تۇيۇقسىزلا ھويلىدىن مومىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى مومىسى چاقىرغانىدى.

بۈگۈن نۇرخان ئۆيدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، زۇلەيخانىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن تېز ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. زۇلەيخان قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئۆيدە بولۇپ قالسا، ھويلىدا يالغۇز ئولتۇرغان بولسا... ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن... ئۇ ھودۇقۇپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن نومۇس قىلىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ھويلىغا كىردى. ئاھ، خۇدا... ئۇنىڭ ئويلىغىنى راست ئىدى! يىگىت ھويلىدىكى سۇپىدا ئالما يىگەچ كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا لەپپىدە نەزىرىنى ئاغدۇردى. يەنە شۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي. زۇلەيخانىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. ئورنىدا توختاپ قالغىلى تاس قالدى. ئاران تەستە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئېغىز ئاچتى:

— ھا... ھاۋانەم ئاچام بارمۇ؟

ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى، ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقتى.

— ئۆيدە بار، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، — يىگىت شۇنداق دېگەچ ئۆي تەرەپكە قاراپ توۋلىدى، — موما!

زۇلەيخان ئولتۇرمىدى، ھويلىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى. خۇددى پۇتى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك قىمىر قىلالمىدى. يىگىت نەزەرىنى يەنە ئۇنىڭغا ئاغدۇردى، ئۈستىبېشىغا، چىرايىغا قىزىقسىنىپ قارىدى. زۈلەيخان خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ هالدا تۇرۇپ قالغاندەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. مەڭزى ۋىلىلداپ قىزىرىشقا باشلىدى. بۇرنىنىڭ ئۈستىدە، پېشانىسىدە مونچاقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن تۇتۇۋېلىپ چىرايىغا مۇلايىم كۈلكە يۈگۈرتۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى كار قىلمايۋاتاتتى. ئۇ بۇ هالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمدى باشقىچە، بىر ئامال ئىزدىدى، بىردىنلا جۈرئەتلىنىپ يىگىتكە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىسىز؟

— بىر - ئىككى هەپتە تۇرۇشۇم مۇمكىن، — ئۇ زۈلەيخانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كىرىپ مېهمان بولۇپ چىقىپ كېتىڭ.

يىگىت زۈلەيخانغا مۇلايىمغىنە كۈلۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. زۈلەيخان ئۆزىنى ئېلىپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلدى. نېمىلا دېگەنبىلەن يىگىت بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز بولسىمۇ گەپلىشىۋالدى - دە! يىگىتمۇ ئۇنىڭغا يات كۆزى بىلەن قارىمىدى، بەلكى كونا تونۇشلاردەك خېلىغىچە ئۈستىبېشىغا تىكىلىپ قارىدى، تاتلىقغىنە كۈلۈپ قويدى، ئۆتكەندىمۇ شۇنداق كۈلگەنىدى. دېمەك زۈلەيخان ئۇنىڭغا ياقتى.

زۈلەيخانغا بۈگۈن ئاخشام ئۆي - تۇ هارام بولدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۇ بۈگۈنكىدەك قىينالمىغانىدى. يىگىتنىڭ زىلۋا بەدىنى، ئىنچىكە بۇرۇتلىرى، قىپقىزىل لەۋلىرى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئاجايىپ مۇرەككەپ، بىر ئاز نومۇسلۇق، لېكىن بەكمۇ شېرىن كۆرۈنۈش نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئوتتەك قىزىق لەۋلەر، ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىۋاتقان بوۋاقتەك ئاچكۆزلەرچە يالماپ سۆيۈشلەر، هاسىراپ - هۆمۈدەپ قۇچاقلاشلار، ئەرلەردىكى تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە هارارەتلىك كۈچ... ئۇ يوتقاننى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۆي ئىچى بەكلا دىمىق ئىدى. مومىسى تاشقارقى ئۆيدە پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ تەرلەپ كەتتى. يوتقاننى ئېچىۋەتتى. ئازاب، ئىنتىلىش، بىئاراملىق، شېرىن هاياجان ئۇنى سارالڭ قىلىۋېتەيلا دېدى. دەسلەپكى خوراز چىللىغاندا ئۇنىڭ كۆزى سەل - پەل ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

— قىزىم، — دېدى مومىسى بىر كۈنى ئەتىگەندە، — هاۋانەمنىڭ نەۋرىسىنىڭ كەلگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى (زۈلەيخانىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ كەتتى). بۈگۈن ئۆيگە بىر چاقىرىۋالايلىمىكىن دەيمەن. سەنمۇ بەك هورۇنلىشىپ كېتىپ بارىسەن. ئۆينى تازىلىۋېتىپ قويغىن...

مومىسىنىڭ كېيىنكى گېپى ئۇنىڭ

قولىقىغا كىرمىدى. خۇشاللىق، ھاياجان ۋە
دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ
قويغىلى تاسلا قالدى. ئىلگىرى زۇلەيخان
بۇ سۆزنى دوستىغا ئېيتىشنى نەچچە
قېتىم ئويلىغان، لېكىن خۇددى دوستى
كۈلىدىكەننى بىلىۋالىدىغاندەك ئېغىزىدىن
چىقىرالماي كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ
ئىش يېزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى ئىدى.

زۇلەيخان چەبدەسلىك بىلەن تەي-
يارلىققا كىرىشىپ كەتتى. ئاۋۋال ھويلىنى
رەتلىدى. كۆزىگە سەت كۆرۈنگەنلىكى
نەرسىنى ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە تىقى-
ۋەتتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ نەرسە-
كېرەكلەرنى قايتىدىن سەرەمجانلاشتۇردى.
ئەدىندۇر بىر ئارتىس قىزنىڭ رەسىمىنى
تېپىپ كېلىپ تامدىكى تۈشۈككە چاپلىدى.
بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئامبار
ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر ھازادىچە
يۇيۇنۇپ تاراندى. ئۇچىسىغا قۇربان ھېيت-
قا ئاتاپ تىكتۈرگەن قىزىلگۈللۈك بەلپۈرمە
ئۇزۇن كۆڭلىكىنى، پۇتىغا قىزىل بەتىنى-
كىسىنى كىيدى. ئەينەك ئالدىدا ئۇزاق
ئولتۇردى، چېچىنى ئىككى تال قىلىپ
ئۆردى. گويا سەھنىگە چىقىدىغاندەك
ھەر بىر تال چاچلىرىنى، كىرپىكلىرىنى
ئىنچىكىلەپ ياسىدى. قېشىغا سۇس ئوسما
قويدى. مەڭزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس يۇز
ھېيى سۈردى. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ چى-
رايلىقلىشىپ كەتتى. موممىسى سىرتتىن
كىرىپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ
قالدى. يېزىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق
قىزىنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدى. ئەجەب
ئۇ ئىلگىرى نەۋرىسىنىڭ بۇنچىلىك چى-
رايلىقلىقىغا دىققەت قىلماپتىكەن. شۇنچە-

لىك چىرايلىق قىزى بولسۇنۇ، خۇددى
ئەر چىقمىغاندەك مۇشۇ كەنىتىدە ياتلىق
قىلالماي يۈرسۇن. خەپ، چوقۇم دېگىنى-
دەك قىلىمەن، ئۇنىڭغا ئۈزۈلدۈرمايلا ئىش-
نى توغرىلايمەن. كېيىن نېمە دېسە مەي-
لى، ھامان بىر كۈنى بىلىپ قالىدۇ، موماي
ئەجەب غېمىنى يەپتىكەن، مانا ئەمدى
كۆڭلۈم ياغدەك ئېرىۋاتىدۇ، دەپ قالىدۇ.
بولمىسا كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە كۆزۈم يۇمۇلۇپ...
خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغايسەن، شۇ
بىر تالال قىزىمنىڭ بەختىنى بەرگەيسەن.
يىگىت چۈشكە يېقىن موممىسى بىلەن
كىردى. ھويلىغا - ئۇزۇم بارىڭى ئاستى-
دىكى سۇپىغا داستىخان سېلىندى. شىرە-
نىڭ ئۈستى ئۈزۈم، ئالما، پىششىق قايماق،
توقاچلار بىلەن تولۇقۇزۇۋېتىلدى. سۈت-
لۈك چاي تارتىلغاندىن كېيىن، ئىككى
موماي تەبەسسۇملا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ
كەتتى. بىردەمدىن كېيىن نۇرخان خاپا
بولماي بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ
قويۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھاۋانەم
مەنمۇ ياردەملىشەي دەپ، نۇرخاننىڭ ئار-
قىسىدىن ماڭدى. شۇ چاغدا زۇلەيخان
بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىككى موماي-
دىن ئارتىپ مېھماننىڭ ئالدىغا چىقال-
مىغانىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ
بۈگۈن يىگىت بىلەن راسا پاراڭلىشىۋالغۇ-
سى، چىرايلىق مەڭزىگە قانغۇچە قاراۋال-
غۇسى، كۈلۈپ چاقچاق قىلىۋالغۇسى بار
ئىدى. شۇڭا يىگىتنىڭ پىيالىسىگە چاي
تولۇقلىغان بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ئېغىز ئاچتى:
— ئۇزۇملەر تېخى ئوبدان چېكىلى-
مىدى، تىلىڭىزنى قورۇۋەتكەندۇ ھەقچان؟
ئۇ شۇنداق دەپ كۈلدى، يىگىتنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىۋالدى.

— نەدىكىنى، شەھەردە مۇشۇنداق ئۈزۈمگىمۇ زار بولۇپ كېتىمىز دەڭا. بۇ ھويلىنىڭ ئۈزۈمى ھەممىدىن تاتلىق چېكىلىپتۇ.

ئۇلارنىڭ پارىڭى ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تارتىنىشلار، ھودۇقۇشلار، قىزىرىشلار، ئوغرىلىقچە قاراشلار ئۆزدۇكىدىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قىز يېزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەيتتى. كىمدىندۇر، نېمىلەردىندۇر ئاغرىناتتى. كىمنىڭدۇر ئىشلىرىدىن ۋىدىلىقلاپ كۈلەتتى. سۆزلەۋېتىپ پات - پات ئاشخانا تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۆيگە كىرىپ چىقاتتى. يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ چىۋەرلىكىنى، سۆزمەن، ھېسسىياتچانلىقىنى، ئىشقىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ يېزىنىڭ باشقا ئادەملىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بار كۈچى بىلەن نامايىش قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. يىگىت مەغرۇر ئىدى. قىلچە ھودۇقمايتتى، گەۋدىسىنى كېرىپ تامدىكى زەدىۋالغا يۆلەنگىنىچە قىزنىڭ سۆزلىرىگە ئورتاقلىشاتتى. شەھەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. راستىنى ئېيتقاندا قىز گويا تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ئارتىسقا، يىگىت پەستە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان ۋە كۆڭلىدە نومۇر قويۇۋاتقان سېخى باھالىغۇچىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەلبى قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن يىپ بىلەن چىگىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇنى ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە خېلى ئوچۇق سەزدى. لېكىن بۇ يىپ ھازىر بەكمۇ بوش چىگىلگەن، بەلكى ئىككى ئۇچى سەل - پەللا تۇتىشىپ قالغانىدى. زۇلەيخان ئۇنى مۇستەھكەملەش، ئۈزۈلمەيدىغان قىلىپ چىگىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئىختىيارسىز ۋە تىنىمسىز كۈرەش ئېلىپ باراتتى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يىپ بويلاپ قارشى تەرەپكە ئىلگىرىلىسە گويا ئۆزىنى بەخت قەسرىگە بارا - بارا يېقىنلىشىپ بارىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇنى ئويلاپ قەلبى چەكسىز شادلىق دېڭىزىغا چۆمۈلەتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە بەخت قەسرى ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىلا ئىدى. ئىشەنچ بىلەن قەدەم تاشلىسا ئۇنىڭغا غىپپىدە كىرىۋالغىلى بولاتتى...

بىر كۈنى زۇلەيخان دوستى ئايشىگۈلنىڭ يوپكىسىنى تىكتى؟ يوپكا پۈتكەندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى. بۇ كۈن پېتىمىشقا ئازلا قالغان مەزگىل ئىدى. ئۇ ئايشىگۈل بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندا كەچ كىرىپ يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئۆيگە بالدۇرراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن قەدىمىنى تېزلەتتى. مەھەللە يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز يول ياقىسىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تاماكا چېكىپ تۇرغان يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ بولغاچقا قىز ئۇنى بىر قاراشتىلا تونۇۋالغانىدى. نېمىشقىكىن، ئەندىكىپ كەتتى. بۇنداق پىنھان ئۇچرىشىش پۇرسىتى قىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى كۈندۈزى ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن قورۇنۇپ تۈزۈك پاراڭلىشالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. يىگىت يېقىنلاپ كەلدى. سالاملاشقاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟

— نېرىقى مەھەللىدىكى ئايشىگۈلنىڭ ئۆيىگە بارغان، سىزچۇ؟

— ئىچىم پۇشۇپ چىققانىدىم.

— قارىغاندا بۇ يەردىن تازا زېرىكمىسىز-دە؟

— ياقەي... سىز تۇرسىڭىز...

زۇلەيخانىڭ مەڭزى ۋىسىلىدە قىزاردى.

— يەنە قانچىلىك تۇرىسىز؟

زۇلەيخان بۇ سوئالنى ئىلگىرى سوراپ بولغانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ، يۈزى يەنە قىزاردى. ھېلىمۇ ياخشى قاراڭغۇدا يىگىت بۇنى كۆرمەيتتى.

— بىرەر ھەپتە تۇرۇشۇم مۇمكىن.

قىزنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ئېمانچە ئاز ۋاقىت بۇ؟ زۇلەيخانىڭ ئۇنىڭغا ئۇزاقراق تۇرۇڭ، دېگۈسى كەلدى-يۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. لېكىن يىگىتنىڭ بۇنداق تېز كېتىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ قەلبىگە دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى، شېرىن خىياللىرى بىراقلا بەربات بولۇپ كېتەمش ئالدىدا تۇراتتى. ئېرىشمىش ئالدىدا تۇرغان بەختى توزغاقتەك توزۇپ كېتەمش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. يىگىت پەقەت بىر ھەپتىلا تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاللا زۇلەيخانىڭ قەلبىدىكى ھەسرىتىنى چۈشىنىپ، بۇ يىگىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەمەسمىدى، ئەمدى ئۇنى شۇنچە تېز ئېلىپ كېتەرمۇ؟ شۇتاپتا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇسۇرەتتەك گۈزەل يىگىت ئۇنىڭغا تېخىمۇ قەدىرلىك، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىۋاتاتتى. يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. يىگىتتىن تېزرەك بىر نەرسىگە ئېرىشكۈسى، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ نېمە؟ مۇھەببەتمۇ؟ قىزنىڭ قەلبىنى ئېغىر ۋەھىمە باسقانىدى.

— ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلىمۇ؟

زۇلەيخان ئېختىيارسىزلا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. زۇلەيخان يىگىت بىلەن يانمۇيان مېڭىپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر تەسەللىگە ئېرىشكەندەك بولغانلىقىنى، قەلبىدىكى ۋەھىمىنىڭ تۈتۈندەك تارقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى، يىگىتتىن تەلەپ قىلماقچى بولغىنى مۇشۇ ئىشمىكىن؟ قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇنداق بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئارقىلىقلا بوش ئىچمىلىگەن رىشتىنى چىڭىتقىلى، كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكىلى بولاتتى.

تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر شادىيانە سېزىم زۇلەيخانىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. يىگىت ئەدەبلىك، مۇلايىم ئىدى. زۇلەيخانغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن قىلچە قۇۋلۇق، شاللاقلىق سېزىلمەيتتى.

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئايرىلىشتى. زۇلەيخان ئەمدى ئۆز بەختىنىڭ قولىدىلا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

زۇلەيخان ئەتىسى كەچتە ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، دەپ بالدۇرلا يوتقانغا كىرىۋالدى. نۇرخان خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىشكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ ياتتى، زۇلەيخان ھەممىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى. مومىسى تاشقارقى ئۆيدە، ئۇ يالغۇز ئىچكەركى ئۆيدە ياتاتتى. ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يالاڭئاياغلا تاشقارقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قۇلاق سالدى، ئۆيدىن بىر خىل پۇشۇلدىغان ئاۋاز كەلدى. موماي ئۇخلاپ قال-

غانىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ چاپىنىنى ئالدى ۋە ھەم يېپىلغان دېرىزىسىنى ئاستا ئاچتى. يەم بىلەن ھويلىغا چىقتى. تونۇرنىڭ ئۈستىدىن تامغا ئارتىلىپ چىقىپ، ھويلا سىرتىدىكى ئۈجمىگە ياماشتى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈكۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇنچىلىك جۈرئەتنىڭ، بۇنچىلىك كۈچنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۈجمىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئەتراپىغا ئالمان - تالمان قاراپ قويۇپ، مەھەللە سىرتىغا — ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

بۈگۈن ئاي تولغانىدى. ئىگەنىدەك چوڭلۇقتىكى ئاپئاق، پارقىراق تولۇن ئاي تىنچ ۋە خاتىرجەم ئۇيقۇدا ياتقان يېزا ئۈستىگە سېخىيلىق بىلەن نۇر چاچماقتا ئىدى. دىماغقا نەم توپاۋە تېزەك ھىدى ئۇرۇلاتتى. ئاللىقاياقلاردىن بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىناتتى.

زۇلەيخان توپىلىق يولدا يالاڭغداق پۇتلىرى بىلەن كىچىك - كىچىك ئىزلارنى ئالدۇرۇپ بىردەمدىلا ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر بوككىدە سۆگەتلىك بولۇپ، سىياھدەك قاراڭغۇ ئىدى. زۇلەيخان ئاشۇ قاراڭغۇ يەردە بىر قىزىل چېكىتنى كۆردى. چېكىت ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كۈچلۈك بىر يالقۇنجىغاندىن كېيىن يەنە پەسكە چۈشتى. يىگىت تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمغا جىمغىنە ئولتۇرۇشتى. ئۆستەڭ سۈيى يېقىملىق شىلدىرلاپ ئاقاتتى. يالپۇزنىڭ مەززىلىك، ئۆتكۈر ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بۇ يەر خېلىلا سوغۇق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، نازۇك ھېسلىرىنى ئويغىتاتتى. خېلى

بىر كەمگىچە ھېچكىم ئۈن - تىن چىقارمىدى، زۇلەيخان يىگىتنىڭ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشىنى كۈتەتتى.

— موماڭىز تۇيمىغاندۇ؟

— ياقەي، سىزنىچۇ؟

— ئۆگزىدە ياتقانىدىم، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئۈجمىدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم.

يىگىت شۇنداق دەپ كۈلدى.

— دەرەخكە ياماششىڭىز تۇنجى قېتىممىدۇ ھەقچان؟

— كىچىك ۋاقتىمدا كۆپ ياماشقان. قارىياغاچقا چىقىپ قۇشقاچ بالىسى تۇتۇپ ئوينايتتىم، ئانام قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، يۈزۈڭنى سەپكۈن بېسىپ كېتىدۇ، دېسىمۇ ئۇنىمايتتىم.

— ئۇنداقتا قۇشقاچنى تۇتالماپتىكەنسىز - دە؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئەگەر تۇتقان بولسىڭىز چوقۇم شۇنداق بولۇپ قالاتتىڭىز.

— ئىشەنمەيمەن. نەچچە قۇشقاچ تۇتقانمەن، لېكىن ئۇنداق بولمىدىم.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

— ئىشەنمىسىڭىز مەن ئەتە تۇتۇپ بېرەي.

قىز پىسىڭىدە كۈلدى.

— مۇشۇ ئەپتىڭىز بىلەن دەرەخكە چىقالامسىز؟ يىقىلىپ چۈشەرسىز تايىنلىق.

ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق، ئاق قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلاپ سايرىشىدەك شادىيانە، ئانا قۇچىقىدا ئەركىلەپ ياتقان بوۋاقنىڭ كۈلكىسىدەك تاتلىق ھەم يېقىملىق ئىدى.

— يىقىلىپ چۈشسەم سىز بولغاندىكىن يۆلەۋالارسىز.

زۇلەيخان يەرگە قارىۋالدى. ئاھ! نەقەدەر تاتلىق مىنۇتلار-ھە؟ زۇلەيخان مۇشۇ دەقىقىلەرنى كۈتۈپ، مۇشۇ بەختكە ئېرىشىشنى تىلەپ قانچىلىك تەلمۈرگەنلىكىنى، قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. مانا مۇھەببەت دېگەن! بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە بولماقچى؟ ئەمدى قالغىنى بىر-بىرلەپ، تەبىئىيلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن خۇداغا مىڭ شۈكرى. ئۇ ئۆز بەختىدىن يەنە بىر قېتىم ئىپتىخارلاندى. ئۆز بەختىنىڭ ئالقىنىدىلا ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مەرتىۋە ئىشەندى.

— زۇلەيخان، — يىگىت بىردىنلا ئۇنىڭغا بۇرۇلدى، قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاردى. زۇلەيخانىنىڭ يۈرىكى يوپيۇرماقتەك سىلكىنىپ كەتتى. بەدىنى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئىسسىق بىر جۈپ قول ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ۋە بېلىدىن قاماللاپ ئاستا ئۆزىگە تارتتى. زۇلەيخانىنىڭ يۈرىكىگە يىلىلىق بىر سېزىم ئۆتتى. يۈرىكىنى بىرسى سىيلاۋاتاتتى، سىلىق، مېھرىبان، ھارارەتلىك بىر قول يېنىككىنە سىيلاۋاتاتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، ئۈن-تىۋىشسىز ھالدا يىگىتنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. زۇلەيخان كۆزىنى يۇمۇۋالغان، ئاغزىنى ئانىسىدىن دان تەلەپ قىلىۋاتقان قۇش بالىسىدەك ئېچىۋالغانىدى. يىگىت ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، مەڭزىگە، كۆزلىرىگە، بوينىغا قانىماي-قانماي سۆيەتتى، پۇرايتتى. زۇلەيخانىنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىغا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان چەكسىز بىر شادلىق ئېقىمى ئاستا-ئاستا تاراپ بېرىۋاتاتتى.

زۇلەيخان بىردىنلا چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. يىگىتنىڭ قولى ئاستا-ئاستا پەسكە سىيرىلىپ ئۇنىڭ بېلىدە — يوپكىسىنىڭ ئىلمىغۇچىدا ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، لېكىن ئاجرىتىۋەتمىدى. قانداقمۇ ئۇنداق قىلالىسۇن؟ زۇلەيخان بەكمۇ بوش ئاۋازدا شىۋىرلىدى:

— ئۆزۈم... ئاي كۆرۈپ قالىدۇ...

يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدى. ئۇ بۇنداق سۆزنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ نېمە، دەپ ئويلىدى.

— نېمە؟

— ئاي كۆرۈپ قالسا يامان بولىدۇ.

زۇلەيخان تىترەك ئاۋاز بىلەن تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى. يىگىت يەنە چۈشەنمىدى. زۇلەيخانىنىڭ مومىسى دائىم: قىزىم، ئاينىڭ كېچىلىرى سىرتقا تەرەت قىلما، ئاي كۆرۈپ قالسا يامان بولىدۇ، بەختىڭ قاچىدۇ، دەيتتى. زۇلەيخان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى كېيىن — بويىغا يەتكەندىن كېيىن چۈشەندى. ئەسلىدە مومىسى ئۇنى كېچىلىرى يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىكەن. دائىم دەۋەرگەچكىمۇ بۇ سۆز ئۇنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەنىدى.

يىگىت قولىنى قويۇۋەتتى. زۇلەيخان يوپكىسىنى سالمىدى. تولۇن ئاي سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارغا قاراۋاتاتتى. زۇلەيخان ئۆزىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. تولۇن ئاي كۈلۈۋاتقاندەك ئىدى، زۇلەيخانىنىڭ كۆزىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى، ئۇ يىغلاۋاتاتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى زۇلەيخان ئېغىز ئاچتى.

— مېنى شەھەرگە ئېلىپ كېتەمسىز؟

ئۇنىڭ ئاۋازىغا بىر خىل يېلىنىش، مۇڭ، ساددا ئىشەنچ، چەكسىز ئۇمىد ۋە زارىقىش ھېسسىياتى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېچبىر ئەر زاتىنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالمىغان، ھېچبىر ئەركەككە بۇنداق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك ئاھاڭدا يېلىنىپ باقمىغانىدى.

يىگىت بىر ھازاغىچە ئېغىز ئاچمىدى. ئاندىن زۇلەيخانىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— يەنە بىر يىللىق ئوقۇشۇم قالدى، ئوقۇشنى تۈگىتىپلا بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى ئېلىپ كېتىمەن.

زۇلەيخان ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— راست ئېلىپ كېتەمسىز؟

— ھەئە.

يىگىت باشقا ياققا قارىۋالدى. زۇلەيخان بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىگىتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. يىگىت ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

— ئىككى كۈندىن كېيىن مۇشۇ يەردە يەنە كۆرۈشەيلى زۇلەيخان. سىزگە دەيدىغان يەنە جىق گەپلىرىم بار.

زۇلەيخان خۇددى ئۇزۇن يىل يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتقان بالىنىڭ باشقىلارنىڭ خۇدايىم بۇيرۇسا سېنى بېقىۋالىمەن، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان چېغىدىكىدەك بىر خىل مىسكىن خۇشاللىق ئىچىدە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ يىگىت بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلاشتى، بىر يىلغىچە كۆرۈشەلمەيدۇ، بىر يىلغىچە...

ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئەتىسى بېشى ئېغىرلىشىپ، بويى قىزىپ، پۇت - قوللىرى دەرمانسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نېرۋىسى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. مومىسىنىڭ سورىغان سوئاللىرى جاۋابسىز قالدى. ئەكەلگەن تامىقى يېيىلمەي سوۋۇپ قېلىۋەردى. زۇلەيخان تورۇسقا قارىغىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتاتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەل - پەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، ئىشىك ئالدىغا چىقتى. كۆزى ئىختىيارسىز قوشنىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئاغدى. ئۇ يەر جىمجىت، ئادەمزات يوق ئىدى.

چۈشتىن كېيىن مومىسى يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كىردى:

— تۈنۈگۈن ھاۋانەم نەۋرىسىنى ئۇزاتقىلى بازارغا بېرىپتىكەن، دوختۇر سىڭلىسى ئىككى قۇتا دورا بېرىپتۇ، بۇنى ئىچىپ بېقىڭ، قىزىم.

زۇلەيخانىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. يەر، ئاسمان پىرقىراشقا باشلىدى، يۈزى تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە دېدىلە موما، نەۋرىسى كېتىپتۇما؟

— ھەئە، نېمە بولدىڭىز قىزىم؟

نۇرخاننىڭ سۆزى جاۋابسىز قالدى. زۇلەيخان ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىۋەتتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە يېزىنىڭ كۈز پەسلى ئاياغلىشىپ، ئاچچىق شامال دەرەخلەرنىڭ قۇرىغان يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە تىقىلىشىپ، ئىسسىق كاڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشتى. شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە زۇلەيخان ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، دېگەن سۆز تارقالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

**لەزىم ناسىر**

# شېئىرلار

## سىرلارغا باي مېنىڭ سەھرايىم

مومام ئېيتقان تۇنجى چۆچەكتەك،
بوۋام ئېيتقان جەڭ قىسسىسىدەك.
سىرلارغا باي، مەنىلەرگە باي
تەڭدىشى يوق گۈزەل سەھرايىم.
چاڭ ئۆرلىگەن توپىلىق يولدا،
ئاي شولىسى ئامراق دالىدا
چۆچەك سۆزلەپ قىلىن ئورمانغا،
ئۆتەر مېنىڭ تۈنلىرىم دائىم.

مەلەمدىكى سەگۈ تېرەككە
قونۇۋېلىپ تۈندە تولۇن ئاي،
مېھمان بولۇپ كىرەر خانەمگە
يۇلتۇزلارنى باشلاپ خۇشچىراي.
تورغايلارنىڭ سايراشلىرىدىن
ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا ئورمان،
تاڭ سەھەرنى ئۇيقۇغا زورلاپ،
ئەللەيلەيدۇ شاماللار ھەر ئان.

ئورمانلارنىڭ پۇشقاقلىرىدا
تۈنەپ يۈرگەن گۈزەل چۈشلىرىم
قايتىپ كېلىپ غېرىب خانەمگە،
ئويغىتىدۇ مېنى ئۇيقۇدىن.
شالاڭلىشىپ سەھەر تۇمانى
تۇغۇلىدۇ يېڭى بىر ھايات،
گۈزەللىشىپ زېمىن قايتىدىن.

ئىلھاملارغا بۆلەپ قەلبىمنى،
جىلۋە قىلسا دالا گۈللىرى:
يۈرىكىمنى ئوينار غىدىقلاپ
مايسىلارنىڭ چۈچۈك ھىدلىرى،
باشلاپ كېتەر خىياللىرىمنى،
ئەگىم - ئەگىم چىغىريوللىرى.
يىراق-يىراق ئېتىز قىرلىرى...

ئارمانلارنى قويۇپ يۈرەككە
ئورمانلاردىن بالقىسا قۇياش؛
سىڭىپ كېتەر مەرۋايىت شەبنەم
قاراشلارغا بېرەلمەي بەرداش.
پىچىرلىسا مەيىن شامالLAR
مايسىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا.
تىمتاس دالا كۆتۈرگەن غەليان
قاپلاپ كېتەر زېمىننى تۇتاش.
پەردىلەرنى قايرىپ چىرايلىق
ئېقىپ كىرسە ئۆيگە تولۇن ئاي.
كۆلكە قاپلاپ خۇمارلىق تۈننى،
باشلىنىدۇ تاتلىق پىچىرلاش.

ئىز توختىماس تۈپىلىق يوللار
باشلاپ بارار خىلۋەت بازارغا.
قىيا-چىيا، شاۋقۇن-سۈرەنلەر
كۆكۈم بىلەن كېتەر بىرلىشىپ.
كۆلەڭگىسى ئات ھارۋىسىنىڭ
داۋالغۇيدۇ ئاي شولىسىدا.
ياڭراپ ئەجەب مۇڭلۇق بىر ناۋا،
يۇلتۇزلارغا كېتەر چىرمىشىپ.

ئۇركىتىدۇ گۈلدۈرمامىنى
بىر بىرىنى سۆيۈپ خورەكلەر.
توشۇپ كېتەر يامغۇر سۈيىگە
تۈياقلاردىن قالغان ئورەكلەر.
قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ لەرزان
بوۋاقلارنىڭ ئۇماق كۈلكىسى.
دەم تارتىشىپ يىللىق قاراشلار،
ئويناپ كېتەر ئويغاق يۈرەكلەر.

جىلمىيىدۇ ئاي پارچىسىدەك،
ئاي سىمياقلار ئەجەب تارتىنچاق.
ئۇچۇپ يۈرەر كېپىنەك كەبى
گۈلدىن گۈلگە قونۇپ بىر قۇياش.
تەبىئەتنىڭ كېلىپ مەستلىكى،
قاراپ كېتەر ئاڭا مۆلدۈرلەپ.
بۇلۇت يۈرەر ئۇنسىز غەم چېكىپ
گۈل بەرگىگە تامچىلايدۇ ياش.

ئورمانلارنىڭ شۇۋۇلدىشى بار
سەھرايىمىنىڭ قۇچاقلىرىدا.
ئۇچۇپ يۈرەر گۈزەل ئارمانلار
مايسىلارنىڭ پۇراقلىرىدا.
گىرۋىكىنى چىشلەپ قۇياشنىڭ
گۈزەل بەخت، گۈزەل خىياللار
سۆيۈندۈرۈپ ئالەمنى پۈتۈن،
ئەكس ئېتەر بۇلاقلىرىدا...

## ئايدىڭدىكى پەرى

ئاي ئۆرلىگەن ئاشۇ ئاق كېچە
سالقىن شامال سۆيىدۇ يۇمشاق.
سۇغا قاراپ دەريا لېۋىدە
ئولتۇرىدۇ بىر پەرى ئۇماق.

تەۋرىنىدۇ بوستان كىرپىكلەر،
كۆزلىرىدە ئوينايدۇ خىيال.
ئولتۇرغاندۇ شۇنداق بىتاقەت،
ئۇ، بىرسىنى كۈتۈپ ئېھتىمال.

ئولتۇرىدۇ ئاي يۈزلۈك پەرى
ئۈزەلمەستىن ئايدىن مېھرىنى.
پىچىرلايدۇ بىر تال يوپۇرماق،
بىلىپ قالدى بەلكىم سىرىنى.

ئاھ، نېمانچە سىرلىق بۇ ياشلىق،
يۈرەكلەرگە سۆيگۈ ھۆكۈمران.
سۆيگۈ بولغاچ گۈزەل بۇ ھايات،
سۆيگۈ بولغاچ بەختلىك ئىنسان.

مۇختار ۋۇپۇرگى

# ئىزدىتقۇ يوللار

## بىز سۆيۈشكەن يېشىللىق

كۆرۈشمىسەك بوپتىكەن باشتا
جۇپ كۆزلەردىن سۆيگۈ تىلىشىپ،
سۆيۈشمىسەك بوپتىكەن باشتا،
يېشىللىقتا سەيلە قىلىشىپ.

كۆرۈشتۇق ھەم سۆيۈشۈپ قالدۇق،
يالقۇن بولدى تارتىنچاق لەۋلەر.
قىپقىزىل ئوت ئالەم شۇ ئەسنا،
گويا چۈشتەك ئۆتتى ئۇ دەملەر.

چاقماق چۈشۈپ كەتتى يۈرەككە،
سەلمۇ، مەلمۇ، كۆيدۈق قۇياشتەك.
قۇرۇپ كەتتى دىلدا يېشىللىق،
چاناقلاردا قايىنىدى ياشمۇ.

خىياللارمۇ ئاچچىق شۇ قەدەر،
كەنتەك سۆيگۈ ئۆرلىتەر تۈتۈن،
بىز سۆيۈشكەن يېشىللىق قېنى؟
قاقشال بولدى ئۇلار ئاھ...پۈتۈن.

## مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ

مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ،
رىناقلىرىغا
يېغىپ جاھاننىڭ كۈلكىلىرىدىنى.
مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ،
زىبا بەستىگە
يېغىپ گۈزەللىك ئۈلگىلىرىدىنى.
مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ،
يالغۇز - يېگانە-
بۇ شاردىكى بىرلا ئادەمدەك.
شۇ قەدەر مەغرۇر،
تەڭدىشى يوق سېخى ھاتەمدەك.
مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ،
نەزەرىنى
ئوراپ لەرزان مېڭىشلىرىغا.
مۇشۇ يولدىن كەتكەنىدى ئۇ،
يۈرىكىمنى
ئەسىر قىلىپ بېقىشلىرىغا.
مۇشۇ يولدا ساقلىدىم ئۇنى،
ساقلىغاندەك
چۆلدە سۈزۈك تاڭنى كارۋانلار.
مۇشۇ يولدا تەلمۈردۈم ئاڭا،
تەلمۈرگەندەك
پارلاق مەنزىلگە گۈزەل ئارمانلار.
مۇشۇ يولدا تۇردۇم بەك ئۇزاق،
گوياكى
مۇشۇ يولدا چوقچايغان تاغدەك،
مۇشۇ يولدا ئۈمىد، ئىشەنچىم
كۈلۈمسىرىدى
گۈزەل كۆكلەمگە يۈركەلگەن باغدەك.
مۇشۇ يولدىن كەلدى ئۇ ئەنە،
يالغۇز - يېگانە
شۇنچە ئەركىن تەپەسلەر ئېلىپ.
شۇنچە يوغان قىزىل بىر شارنى
بوۋاق تۇتقاندەك،
دولقۇنلىغان كۆكسىگە تېڭىپ.

## كۆيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم

ئاخشام ئويلاپ ياتقانىدىڭ سەن مېنى،
كىرىپ قاپسەن بۈگۈن مېنىڭ چۈشۈمگە.
يۈرىكىمدە قوغلاپ ھىجران دەردىنى،
كىردىڭ ئوماق، ۋىسال باشلاپ ئۆيۈمگە.

كۆيدۈرگەندە تىنىقلىرىڭ دېمىمنى،
يۈزلەندى قۇت مۇڭغا تولغان كۆيۈمگە.
كۆيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم،
كىرىۋەرگىن ھەر كېچىسى چۈشۈمگە.

## قانۇنىيەت

تۆكۈلمەكتە سارغايغان خازان،
مەيۈسلىككە ئەسىر تەبىئەت.
بوۋاق كۈلەر، بوۋاي خورسىنار،
بىر پەللىدىن تالىشىپ نۆۋەت.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان خازان،
يېشىللىقنى چۈشەر تەبىئەت.
چال كېلىمدۇ نەۋرىسى بىلەن،
ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ۋە ھەسرەت.

نىياز ئىمىن قۇربانى

# خەلقىمگە مېھرىمدىن چاچسام زەررە نۇر

## مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا

خانتەڭرى ئوغلىمەن، باتۇرلار نەسلى
شۇڭا مەن مەردانە ياشايمەن ئويغاق.
يېلىنىپ ئۆزگىگە ئەگمەيمەن بويۇن،
چۈشىمۇ بېشىمغا دەھشەتلىك چاقماق.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

نام - ئاتاق، شۆھرەتكە بولمايمەن نائىل،
شامالغا ئەگىشىپ سالمايمەن ساما.
قىلمەن ئەل، ۋەتەن غېمىنى مەڭگۈ،
جان تىكىپ ئىشلەيمەن قويماي تەمەننا.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن شېرىن ئۇيقۇدا.

مۈشكۈللەر تېغىنى قازىمەن تىلىپ،
قورالىم ئەل ماڭا تۇتقۇزغان قەلەم.
كەشپىيات كۆكىدە ئەيلىسەم پەرۋاز،
ئاچىدۇ باغرىنى ئاي يۈزلۈك سەنەم.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

ھاياتنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرىدىن
ھالقىيمەن بۈركۈتتەك كۆكسۈمنى كېرىپ.
قوينىغا ئالسىمۇ دېڭىز دولقۇنى،
ساھىلغا يەتكەيمەن ئۈپقۇننى يېرىپ.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

ياشايمەن ئىنسانىي خىسلىتىم بىلەن،
ئېتىقاد، ئەقىدەم جىسمىمدىكى جان.
خەلقىمگە مېھرىمدىن چاچسام زەررە نۇر،
قالمىغاي بىر ئۆمۈر دىلىمدا ئارمان.
مەن شۇنداق ياشايمەن يۈكسەك تۇيغۇدا،
شېرىن چۈش كۆرمەيمەن غەپلەت ئۇيقۇدا.

## غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە بىلەن قاندايمەن ئالغا.
ئۇنىڭ يۈكسەك قۇدرىتى بىلەن
مەن يېتىمەن ئارزۇ — ۋىسالغا.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە گويا تومۇردىكى قان.
شۇ ئۇلۇغۋار غايىنىڭ كۈچى
ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلايدۇ جان.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە قانات كۆكتە، ئۇچۇشقا،
تىلسىماتلار سىرىنى ئېچىپ،
ئېرىشتۈرەر مېنى نىجادقا.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە قەلبىم قەسرىدە مەشئەل.
غايە مېنىڭ ئۆتكۈر قورالىم،
غايە بىلەن پۈتكۈل ئىشىم ھەل.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە ھەمراھ ۋىجدانلىق ئەرگە.
غايە چاقنار ئاشۇ ئادەمدە
كۆمۈلسىمۇ ھەتتاكى يەرگە.

غايە ئۇلۇغ، غايە مۇقەددەس،
غايە مېنىڭ ئۇچقۇر قاناتىم.
غايە بىلەن تىرىك ياشايمەن،
غايىسىز ھېچ ئۆتمەس ھاياتىم.

چاپپار ئەمەت

# بەخشى ئەتتىم ناخشامنى ساڭا

## ئىز ۋە مۇساپە

ئاپئاق قاردا باسقان ئىزلىرىم
باھار كەلسە كېتىدۇ ئېرىپ،
لېكىن مېنىڭ باسقان قەدىمىم
كېتمۇبەر يېڭى ئىز سېلىپ.

سوقماق يولغا چۈشكەن ئىزلىرىم
كەتكەن بىلەن شامالدا ئۇچۇپ،
لېكىن مېنىڭ يىراق مەنزىلىم
يېقىنلايدۇ غەلىبە قۇچۇپ.

مۇساپىگە يېتەرمەن ئاخىر
نىشانەمدىن ئاداشمىسامال،
شۇڭا قىلماي قىلچىمۇ تەخىر
مەن باسىمەن ھەمىشە ئالغا!

## بوگۈن

ھار ئۇنىڭدا تۆنۈگۈنىنىڭ سايىسى،
بار ئۇنىڭدا ئەتىنىڭ چىن غايىسى.
باغلانغاندۇر ئۇندا ئۆتمۈش، كېلەچەك.
ئەۋلادلارنىڭ ئۈمىدى، ئىرادىسى.

بىلسەڭ ئەگەر قەدرىنى سەن بوگۈننىڭ،
غېمىنى قىل ئەتە بىلەن ئۆگۈننىڭ.
داۋامىنى سەن ئورۇندا، بۇرادەر،
ئۇلۇغ ئەۋلاد چىككەن ئاشۇ تۆگۈننىڭ.

## ئايرىلسا

گۈل ئېچىلماس ياپرىقىدىن ئايرىلسا،
بولماس ئۈزۈم ساپىقىدىن ئايرىلسا.
يىلتىز كۆكلەپ چىقالامدۇ ياشىرىپ،
ئانا يۇرتىنىڭ تۇپرىقىدىن ئايرىلسا؟

كارغا كەلمەس مىلتىق ئوقتىن ئايرىلسا،
بۆرە يەيدۇ قوزا توپتىن ئايرىلسا،
تەمى بولماس شائىر يازغان شېئىرنىڭ
ھېسسىيات ۋە سۆيگۈ، زوقتىن ئايرىلسا.

قۇش ئۇچالماس قاناتىدىن ئايرىلسا،
بېلىق ھالاك بولۇر سۇدىن ئايرىلسا.
بەيگىلەردە ئۇتالمايدۇ چەۋەنداز،
كۆندۈرۈلگەن ئۆز ئېتىدىن ئايرىلسا.

شائىر بولساڭ سەن خەلقتىن ئايرىلما،
خەلق بەرگەن زوق ـــ شەۋقتىن ئايرىلما،
بول خەلققە مەڭگۈ سادىق، ھەمنەپەس،
ۋىجدان بىلەن پاك قەلبتىن ئايرىلما!

## ئىقبال

ئۇپۇق ماڭا كۆرۈنەر غۇۋا،
لېكىن ئۇنىڭ چېگرىسى چەكسىز.
ئىقباليمغا شۇ ئۇپۇق گۇۋاھ
ماڭا بېقىپ كۆلەر ئۇ شەكسىز.

تەلئەت ئاتاۋۇللا

# سۆيگۈ ناخشىلىرى

## بىراق، سېنىڭ ھېلىقى خېتىڭ...

كۆرگىنىمدە سېنى تۇنجى رەت،
چىققانىدى يۈرىكىم تاپتىن.
لېكىن، ئاڭا چىداشلىق بېرىپ،
خالى بولغان ئىدىم ئازابتىن.

تەرىك قىلغان ئىدىم تائەبەد
سەن توغرىلىق قىلىشنى خىيال،
(رەت قىلىنىپ مۇقەددەس مەقسەت،
يەتمىسۇن دەپ قەلبىمگە مالال.)

بىراق، سېنىڭ ھېلىقى خېتىڭ
ۋۇجۇدۇمغا باشلاپ كەلدى سەل.
كەلكۈن ئىچرە قالدى تەلپىنىك،
قۇتقاز دىلبەر!
قىرغاقتا تېز كەل!

## بىر ۋىراچقا سوئال

يېزىۋاپسەن ئىشخاناڭنىڭ تېمىغا:
«ئەدەب بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇڭ» دەپ.
كېلىپ قالسا ئەگەر تونۇش-بىلىشىڭ
باش لىڭشىتىپ يان تەرەپتىن
كىرىڭ، دەپ.

سەن «شەپقەتچى»، مەن «ھاجەتمەن» بولغاچقا،
بىلدۈرمىدىم ھەرىكىتىڭگە ئېتىراز.
يېزىۋالغان خەت ھېسابمۇ، ھەرىكەتمۇ؟
ئېيتقىن ۋېراچ،
ئىككىمىزدىن قايسى راست؟

## بەختىيارلىق ناخشىسى

مەن سۆيگۈ ياراتتىم، ئىلاھ ياراتتىم،
ئۇنسىز كۈي مەۋجىدە تەۋرەندى دۇنيا.
سۆيگۈمدىن ئالەمگە شادلىق تاراتتىم،
(كەۋسەرگە تويۇندى چاڭقىغان دۇنيا.)

ئاپىرىدە ئەيلىدىم دىللاردا قۇياش،
مەۋجۇدات چايقالدى زەررەك بۇلاقتا.
نۇر سۆيگەن چوقىلار تۆكتى ئىسسىق ياش،
ئاھ ئۇردى بىماجال ھۇقۇش سولاقتا...

ئىقبالغا باشلىدى مېنى سېھرەڭ يول،
ياندىشتى يولۇمغا پەرى-مالائىك.
تەگبىلەر ئالدىمدا تۇردى قول باغلاپ،
قەلبىمنى سۆيگۈگە قىلمىغاچ ئىپتىك.

نەقىش بوپ ئويۇلدى دىللارغا نامىم،
نۇر ئەمگەچ كائىنات سۆيگۈ مۈلكۈمدىن.
گۈزەللىك قەسرى بولدى ماكانىم،
سەدىقە تىلىدى ۋىناس ئىلكىمدىن.

## ئۈمىد

سېنىڭسىز قەلبتە ياڭرىمايدۇ كۈي،
سېنىڭسىز مەنزىلگە يېتەلمەس كارۋان.
سېنىڭسىز تارقاتماس تىنىقلار خۇشبۇي،
سېنىڭسىز جەڭلەردە بىغالىب پالۋان.

سېنىڭسىز بولمايدۇ چىدام ۋە سۇبات،
سېنىڭسىز ئارمانلار يۈرۈشەر سەرسان.
سېنىڭسىز ئىنسانغا بىھاسىل مۇراد،
پەقەتلا سەن بىلەن مەۋجۇتتۇر ئىنسان.

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## قابىل رەسسام ـــ تەبىئەت

چومبىلىنى قايرىدى سۇبھى،
كۆتۈرۈلدى بىر ئاقۇش پەردە،
خىرەلەشتى كۆكتە يۇلتۇزلار،
كۈلگەچ گۈزەل بىر پەرى يەردە.

كۈلدى ئۇپۇق غۇنچىدەك لېۋەن،
ئوت يالقۇنى پارلار كۆزىدە.
كۆلەڭگىسى كۆيدى قۇشلارنىڭ
زەر چايقىغان دەريا يۈزىدە...

يالماپ كەتتى شەپەقنى زېمىن،
چاچراپ چىقتى ئارقىدىن قۇياش،
تاغلار كىيدى مىستىن دۇبۇلغا،
ئورمانلاردا يالتىرار ئوتقاش.

تەۋرەپ شۇئان نازۇك نىگاھلار
كۆزلىرىدىن تۆكتى مونچاق ياش.
جىلۋىلەندى گۈلگۈن نىگاھلار،
ھەرقەتىردىن كۈلۈپ مىڭ قۇياش.

ھايات گۈزەل، گۈزەلدۇر ئالەم،
كائىناتقا گۈل چەككەن ئادەم.
قابىل رەسسام تەبىئەتمۇ ھەم
ئىنسانغا زوق بېغىشلار ھەردەم.

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## روبائىيلار

1

مەيلىرىڭ يۈرەككە ياقتى ئوت، ساقى،
مەي بىلەن مەيلىمنى مەيلى ئۆت، ساقى.
ھەزىللەر قانىتى يەلپۈسۇن دىلنى،
تىلىمىڭ بار، دېمەككى بولما بۇت، ساقى.

2

كۆپ ئىنسان ياشىدى قېنى كىم قالدى،
ھەممىنى بۇ تۇپراق قوينىغا ئالدى.
قەدەھلەر جارىڭىن ئاڭلىماي ئۆلسەم،
دېمەيمەن ھەرگىزمۇ ئارمىنىم قالدى.

3

مەن ئۈچۈن ئەجرىمنىڭ نېمىتى ئەلا،
ھەممىدىن دوستۇمنىڭ رىغبىتى ئەلا.
جەننەتتىن ھەرگىزمۇ يوقتۇر تەمەيىم،
ھەممىدىن پانىيىنىڭ ھىممىتى ئەلا.

4

ھەر كۈنى بىر سادا كېلەر ۋىجداندىن،
يالغاندىن خالى ئۆت دەپ بۇ جاھاندىن،
مەن دەيمەن مەستلىكىم چىن ئادەملىكىم،
ساق ۋاقتىم ھېچ خالى ئەمەس يالغاندىن.

5

قەدەھىم ئەگەردە بولسا سايرامدەك،
ۋە يەنە ئۆلپىتىم بولسا ھەييامدەك.
ھەر كۈنى توختىماي ئىچەتتىم شاراب،
ھەر كۈنۈم ئۆتەتتى خۇددى بايرامدەك.



ئالىمجان ئىسمايىل

# يىغلىما قىز

(پوۋېست)*

ئانا ئوڭايسىزلانغان هالدا ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئادىلە بىلەن تىنچلىق سوراشتى.

— يېزىدىن پىيادە كەلگەن ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ئانا ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ، — ئەتىگەن دادىسىغا بېكەتكە بېرىپ باقايمىكىن دېگەنتى، بارسىمۇ بوپتىكەن، يولدا تازىمۇ چارچىغانسىلەر؟ بۇ ئارىلىقمۇ خېلى بار ...

— بىرەر هارۋىمۇ ئۇچراپ قالمىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— هازىر ھەممە ئادەم ئورمىدا ئەمەسمۇ بالام، ھېيتقىچە بۇغدايىنى ئورۇۋالغىلى ئالدىراپ، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرگۈدەكمۇ چولىسى يوق، مېھمان قىز جاپا تارتىپ قالدى-دە ...

ئانا تەمترەيتتى، قىزىنى ساق-سالامەت كۆرگەنىنىڭ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويار يەر تاپالماي ئالدى-كەينىگە يۈگۈرەيتتى. ئادىلە ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇنىڭ بوي-تۇرقىدىن تارتىپ چىرايىغىچە ئامانگۈلگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ھەتتا ئاۋازىمۇ ئامانگۈلنىڭكىدەك زىل، يېقىملىق ئىدى.

بۈگۈن بۇ ئائىلىدە ھېيت بولغاندەك بولدى. ئامانگۈلنىڭ دادىسى ئېگىز بويلۇق ياۋاش ئادەم قىزلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئادىلەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماستىن بىر پاقلاننى ئېلىپ چىقىپ سويدى.

— شۇنچە يەردىن كەلدىڭلار، — دېدى ئانا، — تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى، قۇربانلىققا يەنە خۇدايىم بېرەر ... بىر يىلدىن بۇيان ئوقۇيمىز دەپ چارچىغانسىلەر، هازىر ئوقۇشمۇ بەك ئېغىر دەيدۇ، ئوبدان ئويناپ دەم ئېلىڭلار.

ئامانگۈل ئىتتىك ئادىلەگە قاراپ ۋىللىدە قىزاردى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقالمىدى، ئامانگۈلنىڭ بىر شەھەرلىك قىزنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قوشنىلار، ئامانگۈلنىڭ ئىلگىرىكى دوستلىرى ئۆزلۈمەي

*بېشى ئۆتكەنكى سانىدا.

كىرىپ تۇراتتى. ئۇلار ئامانگۈلنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈشكە قىزىقاتتى. ئۇلار توغرىسىدىكى تەسىراتلار بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە تارقالدى.

— توۋا، ئامانگۈل ئەجەب بىر بولۇپ قاپتۇ، گەپ - سۆزلىرىمۇ بىر قىسما...

— ئۇرۇەچى ياراشقاندەك تۇرامدۇ - نېمە، ئاقىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئامانگۈلنىڭمۇ ئېپى بار ئىكەن، قاراڭلار، ئۈرۈەچىگە بېرىپلا باشلىقنىڭ قىزى بىلەن دوست بولۇۋالغىنىنى، بۇ تۇرقىدا مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئامانگۈلنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن كەلمەسلىكى يېقىن ئوخشايدۇ.

— كېلىپمۇ نېمە قىلىدۇ، بىزلا ئىكەنمىزغۇ ئەخمەق بولۇپ ئېتىزدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان ...

— ئاۋۇ قىز ئارتىسقىلا ئوخشايدىكەن، دەسلەپ بىز خەق ئەمەسمىكىن دەپ قاپتىمەن...

— ھازىر شەھەرنىڭ قىزلىرى قالتىس كىيىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، توۋا دېمىسە...

ئۆز ۋاقتىدا ئامانگۈل بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان قىزلار ئامانگۈلنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئېغىر خورسىنىشىپ قويۇشاتتى.

پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى بۆگۈن بېسىقتى. بۆگۈن ھارپا ئىدى، ھەممە ئۆيلەردە ئەتىكى ھېيتنىڭ تەييارلىقى قىزىپ كەتكەنىدى. بۆگۈن ئاياللار ئۆي قېقىش، نان يېقىش، ساڭزا سېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئەرلەر بولسا هويلا - ئارامىلارنى تازىلىشتۇ-رەتتى، قۇربانلىق قوينىڭ غېمىنى قىلىشىپ يۈرۈشەتتى. مەھەللىدىكى بىردىنبىر ساتىراش مەھەممەت قارىينىڭ قولى بۆگۈن ھەممىدىنمۇ بېسىق بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەتىگەندىن بويان ئېرىق بويىدىكى سۆگەت تۈۋىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ چېچىنى چۈشۈردى، ساقال-بۇرۇتىنى ياسىدى، يەنە بىرمۇنچە ئادەم نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئامانگۈل چۈشكىچە ئاپىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇخلاۋاتقان ئادىلەنى ئويغاتتى:

— دەرياغا بېرىپ سۇغا چۈشۈپ كېلەمدۇق، — دېدى ئۇ، — بۇ يەرنىڭ مۇنچىسى شۇ دەريا.

بۇ تەكلىپ ئادىلەگە تازا خۇش ياقتى. ئۇنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. ئىككى قىز سوپۇن، لۆڭگىلەرنى سومكىغا سېلىپ كوچىغا چىقىشتى. دەريا يېزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، جىرادا ئىدى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى قوشنا يېزا — توغراقنىڭ يەرلىرى ئىدى. قىزلار مەھەللىنىڭ قىغ پۇراپ تۇرىدىغان كوچىلىرىدىن چىقىپ ھارۋا يولى بىلەن ئېتىز ئارىلاپ تۆۋەنلەپ كەتتى.

يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. ھارۋا ئىزى كېچىككىنە، تار ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. قىزلار يولنىڭ چېتى بىلەن — ئادەملەرنىڭ ئايىغى دەسسەپ تۈزكى قالمىغان گىملەمدەك تاقىرلىشىپ قالغان قاتتىقراق يول بىلەن مېڭىشتى. جىمجىت دالا خۇددى سېھىرلەنگەندەك سۈكۈنات ئىچىدە ئېغىر تىناتتى. ئاسمان بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك، پەقەت ئۇپۇق جىيەكلىرىدە بىر-نەچچە پارچە ئاق بۇلۇت ئېسىلىپ قالغانىدى. تومۇزقۇياشىنىڭ تەپتىدىن كۆزنى ئاچقىلى

بولمايتتى. دۇمبىلەر ئوت بولۇپ كەتتى. بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېگىزلىق ئۈستىدە، ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ سالپايغان قۇلاقلىرى، قوناقلارنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان فول يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە ياز قۇياشىنىڭ زەھەردەك ئۆتكۈر ئىسسىقى ئېسىلىپ تۇراتتى.

تىنىق ئاسمان قەرىدە يالغۇز بىر سار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قوڭۇر قانىتى كەڭ يېيىلغان بولۇپ، قۇياشقا يۈزلەنگەندە ئۇنىڭدىن چېقىلغان چاقماقتەك نۇر چاچرايتتى، ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ، مەھەللە تەرەپكە يۈزلەندى ـ دە، ھاۋانى قىلىچتەك كېسىپ شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتتى. «قايسى جانىۋارنىڭ ئەجىلى توشتىكىنا» دەپ ئويلىدى ئامانگۈل ئىچىدە. قىزىغان دالا ئۈستىدە نېپىز داكىدەك ئالۋۇن لوغىلدايتتى، پەستە قارامتۇل يەپتەك توغرىسىغا سوزۇلغان دەريا قاسىنىقىدىكى دەرەخلىك بىنەپشە ئۇيۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوتلار، ياۋا گۈللەر ئۈستىدە كېپىنەكلەر، يىڭناغۇچلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. سالقىن ئوتلۇقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان چېكەتكىلەر تىنماي چىرىلدايتتى، ئارىلاپ بۆدۈنىنىڭ سايرىغان ئاۋازى، قۇرۇپ پىشقان ئوتلارنىڭ چىرىلداپ سۇنغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى بىر چېتى ئېگىز ئۆسكەن قوناقلىققا تۇتاشقان بۇغداي ئېتىزىدا بىر دېھقان دۈمچىيىپ ئورما ئورۇۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا كەڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بېلىنى كۆك پوتا بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسى تەردىن پارقىرايتتى. دىقماق بويىنى، قاپقارا تېرەك بېسىپ كەتكەن مەيدىسىنى بويلاپ تەر سۇدەك قۇيۇلاتتى. ئۇ كۈنگە بىر قارىۋېتىپ، بېلىدىن ئۇزۇن تاش بىلەينى ئالدى ۋە ئۆزىگە باقاندا ھەدىدىدىن تاشقىرى يوغان ئورغىقىنى ئېلىپ شارتىلدىتىپ بىلەشكە باشلىدى. ئۇ بىلەينى ئورغاققا ھەربىر سۈركىگەندە ئورغاقنىڭ ئاقارغان بىسىغا قۇياش نۇرى چۈشۈپ ئەينەكتەك يالتىراپ چاقنايتتى. ئۇ ئورغىقىنى بىلەپ بولۇپ كەينىگە — بۇغدىيى ئورۇلۇپ بولغان ئېگىزلىققا قارىدى. ئۇنىڭدىن 20 — 30 قەدەم كەينىدە بېشىغا گۈللۈك يېشىل ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ئورۇقراق ئايال باغ باغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان يۈزى مىستەك پارقىرايتتى. ئۇنىڭ چاشلىرىغا، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرىغا بۇغداي قىلتىرىقلىرى سانجىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ باغلىقنى يەرگە يېيىپ دەستىلەگىلىك ئۇنچىلەرنى ئەكىلىپ قويدى ـ دە، باغلىقنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنچىنى كۆچەپ تىزلىدى. قۇرۇپ كەتكەن بۇغداي غوللىرى تىرىسلاپ مىجىلدى، ئايال چاققانلىق بىلەن باغلىقنى ئايلاندۇرۇپ چىگىپ بىر ئۇچىنى باغلىقنىڭ ئىچىگە قىستۇردى ـ دە، باغنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ باياتىن دۆۋىلەپ قويغان، خۇددى موڭغۇلنىڭ جولمىسىدەك چوقچايتىپ قويغان بۇغداي باغلىرىنىڭ قاتارىغا ئەكىلىپ تىكلەپ قويدى. ئايال ھارغىن ئۇھ تارتتى ۋە كۈنگە قايرىلىپ قاراپ يولدا كېلىۋاتقان قىزلارنى كۆرۈپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. قىزلار يېقىن كەلگەندىلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— ۋۇي، ئامانگۈلغۇ بۇ، — دېدى ئۇ يولغا ئۆتۈپ ۋە ئامانگۈلنىڭ بېشىدىن ئايەغىنچە سەپسېلىپ تۇرۇپ، — قانداق، تىنچ كەلدىڭىزمۇ؟ كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، قاچان كەلدىڭىز؟

— بىرلەچچە كۈن بولدى، — دېدى ئامانگۈل ئۇنىڭ ئىسسىقتا قىزىرىپ كەتكەن
يۈز - كۆزىگە قارىغىنىچە، — ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟
— خۇداغا شۈكرى، ئازراق بۇغداي قالغانتى، بۈگۈن ئوروۋېتەيلى دەپ... تۇۋا،
ئۆزگىرىپلا كېتىپسىز جۇمۇ، تونۇيالمايلا قالدىم...
— مەنمۇ سىزنى تونۇيالمايلا قاپتىمەن...
— قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟
— ياق، — ئامانگۈل خىجالەت بولدى.
— ئېتىزنىڭ ئىشى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىكەن، سىز ئەجەبمۇ ئەقىللىق ئىكەنسىز، يېزىدىن
قۇتۇلۇۋالدىڭىز، مەن نېمە پوق يەپ ئوقۇۋىرمىگەن بولغىيتتىم؟...
شۇ ئاردا ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈز - كۆزى شالتاق، ئىشتانسىز 4 - 5 ياشلاردىكى
ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاپانىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، قىزلارغا قىزىقىقاندەك
قاراپ قالدى. ئايال بالىسىنىڭ تۇرقىدىن خىجالەت بولدىمۇ قىزلارغا قاراپ:
— قاياققا ماڭدىڭلار؟ — دەپ سوردى.
— دەريا بويىغا بېرىپ كېلەيلى دەپ كېتىۋاتىمىز.
— ھە، ھېيتتا ئۆيگە كېلىڭلار، مەنمۇ كۆرۈشكىلى كىرەرمەن.
قىزلار خوشلىشىپ ماڭدى.
— ئادىلە! — دېدى ئامانگۈل سەل ماڭغاندىن كېيىن، — سېنىڭچە ئاشۇ ئايال
نەچچە ياشلاردا باردۇ؟
ئادىلە كۆزىدىكى رەڭلىك كۆزەينەكنى تۈزەپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئايالغا
سەپسالدى.
— ئوتتۇزدىن ئاشقاندۇ.
— يىگىرمىگە كىردى، — دېدى ئامانگۈل.
— يىگىرمە ياشتا؟
— ھەئە، ئايىنسا مەندىن بىر سىنىپ ئىلگىرى ئوقۇيتتى. ئۇ مەكتەپتە ناخشىچى
ئىدى، تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ۋىلايەتنىڭ سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشقانىدى،
كېيىن سەنئەت ئۆمىكى ئالغۇدەك دېگەن گەپمۇ چىقىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى
بەك خۇراپىي ئادەم ئىدى. قىزىنىڭ سەنئەتچى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئوقۇشتىن چىقىرى-
ۋالدى، بىر يىل ئۆتەر - ئۆتمەي مۇشۇ زەيدىن ئاخۇنغا زورلاپ بەردى. بىچارە ئايىنسا
بىرەر يىلغىچە قان يىغلاپ يۈردى، ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەردى.
— شۇنداقمۇ؟ — ئادىلە ھەيران بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.
— دېھقان قىزلىرىنىڭ كۈنى مۇشۇ، شۇڭىمۇ خەقلەر خورلىسىمۇ چىداپ چىقىپ
كەتتىمغۇ، يېزىدا قالغان بولسام مەنمۇ ئاشۇ ئايىنسادەك ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرەتتىم.
— توغرا قىپسەن ئاداش، — ئادىلە ئۇنى قۇۋۋەتلىدى.
— بىچارە ئايىنسا ھېيتلىق تەييارلىقنىمۇ قىلالماپتۇ، — ئامانگۈل خورسىنىپ قويدى.
ئۇلار ھايال ئۆتمەي دەريا بويىغا كېلىشتى. ئامانگۈل دوستىنى ئىلگىرى ئۆزى

داۋاملىق چۆمۈلدۈرغان دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئارالغا باشلاپ كەلدى. بۇ ئارال قويۇق ئۆسكەن تال، تاغ تېرەكلىرى بىلەن پۈركەلگەنىدى. ئۇنىڭ كىرىلچىقىش تەرىپى قۇمساقخۇ ئىدى. دەرۋەقە بۇ يەردە ئۇلارنى ھېچكىممۇ كۆرمەيتتى.

دەريا بويى ئاجايىپ بىر سېھىرلىك جىمجىتلىقتا چۆكەنىدى. چىمەنلىك قىرغاقنى يالاپ جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن شىلدىرلىغان، قايناملاردىن چۇرۇقلىغان ئاۋاز كېلەتتى. سۈپسۈزۈك سۇ، سالقىن قىرغاق، جىمجىت دالا ئادىلەگە ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. قىزلار كېيىملىرىنى سېلىشىپ يوغان سۆگەت ئاستىدىكى چىملىقتا قويدى. ئادىلە سۇغا چۈشۈشتىن قورقۇپ پۇتىنى سۇغا چىلاپ قىرغاقتا تۇردى. سالقىن سۇدىن ئۇنىڭ تېنى يايراپ كەتتى. مانا ئۇ شۇ ياشقا كەلگىچە بىرەر قېتىممۇ مۇشۇنداق دەريا سۈيىدە چۆمۈلۈپ باقماپتۇ. ئۇ بۇلارنى پەقەت كىنولاردىنلا كۆرەتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ھەقىقىي دەريانى كۆردى.

«چولتۇك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنى، يۈز - كۆزلىرىگە سۇ چاچراپ ئەندىكىپ كەتتى، ئامانگۈل سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— بېشىڭنى يە! ئەجەبمۇ قورقاتتىڭغا، — ئادىلە ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقى بىلەن كۈلدى.

— چۈشمەي تۇرامسەن؟ — ئامانگۈل ئۇنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كەلدى، — ئەكە قولۇڭنى، مەن يېتىلەپ چۈشۈرەي.

— قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ مانا چوڭقۇر ئەمەس.

— يىلان يوقتۇ - ھە؟

— سېنى قانداق يىلان قورقىماي چاقار...

ئادىلە ئامانگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇددى تېيىلغاق يەردە ماڭغاندەك يانچە بولۇپ ئاستا سۇغا كىردى. ئۇ سۇغا چۆككەنسېرى ئەندىكىپ سىلكىنەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۇغا كۆنۈكتى ۋە ئامانگۈلنى دوراپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

— كەل ئادىلە، دومبەڭگە سوپۇن سۈرۈپ قوياي، — ئامانگۈل قىرغاقتىن سوپۇننى ئەكىلىپ ئۇنى چاقىردى. ئادىلە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئامانگۈل بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇ شۇنچىلىك ئورۇق ئىدىكى، ئۇنىڭ بەدىنىدە گۆش يوقتەك ئەكسىچە ئۇستىخانىنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق تېرىنى تارتىپ كىيدۈرۈپ قويغاندەكلا ئىدى. سوپۇن ئۇنىڭ بەدىنىدە گويا ئېگىز - پەس تاختاينىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك غىرىلدايتتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزى دوستىنىڭ كۆكسىگە چۈشتى، ئۇنىڭ كۆكسى پەقەتلا يوق ئىدى. ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— مەن ئورۇقمىكەنمەن، — دېدى ئادىلەمۇ ئۇنىڭ ئويىنى سەزگەندەك، — تۇرۇپ ئۆزۈمگىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، سېنىڭدىكى فىگورا مېنىڭدە بولسىچۇ دەيمەن، مانا سەن ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، تىرىشسىدە تۇرىسەن، قانداق تەلەيلىك يىگىتنىڭ قولىغا چۈشەرسەنكىن - تاڭ... راست، ساڭا ئىچىمنىڭ تارلىقى كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر مەن يىگىت بولۇپ قالغان بولسام چوقۇم سېنىلا ئالغان بولاتتىم.

— مانا ساڭا ئالدى دېگەن! — ئامانگۈل ئۈچۈمداپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى. ئىككى دوست بىر پەس دەريا بويىنى بېشىغا كىيىشىپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينىشتى.

مۇشۇنداق تومۇز كۈنى سۇغا بىر چۆمۈلۈپ چىقىپ قىزىغان قۇم ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىش قانچىلىك راھەت، ئىككى قىز سۇدىن چىقىپ يۇمشاق قۇمدا سوزۇلۇپ يېتىشتى. دەريا يۈزى كۆزنى قاماشتۇرۇپ جىمىرلايتتى، نېرىقى قىرغاقتا ياپپېشىل قوناقلىق يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەمدىلا چىقارغان ئاقۇش پۆپۈكلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ يېنىك تەۋرىنەتتى. بۇ يېشىللىقنىڭ چېتى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن قىزغۇچ تاغلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا ئاپئاق قار ياغقان بولۇپ، زەن قويۇپ قارىسا بۇ تاغ خۇددى ئاق دوپپا كىيگەن بوۋايغا ئوخشايتتى، تاغ باغرىدىكى جىرالار خۇددى ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارغا، ئېدىردىكى قوناق پۆپۈكلىرى ئۇنىڭ ئاقارغان ساقال - بۇرۇتىغا ئوخشايتتى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئاسمانغا قاراپ ئېزىلىپ ياتقان ئادىلە كۆزىنى ئېچىپ، — مەن شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟ سەھرانىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئەۋزەللىكى بار ئىكەن. قارىغىنا، قانداق جىمجىت، ساپ ھاۋا، بۇ يەردە كاللاڭمۇ تىپتىنچ بولۇپ قالىدىكەن، ئۈرۈمچىدە چېغىمدا كەچكىچە جىددىيلىشىپ ئالدىراپلا يۈرەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، مىغىلدىغان ئادەم، ماشىنىلارنىڭ دەستىدە بېشىم قاپاقتەكلا بولۇپ قالاتتى. بۇ يەرگە كېلىپ شۇنداق يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— راستمۇ؟ — ئامانگۈل ئۆرە بولۇپ رازىمەنلىك بىلەن دوستىغا قارىدى، — مەن سېنى زېرىكىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنتىم، بۇ يەردە شەھەردىكىدەك ئويۇن - تاماشا يوق، دېيىقان دېگەن بايا كۆرگەندەك، تىرىكچىلىكنىڭ غېمى بىلەنلا يۈرىدۇ.

— ئۇ يەرلىرىنى دېسەڭمۇ شەھەرگە يەتمەيدۇ، شۇڭا كونىلار «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دەپتىكەن...

— توغرا، راست دەيسەن، ئەمما يەنىلا شەھەرگە يەتمەيدۇ، شەھەر دېگەن ئىلىمنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى، شەھەرگە بىر كىرىپ چىققان ئادەمنىڭمۇ كۆرگەن نەرسىسى جىق بولىدۇ، يېزىدا نېمە بار، ئۆي، ئېتىزلىق، بۇغداي، قوناق، شۇ...

— سىلەرنىڭ بۇ يېزىدىن ئالىي مەكتەپكە چىققان يالغۇز سەنمۇ نېمە؟

— ھازىرچە مەن، بۇرۇن بىر قىز چىقىپتىكەن، بىزنىڭ قوشنىمىز سېلىمخان دېگەن تۇل خوتۇننىڭ قىزى ئىدى. بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قىزىق ئىش، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىشىمغا بىر ھېسابتا شۇ ئايال سەۋەبچى بولدى دېسەممۇ بولىدۇ.

— قانداقسىگە؟

— مەن تېخى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇ ئايال يولدىشى بىلەن يېزىغا تۇغقان يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قالدى. تۇغقانلىرىغا ئەكەلگەن سوۋغىتىنىمۇ ھېسابسىز جىق ئىدى. نەچچە كۈنگىچە مەھەللىدە شۇلارنىڭ

گېپى بولدى. يېزىدا ئەتىۋارلىق مېھمان بولدى، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇلارنى مېھمانغا چاقىردى. ئۇ ئايال مېنىڭ ئوقۇشۇمنى سوراپ، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئەستايىدىل كۆرۈپ مېنى ماختىدى:

— بۇ قىز دەرستە بەك ياخشى ئىكەن، ئوقۇتقۇچىلار، چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇسۇن، دېدى ئاپام بىلەن دادامغا. ئايالنىڭ شۇ گېپى قۇلىقىمغا بەك ئورۇنلىشىپ كېتىپتىكەن، مەن چوڭ بولسام ئاشۇ ئايالدەك بولىمەن، دەپ ئوقۇشقا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتىم. ھەرقانداق ئىشقا بىر نەرسە سەۋەب بولىدىكەن...

— بۇ گەپچە كېيىن ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قالسا قالىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— قالىمەن، لېكىن بىزلەرگە تەس... سېنىڭمۇ دادىڭ چوڭ باشلىق، بىر يولىنى قىلالايدۇ، ئەمما ماڭا كىم ياردەم قىلىدۇ دەيسەن...

— يەنە تۆت يىلنى تۈگەتكىچە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ... بولمىسا ھازىردىن باشلاپلا ئۇرۇمچىلىك يىگىتتىن بىرنى تۇت، راست...

— سېنىڭ ئاغزىڭغا شۇلا كېلىدۇ، — ئامانگۈل بېشىنى چايقاپ كۈلدى.

ئىككى دوست خېلى بىر چاقىچە كەلگۈسى تەقدىرلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

## 8

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ كەتكىلىمۇ خېلى بولدى. مەكتەپنىڭ بىر خىلدىكى شاۋقۇنلۇق ھاياتى يەنە باشلاندى. ئامانگۈل بىلەن ئادىلە ئاشۇ سەھرادا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، يېزىنىڭ ساددا كىشىلىرىنى، ئۇلار دائىم بېرىپ چۆمۈلىدىغان دەريانى پاتاتلا ئەسلىشىدۇ. ئامانگۈل دوستىنىڭ يېزىدىكى دەم ئېلىشتىن رازى بولغانلىقىغا بەك خۇشال ئىدى.

— ماڭا بۇ تەتىل خۇددى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش پراكتىكىسىدەك بولدى، — دېدى ئادىلە بۈگۈن يەنە يېزىنىڭ گېپى چىققاندا، — مەن ھازىرغىچە يېزىنى، دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ باقمىغانتىم، بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بىزنىڭ يېزىلىرىمىز تېخى تولىمۇ قالاق، نامرات ئىكەن، دېھقان بىچارىلەر ھازىرغىچە تېخى قورساقنىڭ غېمىدا ئىكەن ئەمەسمۇ، شەھەر بىلەن سېلىشتۇرساڭ پەرق بەك چوڭ ئىكەن.

ئامانگۈلمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— مەنمۇ ئۇرۇمچىگە دەسلەپ كەلگەندە ھەيران قالغانتىم.

— يېزىنىڭ ئاياللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇرۇمچىنىڭ ئاياللىرىنى خېنىم دېسە بولغۇدەك، مەسىلەن، شەھەردىكىلەر دېھقاننىڭ ئاياللىرىدەك ئەمگەك قىلمايدۇ، نان ياقمايدۇ، كىرنىمۇ ئاسانلا تازىلايدىغان يەرگە بېرىدىغان بولدى. باشقا نېمە ئىش بار؟

— بالىنىمۇ كۆپ تۇغمايدۇ...

— ھەئە، ھازىر بىرنىلا تۇغىدۇ، شۇنىمۇ باقالماي قاقشايدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا

يېزىدىكى ئاياللارنىڭ جېنى تۆمۈرمىكىن دەپ قالدىم. لېكىن ئاداش، دېھقان خەقنىڭ بىر ئىشى مېنى ھەيران قالدۇردى، ئۇلار شۇنچىلىك ئامراتلىقىغا باقماي ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئىكەن. بىچارىلەر بىزنى قانداق كۈتۈپ كەتتى. تونۇغان - تونۇمىغانلار ھەممىسى ئۆيلىرىگە چاقىردى، ئۆزلىرى يېمەي بىزنى مېھمان قىلدى. ئۈرۈمچىدىچۇ؟ ئۇ دۆل قوشنىسىنىڭكىگە ھەتتا چەت ئەلدىن تۇغقىنى كەلسىمۇ كارى يوق. ئىشىكىنى دوم تاقاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ئاي، يىللاپ بىر - بىرىنىڭكىگە كىرىپ چىقىشمايدۇ، كىشىلەر بەك مەدەنىيلىشىپ كەتسە شۇنداق بولۇشۇپ قالامدىكىنتاڭ...

ئامانگۈلگە ئادىلەنىڭ بۇ سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئامانگۈل ھەر كۈنى خەت كەلدىمىكىن دەپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرەتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر خەتتىن دېرەك يوق ئىدى. ئۈرۈمچىدە ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇشقا باشلىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا ئۆتۈكتىن بىرنى ئېلىۋالماقچى ئىدى. ئۆتكەن يىلقى قىشلىق ئايىغى كىيگۈسىز بولۇپ كەتتى.

بۈگۈن ئۇ يەنە خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىردى. خۇداغا شۈكرى خەت كەپتۇ، ئۇ خەتنى ھويلىدىلا ئېچىپ ئوقۇدى، لېكىن ئوقۇپلا بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى سىقىلدى، خەتتە خۇش - خەۋەر يوق ئىدى. ئۇلار قايتىپ بىرەر ھەپتىدىن كېيىن تۇيۇقسىز قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، ئېتىزلىقتىكى زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، شۇ قاتاردا ئۇلارنىڭ 20 مو يەردىكى كېۋىزى پۈتۈنلەي ئۆلۈپتۇ، ھېلىمۇ بۇغدايىنى يىغىۋالغان ئىكەن، بولمىسا يەيدىغانغا ئوزۇقمۇ قالماسكەن، ئۆيدىكىلەر خېتىدە يېقىن ئارىدا پۇل ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يېزىپتۇ.

خەتنى ئوقۇپ ئامانگۈل لەسسىدە بولۇپ قالدى. كۆزىگە ياش ئولاشتى، «ئۆتۈكنىمۇ ئېلىپ بوپتىمەن،— دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن،— ئەمدى قىشنى قانداق چىقىرارمەن؟... كونا ئايىغىنى يامىتىپ كىيەرمەنمۇ؟...»... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بەس - بەس بىلەن ئۆتۈك كىيىشىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئوت سالغىلى تۇردى. خەدىشە ئۆتكەن ھەپتە 150 يۈەنگە بىر پەلتو ئالدى. نۇرىمانمۇ يېڭى پوپايكا - يوپكا كىيدى. ھەممىسلا ئۆيلىرىدىن خېلى پۇل ئەكىلىشكەنىدى. ئامانگۈلنىڭ بولسا دادىسى ماڭار چاغدا بەرگەن پۇلغا ئۆزى بىلەن ئادىلەگە بېلەت ئالدى، يولدا خىراجەت قىلدى، ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئىلگىرى - كېيىن يانچۇقىدا 20 سوم پۇل قالغان ئىدى، نەچچە ۋاقىتتىن ئۇششاق - چۈششەك ئېلىپ ئۇمۇ تۈگىدى. مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئادىلەدىن سوراۋېرىشمۇ سەت تۇرۇ، ھېلىمۇ ئۇ بىرمۇنچە كىيىملىرىنى بىكارغا بەردى...

ئامانگۈلنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى، ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىنىپ ئويغا پاتتى، «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن بىر سوئال ئۇنىڭ مېڭىسىنى پىچاقتەك كوچىلايتتى.

ئامانگۈل ئاچچىق خىياللار بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇردى.

ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى ياتاقتىكى قىزلار ئەتىگەندىلا بازارغا جابدۇندى، ئادىلە

ئاخشام ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئامانگۈل ئورنىدىن ۋاقچە تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇ قىزلارنىڭ قايسى ماگىزىنغا قانداق يېڭى كىيىملەرنىڭ چىققانلىقى توغرىسىدىكى قىزغىن پاراڭلىرىغىمۇ قۇلاق سالمىدى، ئىچىدە بولسا ئۇلارغا ئاچچىقى كەلدى، ئۇلارنىڭ تېزرەك يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن ئۇلار قېرىشقاندەكلا ياسىنىپ بولۇشالمايتتى. «توۋا، دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ، بۇ قىزلار ئۆتكەن يىللىرى ياتاقتىن چىقىشمايتتى، ئادىلە پەرداز قىلسا كەينىدىن تىللاپ زاڭلىق قىلىشاتتى، ھازىر بولسا ئادىلەدىن قاشلىقنى قانداق ئېتىش، سۈرمىنى قانداق تارتىشنى سورىشىدىغان بولدى، ھەممىسى چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلىشتى. ئۈرۈمچىنىڭ قايسى كوچىسىدا قانداق ماگىزىن بار، قايسى كافىخانا ئازادە، قايسى تانسىخانىنىڭ تانسىسى قىزىيدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىشىدۇ، شەنبە كەلگىچە ئاران چىدىشىدۇ... شەھەر بۇلارنىمۇ ئۆزگەرتتى...»

سائەت ئونلارغا يېقىن قىزلار قىيا-چىيا بىلەن بازارغا مېڭىشتى. ئامانگۈل مىجەزىم يوق، دەپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدى. ئۇ بىردەم تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال قىلىپ ياتتى. ياتقانسېرى كاللىسىغا بىر-بىرىدىن كۆڭۈلسىز، ئاچچىق ئويلار كېلىۋېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. «مەن بىتەلەي نېمىشقىمۇ شۇنداق كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتتىم، دادام ئەڭ بولمىغاندا! بىر ئىشچى بولۇپ قالغان بولسا نېمە بولار ئىدى، ئايدابولمىسىمۇ ئىككى ئايدا بىرە قېتىم پۇل ئەۋەتىپ تۇرار ئىدى. مۇشۇنداق كۈن كۆرۈپ يەنە تۆت يىلنى قانداق توشقۇزارمەن، توۋا...»

ئامانگۈل بىرەر سائەتتەك كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ئازابلىنىپ ياتتى. كۆزىگە يىغا ئولىشاتتى، قۇرۇق ياتاق، زۇۋانسىز تۆت تام ئۇنى يەپ قويىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئاخىرى بولالماي قوپۇپ سىرتقا چىقتى. مەكتەپ ئىچىدە ئادەم شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ سالاپەتلىك ياسىنىشقان ئوقۇتقۇچىلار ئۇچرايتتى. تۇرقىدىن ئۇلار بىرەر توي ياكى نەزىرگە مېڭىشقاندەك قىلىشاتتى. ئەرلەر ساقال-بۇرۇتىنى پاكىز قىرغان، كىيىملىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللىغانىدى. ئاياللار بولسا شۇ كۈنلەردە ئەڭ مودا بولغان سوۋېتنىڭ ئۆتۈكى، پەلتولىرىنى كىيىشىپ، چاچلىرىنى بوياشقانىدى. ئۇلار ئەرلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئالدىرىماي مېڭىشاتتى. ئامانگۈل ئۇلارغا ھەۋەسلىنەتتى. مەنىمۇ كېيىنچە ئاشۇلاردەك يۈرسەم -ھە، دەپ ئارمان قىلاتتى.

ئامانگۈل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىقىشىغا كوچا ئاپتوبۇسى كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭدىن سودىلىقنى بالدۇرلا پۈتتۈرۈشكەن ئوقۇغۇچىلار خۇشال سۆزلىشىپ چۈشۈشتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزى بىر قىزنىڭ قولىدىكى توز سومكىغا سېلىنغان ئۆتۈككە چۈشتى - دە، يۈرىكى «جىغ» غىدە قىلىپ قالدى. بۇ ئامانگۈل ئۆتكەن يەكشەنبە تاللاپ كۆرۈپ قويغان ئۆتۈكنىڭ ئەق ئۆزى ئىدى. رەڭگى قىزىل، سارغۇچ چەملىك، قونجىغا مەرۋايىتتىن گۈل چەككەن... دەل شۇ... ئامانگۈل ئەلەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئۆتۈكنى كۆرۈشۈپ ئۆزئارا نېمىدۇر دېيىشىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا قاراپ بىر پەس ئۈمىدسىزلىنىپ تۇردى - دە، ماگىزىنغا بېرىپ باقماقچى بولۇپ ئاپتوبۇسقا

چىقتى. «مەن بارمىغاندىن كېيىن سېتىۋېتىپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن. ئۆتكەن يەكشەنبە بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ شەخسى سېتىقچىنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ ئۆتۈككە كۆزى چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ پاسونىمۇ غەيرىسى، هازىر قىزلار كىيىپ يۈرگەن ئۆتۈكلەرگە پەقەت ئوخشىمايتتى. ئامانگۈل ئۆتۈكنى ئالدۇرۇپ كىيىپ باقتى. ئۆتۈك شۇنداق دەل كەلدىكى، خۇددى موزدۇز ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆلچەپ تىككەندەك ئىدى.

— ئۆتەك سىزنىڭلا ئىكەن، — دېدى سېتىقچى ئۇنىڭ پۇتىغا قاراپ، — تەلىيىڭىز بار ئىكەن، ئالدىڭىزدىلا بىر قىز كىيىپ بېقىۋىدى، قونچى پاتماي قويدى، سېمىزرەك قىز ئىكەن، بولمىسا ئۇياق ئېلىپ كېتەتتى. سىزگە تازا كەلدى.

ئامانگۈل سېتىقچى شۇنداق دېگەنسېرى تېخىمۇ قىزىقتى، ئۇ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈپ باقتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆتۈك بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن تۇرۇپلا يانچۇقىدا پۇلى يوقلۇقى ئېسىگە كېلىپ ئۆتۈكنى ئىتتىك سېلىپ ياندۇرۇپ بەردى.

— بوپتۇ، يەتمىش بەشكە ئېلىڭ، — دېدى سېتىقچى ئامانگۈلنى قىممەت كۆردى دەپ ئويلاپ.

ئامانگۈل كۈلۈپ قويدى-دە، ئەتە-ئۆگۈنگىچە پۇلنى هازىرلاپ ئالدىغانلىقىنى، باشقا بىرەرسىگە سېتىۋەتمەسلىكىنى تاپىلاپ دۇكاندىن چىقتى، ئامانگۈل ئۆز ئويىدا ئەتە-ئۆگۈنگىچە ئۆيىدىن پۇل چوقۇم كېلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

ئامانگۈل ئۇدۇل ئۆتۈك بار دۇكانغا باردى. دۇكاندا ئادەم جىق ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئېسىقلىق ئۆتۈكلەرگە كۆز يۈگەرتتى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ تاللىغان ئۆتۈك شۇ ئۆتكەنكى جايىدا ئېسىقلىق تۇراتتى، دەل شۇنىڭ ئۆزى... ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئاندىن سېتىقچىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك دۇكاندىن يېنىپ چىقتى. ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزىنى جىملىدى. ئۆتۈك سېتىلىپ كەتكەن بولسا نېمە ئامالىڭ بار ئىدى. ئەمدى مانا تېخىمۇ ئالالمايسەن، ساڭا ئۆيىدىن يەنە بىر قېتىم پۇل كەلگىچە ئۇنىڭ تۇرۇشى ناتايىن-دە، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كۆڭلىڭدىن چىقىرىۋەت، ئۇمىدىڭنى ئۈز!... كوچىدا ئادەم سەلدەك ئاقماقتا. ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش، شادىمان، جىددىيلەشكەن، مەنىسىز چىرايلار، ئەنە تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئالدىدا قوللىرىغا ياغلىقلارنى، مەرۋايىتلارنى، ئاياللارنىڭ مېدالىيون-هالقىلىرىنى تۇتۇپ قاتار تۇرۇشقان ئاياللار، ئۇلار هەر خىل ئاۋازدا خېرىدار چاقىرىشاتتى، بىرەر ئۆتكۈنچى قاراپ قويسىلا يېپىشاتتى، كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ماگىزىنىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىگە هەر خىل پوپايكىلارنى ئېسىپ قويۇشقانتى، دېرىزىنىڭ ئالدىدا بىر يىگىت بىلەن قىز بەس-بەس بىلەن توۋۇلاشماقتا:

— تاللىۋېلىڭلار، يېرىم باها چۈشۈرۈلدى. تېز كېلىڭلار!...

پۇل هەممە ئادەمنى سۆزلەتمەكتە، ۋارقىراتماقتا.

ئامانگۈل مەقسەتسىزلا بىردەم كوچا ئايلاندى. ئۇنىڭ قىلغۇدەك ئىشىمۇ يوق ئىدى،

ياتاققا قايتىشقا تېخىمۇ كۆڭلى تارتمىدى، كۈن تېخى بالدۇر ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ ئادەم شالاڭ كوچىغا چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى رەسىم تاختىسىنىڭ ئالدىغا ئولىشىپ قالغان بىر توپ ئادەمگە چۈشتى. ئۇلار تاختايغا چاپلانغان بىر ئېلانغا بويۇندىشىپ قاراشماقتا ئىدى. ئامانگۈل نېمە بولغىيدى دېگەن خىيال بىلەن يېقىن كېلىپ كۆز يۈگۈرتتى. ئېلاندا سەنئەت سارىيى رەسىم سىزىشقا مودېل قىز - يىگىتلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، مودېل بولغۇچىغا سائىتىگە قاراپ ھەق بېرىدىغانلىقى، خالىغۇچىلارنىڭ سەنئەت سارىيىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەكلىكى يېزىلغانىدى. ئامانگۈل ئېلاننى بىر نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېلېۋىزوردا ئارىلاپ چىقىپ قالىدىغان، رەسىم سىزغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرىدىغان قىزلار كەلدى. لېكىن ئۇلار شۇنداق چىرايلىق، ئادەم ئەيمەنگۈدەك قىزلار ئىدى. ئامانگۈل ئۇلار ئارتىستلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى، ھازىر بولسا ئېلاننى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ قالدى، ئارتىستلاردىن تاللايدىغان ئىش بولسا بۇ ئېلاننى چىقىرىپ نېمە قىلاتتى. تۇرۇپلا ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىگە بىر ئۇرۇنۇپ بېقىش خىيالى كەلدى. بۇنىڭغا نېمە كېتىدۇ، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىمۇ قايسى ئارتىستتىن كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يەكشەنبە كۈنى پائالىيەت قىلىدىكەن، بۇنداقتا ئوقۇشقىمۇ دەخلىسى بولمايدۇ، ناۋادا ياراپ قالسا پۇلغىمۇ ئىگە بولىدۇ دېگەن گەپ... ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا بولدى، نېمە بولمىسۇن دەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ ئېلاندىكى ئادرېس بويىچە، سەنئەت سارىيىنى ئىزدەپ ماڭدى.

ئىش ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك بولدى. ئۈستىگە بوز ماتادەك، ئۇيەر، بۇ يېرى ئاقىرىپ ئۆڭۈپ كەتكەن، شۇ كۈنلەردە ياشلاردا مودا بولغان پادىچى كىيىمى كىيىپ، چېچىنى گەدەنگىچە ئۆستۈرۈۋالغان قارامتۇل يىگىت ئامانگۈلگە باشتىن - ئاياغ سەپ سېلىپ چىقىپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، ئۈستەلدىن بىر گىراپىنى ئالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئامانگۈل.

— ئوقۇغۇچىمۇ؟ بىر يەردە ئىشلەمسىز؟

ئامانگۈل راستىنى دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ بىر دەم ئارىسالدى بولۇپ، ئاخىرى ئاغزىغا كەلگەننى دېدى.

— ئوقۇغۇچى.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا.

— ياخشى، — يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ماقۇللاپ قويدى، — رەسىمگە قىزىقىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، سىزالمايمەن... ھەۋەس قىلاتتىم.

— بۇرۇن مودېل بولۇپ باققانمۇ؟

— ياق…

— ھىم، كېرەك يوق، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ ئانچە تەس ئەمەس، بىز بىر رەسىم ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان، ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن نەزەردىيە ئۆگىنىش، مەشق قىلىش بىلەن بولدى، ئوبدان ئاساس تىكلىدى، ئەمدىكى باسقۇچتا جانلىق ئادەملەرنى سىزىشنى ئۆگىنەلمەيمىز، شۇڭا ئېلان چىقارغانتۇق. سىزنىڭ ۋەزىپىمىز مودېل بولۇپ بېرىش، يەنى بىز دېگەندەك تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، بەلگىلىمە بويىچە سائەتىگە بەش كوي ھەق بېرىمىز. قانداق، بولامدۇ؟

ئامانگۈل ئەندىكىپ كەتتى. «بىر سائەتكە بەش كوي، بىكار ئولتۇرغانغا ھە.» بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار. ئامانگۈل رازىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئادىل، تونۇشۇپ قويايلى، — دېدى يىگىت ۋە يانچۇقىدىن بىر كارتوچكىنى ئېلىپ ئامانگۈلگە سۇندى.

ئامانگۈل قاتتىق ھەيەجانغا بېسىلغان ھەربىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۇنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئادىلنىڭ يۈرىكىنى ئاغدۇرغۇدەك ئاجايىپ بىر قارىشىدىن ئەندىككەندەك بولدى. «ئەجەبمۇ كۆزى يامان ئىكەنا»، دەپ ئويلىدى ئامانگۈل چىقىپ كېتىۋېتىپ.

كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى ئامانگۈل ئۇدۇل سەنئەت سارىيىغا كەلدى. ئادىل ئۇنى چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە يىگىرمىگە يېقىن ياش بالا ئالدىلىرىغا رەسىم سىزىش جازىسىنى تىكلەپ قويۇپ بەزىلىرى رەسىم سىزىۋاتاتتى. بەزىلىرى ئىككى، ئۈچتىن بولۇپ نېمىنىدۇر كۆرۈشىۋاتاتتى. ئادىل ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ قولىدىكى قېرىنداش بىلەن تاختاينى چەكتى:

— ساۋاقداشلار، باشقا ئىشنى قويۇڭلار، بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەزەرىيە ئۆگەندۇق، ئاز - تولا مەنزىرە سىزىپ كۆردۇق، ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ جانلىق ئادەم سىزىشقا ئۆتىمىز، قېنى، تەييارلىق قىلىڭلار، دېدى ئاندىن ئىشىكتە قىزىرىپ، ھودۇقۇپ تۇرغان ئامانگۈلگە بېشى بىلەن شەرەت قىلدى. ئۆزى بولسا بىر قاتلىما ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ ئالدىغا قويدى. بۇلۇڭدا، كۆك رەخت يېپىلغان ئۈستەل ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ يېرىم ھەيكىلى، گۈللەر، سۇلياۋدىن ياسالغان مېۋىلەرنىڭ مودېللىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئادىلنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يۈزىڭىزنى سەل قىيپاش تۇتۇڭ، ھە، مۇشۇ يەرگە قاراڭ، — دېدى ئۇ ئامانگۈلنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئىككى قولىڭىزنى تىزىڭىزنىڭ ئۈستىگە، ھە مانا مۇنداق قويۇڭ، — ئادىل ئامانگۈلنىڭ ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆتۈپ كۆزەتكەچ بۇيرۇپ تۇراتتى. يەنە نېرىغا بېرىپ كۆزىنى قىسىپ قارايتتى. ئاخىرى ئۇ رازى بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا، — ئەمىسە باشلاڭلار، — دېدى ۋە ئۆزىمۇ بىر جازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىغا قېرىنداش ئالدى.

ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىتلىقتا چۆمدى، پەقەت قېرىنداشلارنىڭ شىتىرلىغان، ئۆچۈرگۈچنىڭ قەغەزگە سۈركەلگەن ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. يىگىرمىچە جۈپ

كۆز ئامانگۈلگە بىر خىل سوغۇق، مەنىسىز نەزەردە، خۇددى ئۇنىڭ چىرايىدىن، تۇرقىدىن بىرەر نۇقسان ئىزدەۋاتقاندەك ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇ بۇنى ھېس قىلغانسېرى بىئارام بولاتتى. ئۇ تامدىكى سائەتنىڭ بىر خىل رىتىمدا چىكىلدىشىغا قۇلاق سالاتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سائەتكە قاراپ قويىدى، تېخى ئاران ئون مىنۇت بوپتۇ، بۇنداق ئولتۇرۇپ بىر سائەتنى قاچان توشتۇرار، ئۇنىڭ ئالقانلىرى چىپىلداپ تەرلەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ قىياپىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ئادىلنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مەكتەپنى، ساۋاقداشلىرىنى خىيالىغا كەلتۈردى. قىزلار مۇشۇ تاپتا نېمىش قىلىۋاتقاندۇر؟ ھەقچان ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈشەمدىكىن. ئادىلەچۇ؟ ئۇ تۈنۈگۈن ئاپامنىڭ مىجەزى يوق، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىۋاتىدۇ، ماڭا ئىش چىقتى، — دەپ كەتكەن ئىدى، ھەقچان تاماق ئېتىۋاتامدىكىن؟ قانچە ئىچى پۇشۇۋاتىدىكىن، ئۇ مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلغىنىمنى ئاڭلىسا نېمە دەر؟ تۇرغانلا گەپ زاڭلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا دېمەيلا قوياي، ھېچكىممۇ ئۇقمىسۇن...

•

ئامانگۈل يەنە سائەتكە قارىدى. ئاران 40 مىنۇت بوپتۇ، ئۇنىڭ پۈت - قولى كۆيۈشۈپ، بېلى تېلىپ كەتتى، ئۇ بۇ ئىشنىڭمۇ دەسلەپ ئويلىغاندەك ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلاپ خورسىنىپ قويىدى. ئۇ كۆز قىرىدا ئادىلغا قاراپ قويۇپ پۈتىنى ئاستا مىدىرلاتتى. «ئەمدى نېمىسىنى ئويلاش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دۇكاندىكى ھېلىقى ئۆتۈك كەلدى - دە، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنى بۈگۈنلا بىرسى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشە باستى، ئۇنداقمۇ بولماس، — دەيتتى ۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — ياكى بىرسىدىن قەرز ئېلىپ تۇرسامىكىن، ياكى دىلغا پۇلنى ئالدىن بېرىپ تۇرۇڭلار دەيمىكىن، نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ ياق، ياق، خۇدايىم ساقلىسۇن ...» ئۇ ئاستا ئادىلغا كۆز قىرىنى سالدى، ئادىل ئەمدى پاكىنەك بىر بالىنىڭ يېنىدا سىزىۋاتقان رەسىمگە قاراپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇ ئامانگۈلنى كۆرسىتىپ، قولى بىلەن نېمىنىدۇر ئىشارەت قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە باشقىلارنىڭ قېشىغا باردى. ئامانگۈلنىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇ ئىلتىجا بىلەن ئادىلغا قارىدى. ئادىلمۇ سەزدىمۇ، ئىتتىك سائىتىگە قاراپ ئامانگۈلگە كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— بىر دەم تەنەپپۇس قىلايلى، — دېدى ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ئامانگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېلى ياغاچتەك بولۇپ بويىنى ئاغرىپ كەتكەنىدى.

— تەسمىكەن؟ — ئادىل ئۇنىڭ قىزىرىپ ھۆتۈككەن چىرايىغا قاراپ چاقچاق بىلەن دېدى، — سىز ئىلگىرى قىلىپ ئادەتلەنمىگەچكە شۇنداق تۇيۇلىدۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالىسىز، سىزمىچۇ، ئۆزىڭىزنى بەك قاتتىق تۇتۇۋالماي، ئەركىن ئولتۇرۇۋەرسىڭىز بولىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باقامسىز؟

ئامانگۈل ئادىلنىڭ كەينىدىن كېلىپ باياتىن ئۇ سىزغان رەسىمگە قارىدى، ئۇنىڭ

ئالدىدا تۇم، ئۇزۇن چېچىنى قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان، خىيالچان بىر گۈزەل نامايان بولىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن دۈپۈلدەپ سېلىشقا، يۈزلىرى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى.

— بۇنداق سىزىدىشنى تېز سىزما دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئادىل بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن، — كېلەركى قېتىملاردا بوياق بېرىپ سىزىشقا ئۆتىمىز. ئۇ چاغلاردا سىزنى بەلكىم ئۇزاقراق ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن، چىدىيالامسىز؟

ئامانگۈل رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئامانگۈل بايىقى تۇرقىدا كۇرسانتلارنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇردى. ئاندىن ئادىل ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئۆزىنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى، قايسىلىرىنىڭ كۆرگەزمىلەرگە تاللانغانلىقىنى ماختىنىش بىلەن تونۇشتۇردى. ئامانگۈل ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئادىلنىڭ ئۆز كەسپىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇزۇنغا قالماي بۇ ساھەدە ئۆزىنى تونۇتالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. پاراڭ بىلەن بولۇپ ئۇلار كۈننىڭ پېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى، ئامانگۈل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ۋاھ، سائەت ئالتە بولۇپ كېتىپتىغۇ، — ئادىل سائىتىگە قاراپ ئەجەبلەندى، — سىلەرگە سائەت نەچچىدە تاماق بېرەتتى؟

— بەشتە، ھېچقىسى يوق...

— مەن سىزنى تاماقتىن قويۇپتىمەن دە، — ئادىل ئوڭايسىزلاندى، — مۇنداق قىلايلى، مەنمۇ تاماق يېمىدىم، يۈرۈڭ بىللە تاماق يەيلى، ئاندىن كېتىڭ.

— رەھمەت، مەن قايتاي....

— رەھمىتىڭىزنى قويۇڭ، ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى مەنمۇ بېشىمدىن كەچۈرگەن، بارسىڭىز ھەقاچان ئۆيدىن كەلگەن قاتتىق توقاچنى يەيسىز، يۈرۈڭ!

ئامانگۈل ئادىلنىڭ ئوچۇق مىجەزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بىللە ئاشخانىغا كىردى.

— يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلىرى ۋاقتىڭىز يوقمۇ؟ — ئادىل تاماق يەۋېتىپ سوردى.

— بەزى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن دەرس يوق...

— مېنىڭ دېگىنىم، دەرس بولمىغان كۈنلىرى كېلەلەمسىز دېمەكچىمەن، كۇرسنىڭ باللىرى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش قىلىدۇ، ھازىرچە سىزدىن باشقا مودېل يوق ... ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندە يېڭى بىر ئوي پەيدا بولدى.

ئامانگۈل تېڭىرقاپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— يېقىندا ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجادىيەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى، مەن شۇنىڭغا ئۈلگۈرتۈپ سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىپ باقسام دەيمەن...

ئامانگۈل ئەندىكىپ كەتتى. بىر تاتلىق ئىللىق تومۇر - تومۇرلىرىغا تاراپ ئۇنى ھاياجانغا سالدى. بۇ ئۇچۇقمۇ - چۈشۈمۇ دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ ئۆز رەسىمىنى ھەيۋەتلىك كۆرگەزمە زاللىرىدا، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆڭلى

يايراپ كەتتى.

— ۋاقتىم بولسىلا كېلەي، — دېدى ئۇ ئىتتىك.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن، — ئادىل ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئاستا دېدى.

ئامانگۇل مەكتەپكە خۇشال ياندى. ئادىل ئۇنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇپ، بېكەتتە قالدى. ئامانگۇل خۇددى مەيىن شامالدەك نامەلۇم بىر تۇيغۇنىڭ لەززىتىدە خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مانا بىر چۈشتىن كېيىنلا 20 سوم تاپتىم، قالتىس ئامەت بولدىغۇ.

9

ئامانگۇلنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەسۋەسە چۈشتى. ئۇ دەرستە ئولتۇرغان چېغىدىمۇ، تاماقخانىغا كېتىۋاتقاندىمۇ، ئاخشىمى يوتقانغا كىرگەن چاغدىمۇ ئاشۇ بىر ئوي خۇددى ئوغرىدەك كېلىپ ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىنى ئاستا چېكەتتى. ئامانگۇل خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن باغلاردا، سۈپسۈزۈك دەريا بويىدا، يەنە ئاللىقانداق يەرلەردە ئۇزاقتىن ئۇزاق سىردىشاتتى. قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭ ئەبەدىي شۇنداق داۋام قىلىشىنى خالايتتى.

تۇرۇپلا ئامانگۇل ئۆزىنىڭ بۇ ساراڭدەك ئويلىرىدىن ئۆزىچىلا نومۇس قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىنى جىملەيتتى، «توۋا مەن نېمە بولۇۋاتىمەن؟» دەپ ھەيران بولاتتى، لېكىن ھايال ئۆتمەي ھېلىقى شېرىن ئويلار ئۇچى يوق يىپتەك سوزۇلۇپ يەنە پەيدا بولاتتى.

ئۇ سەنئەت سارىيىغا پات ـ پاتلا باراتتى، ئۇنىڭ «دەرسى يوق» كۈنلىرىمۇ ئەمدى بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆتۈكمۇ ئالدى، يانچۇقىغا پۇلمۇ كىردى. ھېلىقى تېيىنغا زار بولغان كۈنلەر ئەمدى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ئۇ ئادىل بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالدى. ئامانگۇل شۇنى ئۇقتىكى، ئادىل ئىچكىرىدىكى رەسساملىق ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ كەلگىلى ئىككى يىل بوپتۇ، ئۇنىڭ بىرنەچچە رەسىمى ژۇرناللارغا چىقىپتۇ، ھازىرچە يۈرگەن، ۋەدىلەشكەن قىزىمۇ يوقتەك ئىدى، ئۇ ئايرىم ياتاقتا ياتاتتى. ئۇنىڭ ياتىقىمۇ خۇددى ئىشخانىسىغا ئوخشاشلا رەسىم، قەغەز ھەر خىل جازىلار بىلەن تولغان، قالايمىقان ئىدى. دەسلەپ كىرگەن چاغدا ئۇ بۇياتاقتىكى نەرسىلەرگە، چالا يىغىلغان يوتقان، داغ بولۇپ قېتىپ كەتكەن قاچا ـ قۇچىلار، ئۈستەلدە يېيىلىپ ياتقان يۈك قەلەم، بوياقلارغا قاراپ نەدە ئولتۇرۇشنىمۇ بىلمەي قالدى. بارا ـ بارا ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «ئۇ پۈتۈن زېھنىنى رەسىمگە، ئىجادىيەتكە بەرگەندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل بالا، ئەر كىشىگە قالغان ئۆي نېمە بولماقچى» دەپ ئويلىدى. ئادىلمۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا زەڭ سېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خىجالەت بولۇپ قالدى. كېيىنكى قېتىم كەلگەندە ياتاق خېلىلا رەڭ تۈزۈپ قالغانىدى. ئادىل شۇ ياتاقتا ئۇنىڭ چوڭايتىلغان

ماي بوياق رەسىمنى سىزىپ پۈتتۈردى. رەسىم كۆرگەزمىگە تاللىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئادىلنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئامانگۈلنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ كىيىملەر بار يەرگە ئېلىپ كەلدى:

— ئامانگۈل، — دېدى ئۇ كىيىملەرنى كۆرسىتىپ، — تاللاڭ، قايسىسى يارايدۇ؟

ئامانگۈل تېڭىرقاپ ئادىلغا قارىدى.

— ماڭا دەمسىز؟

— ھەئە، بىلەمسىز ھېلىقى رەسىمگە قەلەم ھەققى كەلدى، ئۇنىڭ يېرىمى سىزنىڭكى.

— ۋىيەي، نېمە دەۋاتىسىز؟ — ئامانگۈل قىزاردى.

— ئامانگۈل، — دېدى ئادىل جىددىيلىشىپ، — ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى مەنمۇ كۆرگەن، ئوبدان بىلىمەن، خىجالەت بولماڭ ...

ئادىل ئامانگۈلنىڭ قانچە ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر يۈز 20 سومغا بىر پەلتو ئېلىپ بەردى. ئامانگۈل پەلتونى كىيىپ ئۆزىنى تونۇيالمايلا قالدى. ئادىل مال تونۇيالايدىكەن، رەڭگىمۇ، پاسونىمۇ ئەيىردي بولۇپ، ئۇنىڭغا تازىمۇ ياراشتى.

ھەر قاچانقىدەك ئادىل ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۇزىتىپ كەلدى. ئامانگۈلنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكۈسى يوق ئىدى، ئۇ ئازادىرەك ئاپتوبۇس كەلسۇن دەپ نەچچە ئاپتوبۇسنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ئادىلنى يەنە كۆرەلمەيدىغاندەك كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

— يېڭى يىلنى نەدە ئۆتكۈزمەكچىمسىز؟ — تۇيۇقسىزلا سورىدى ئادىل.

— ھەقچان فاكۇلتېتتا پائالىيەت ئۆتكۈزۈلەر ...

— بولمىسا كېلەمسىز - يا، بىللە ئۆتكۈزەيلى، — ئادىل ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە دېدى.

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، ئۇ ئادىل گويا ئۆزىگە تەكلىپ قويۇۋاتقاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماقۇل» دەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقماي قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىندۇر تۇيغاندەك بولدى.

ئامانگۈل ئەمدى يېڭى يىلنى كۈتۈپ كۈنلەرنى ساناشقا باشلىدى. قىرىشقاندەك كۈن تولىمۇ تەستە كەچ بولاتتى... ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەر، ساۋاقداشلارنىڭ پاراڭلىرى پەقەت كىرمەيتتى، بۈگۈنمۇ ئۇ دەرستىن چۈشۈپ يالغۇز ئۆزى خىيال بىلەن تاماقخانىغا كېتىۋاتاتتى، بىرسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، تاماقخانىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا تۇرسۇن يالغۇز تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانىدى. تۇرسۇن ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە ئۇرۇقلاپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. سوغۇقتىنمۇ ئۇنىڭ يۈز - كۆزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— تاماققا ماڭدىڭىزمۇ؟ — تۇرسۇن يېقىن كېلىپ سورىدى.

— ھەئە، سىزچۇ ؟ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

— مەن تاماق يەپ چىقتىم، مانتا ئىكەن، — تۇرسۇن ئامانگۈلنىڭ چىرايلىق قامىتىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئامانگۈل بۈگۈندىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى. تۇرسۇن ئالدىراپ قالدى.

— ئەتىگەن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرسەم سىزنىڭ خېتىڭىز بار ئىكەن، ئالغاچ

كەلگەنتىم، ــ ئۇ يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ئامانگۈلگە بەردى ۋە ئىككى تەرەپكە ھودۇققان ھالدا قاراپ قويدى.

ــ ھە، ــ ئامانگۈل قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ھېس قىلىپ خەتنى ئالدى ۋە ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتتى. لېكىن خەت بەك سۇركىلىپ يېزىلغاچقا دەرھال تونۇيالمىدى.

ــ مەن ياتاققا باراي، ــ تۇرسۇن نېرىدا كېلىۋاتقان ئادىلەنى تونۇپ ئىتتىك خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ئامانگۈل قولىدىكى كونۋېرتقا قايتىدىن سەپسالدى، لېكىن زادىلا پەرق قىلالمىدى. ئۇ خەتنىڭ كەينىنى ئۆرۈپ قارىدى، خەتتە ماركىمۇ، پوچتىنىڭ تامغىسىمۇ يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەينىدە ئادىلە پەيدا بولدى.

ــ نېمە بۇ يەردە تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋە ئامانگۈلنىڭ قولىدىكى خەتنى كۆرۈپ سورىدى، ــ نەدىن كەپتۇ؟

ئامانگۈل ئىتتىك خەتنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، پەرۋاسىزلا:

ــ ئۆيدىن، ــ دەپ قويدى.

ــ ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمىكەن؟

ــ ھەئە...

ــ پەلتويۇڭ ئاجايىپ يارىشىپتۇ جۇمۇ، ــ ئادىلە ئۇنىڭ پەلتوسىغا باشتىن بوي بىر قارىۋېتىپ دېدى، ــ باياتىن ئېسىمدە يوق، كەينىڭدىن بۇ تۇرغان نەدىن كەلگەن سەتەڭدۇر، دەپ ھەيران قالدىم. رەڭگىمۇ شۇنداق ئېچىپتۇ، كىيىم تالليالايدىكەنسەن جۇمۇسەن!

ئامانگۈلنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئادىل كېلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

ــ قايسى ماگىزىندىن ئالدىم دېدىڭا؟ ــ ئادىلە پەلتونىڭ مورىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ سورىدى.

ــ دوستلۇقتىن، سېنىڭمۇ ئالغىڭ بارمۇ نېمە؟ پەلتويۇڭ بارغۇ؟

ــ ئۆزۈمگە پەقەت ياقمايۋاتىدۇ، سېنىڭ بىلەن پار كىيگۈم بار.

ــ ئۆيدىكىلەرگە دېسەڭ ئېلىپ بېرەر؟

ــ نەدىكىنى، ئۇلار ئۇنامدۇ؟ باشقا ئامالىنى قىلىمىز ـ دە، ــ ئادىلە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى، ــ ھەممە ئاتا ـ ئانىلار سېنىڭكىدەك بولسىمۇ، ھە، بىچارىلەر ئۆزلىرى يېمەي، كىيمەي ساڭا ئەۋەتىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ ئۇ ئاپام بىلەن دادام بولسا پۇللىرىنى بانكىمغا تىقىپ ئاۋارە. ئاپام: سەن دېگەن تېخى ئوقۇغۇچى، كىيىدىغان، ئوينايدىغان دەۋرىڭ ئالدىڭدا دەيدۇ، دادام بولسا ماڭا ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق ئوقۇغانلىقىنى سۆزلىگىلى تۇرىدۇ، دادامنىڭ رايىچە، بولسا ياماق ئىشتان كىيسەم، خەينىڭ سوڭىغا دەسسەپ يۈرسەم ياخشى. ھەي، قوي جۇمۇ، ھېلىمۇ سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇپ قاپتىكەنمەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىم؟ قىز بالا دېگەنگە تەس ئىكەن...

ئامانگۈل ئۇنىڭغا ئىچى سىيرىلغان ھالدا قاراپ قويدى. مانا ئادىلەنىڭمۇ ئۆزىگە

چۈشلۈق دەردى بار ئىكەن. ئادىلە ئادەتتە ئاتا-ئانىسى توغرىلىق ئانچە جىق گەپ قىلمايتتى، ئامانگۈلنىڭ ئۆيىدا ئۇ كەنجى قىز بولغاچقا ئاتا-ئانىسى دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. قايسى بىر چاغدا ئۇنىڭكىگە بارغاندا ئادىلەنىڭ ئاپىسى ئامانگۈلگە:

— ئادىلەنى كىچىكىدە بەك ئەركە قىلىپ چوڭ قىلىپتۇق، يامان ئۆگىنىپ قالدى، — دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئامانگۈل ئۆزىنى ئادىلەنىڭ ئورنىغا قويدى، «ئەگەر مېنىڭ ئۈنچىلىك شارائىتىم، كىيىم-كېچەكىم بولغان بولسا قانائەت قىلاتتىم، تىنچغىنا ئوقۇشۇمنى ئوقۇيتتىم» دېدى ئۆز ئۆزىگە. لېكىن تۇرۇپلا يەنە گۇناھنى ئادىلەگە قويغۇسى كەلمەيمۇ قالدى. ھازىر كىيىنىۋاتقانلار يالغۇز ئادىلەمۇ؟ مەكتەپتىكى قىزلار بىر-بىرىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، يېڭى بىر مودا چىقسا پۇلنىڭ قانچىلىك قىممەت ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئېلىشىدۇ، دېمىسىمۇ بۇ قىزلار نېمانچىلا كىيىمدىغان بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ، ئۇلار ئۇنچىۋالا پۇلنى نەدىنمۇ تاپىدىغاندۇ؟

ئامانگۈل ئادىلەنىڭ گېپى بىلەن خەتنى ئۇنتۇپ قالدى. پەقەت تاماقنى يەپ بولۇپ ياتاققا قايتىپ ئىشىكنى ئاچقۇچنى ئالغاندىلا خەت قولىغا چىقىپ ئېسىگە كەلدى. ئۇ بىر پەس بۇ غەلىتە خەتكە قاراپ تۇردى-دە، ئاخىرى نېمە بولسىمۇ ئېچىپ كۆرۈپ باقاي دەپ كونۋېرتنى يىرتتى. خەت مەكتەپنىڭ ئىش قەغىزىگە ناھايىتى رەتلىك يېزىلغانىدى:

... «ئامانگۈل! — دەپ باشلانغانىدى خەت، — بۇ خەتنى ئوقۇپ ئەجەبلىنىۋاتقانسىز، شۇڭا ئاۋۋال سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، راستىنى ئېيتسام، بۇ خەتنى سىزگە قانداق بېرىشنى تولا ئويلاپ ھېچبىر ئامال تاپالمىدىم، شۇڭا خەتنى يۇرتتىن كەلگەن قىلىپ ياسىدىم، بۇ قىلغىنىمنى توغرا چۈشىنەرسىز.

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەم، مەن سىز بىلەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدۇم، تەقدىر ئىككىمىزنى ئۈرۈمچىدىمۇ ساۋاقداش قىلىپ قويدى، بەلكىم جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىللە ئىشلەپ قالامدۇق تېخى، مەن شۇنداق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

ئامانگۈل! تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدىلا مېنىڭ كۆزۈمگە سىنىپتىكى ھەممە قىزلاردىن يېقىن كۆرۈنەتتىڭىز، سىزگە كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپنى ئېيتقۇم كېلەتتى، كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. ئۆتكەن بىر يىلدا مەقسىتىمنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپمۇ بۇنداق ئىشلارنى چەكلەيدىكەن، ھازىر ئىككىنچى يىللىققا چىقتۇق. مېنىڭ ئەمدى سەۋر-تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، تەتىلدە بىزنىڭ ئۆيگە ئادىلە بىلەن بارغىنىڭلاردا مەن سىزگە يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى ئېيتماقچى ئىدىم. لېكىن پەقەت پۇرسەت بولمىدى، سىزنىڭ مېنى يارىتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر-بىرى بىلەن ياخشى تونۇشىدىكەن. مەن ئاپامغا پۈرىتىپ ئېيتىمۇدىم، ئۇمۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسەم دادامغا ئېيتىپ ئىككىمىزنى ناھىيىدە ئېلىپ قېلىشقا ئورۇن تەييارلاپ قويۇشقا ۋەدە قىلدى.

مەن سىزنىڭ ھازىرغىچە بىر ئەرسىگە كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىڭىزگە قاتتىق ئىشىنىپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، بەلكىم مەن سىزگە لايىق بولماسلىقىم مۇمكىن، لېكىن مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت بەختلىك قىلىشقا قەسەم بېرىمەن. ئامانگۈل! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھازىر مېنىڭ كاللامغا دەرسىمۇ چۈشمەيدۇ، سىزنى كۈندە بىر قېتىم كۆرمىسەم كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن قولۇمغا قەلەم ئالساملا قېچىپ كېتىدۇ، ئىشەنسىڭىز بۇ خەتنى ئۈچ قېتىم يازدىم. ئەگەر تەلىپىمنى لايىق كۆرسىڭىز شەنبە كۈنى كەچتە سىزنى كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدا كۈتىمەن. چوقۇم كېلىڭ.

دەپ

تۇرسۇن»

ئامانگۈل خەتنى تىزىغا قويۇپ خىيالغا چۆمدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرسۇننىڭ بايىقى ھودۇقۇش ئىچىدە قىزىرىپ تۇرغان قىياپىتى كەلدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەن چاغدىن باشلاپ تۇرسۇننىڭ ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇچراپ قالغان چاغلاردا غەلىتە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ تەتىلگە بارغان چاغدا يولدا ئادىلە ئىككىسى ئۈچۈن پايىپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلىشتىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلگەندە خۇشاللىقتىن قىلارغا قىلىق تاپالماي قېلىشلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇرسۇن ھەقىقەتەن ياۋاش، ئوبدان يىگىت ئىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزى دېگەندەك ئۆمۈرۋايەت ۋاپا قىلىشىمۇ مۇمكىن... لېكىن ئامانگۈل ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەر تۇيغۇنى ھېس قىلمايتتى. نېمىشقىدۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئادىل ئۇنىڭ قەلبىنى بارغانچە مايىل قىلماقتا، ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلماقتا، ئۇنىڭ ئويىغا ئادىل كەلسىلا يۈرىكىنى ئازابلىق، شۇنداقلا، شېرىن بىر تۇيغۇ لەرزىگە سالاتتى، ئەس-ھوشىنى يوقىتاتتى، ئادىلنىڭ ھەممە نېمىسى، ھەتتا دەسلەپتە كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن ئاشۇ بەدرەڭ كىيىمىمۇ، ئۇزۇن چاچلىرىمۇ شۇنداق يارىشىملىق، چىرايلىق تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇ ئادىلنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇدا، يېڭى يىل ئاخشىمى ئادىل ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامانگۈلنىڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز يۇرتىغا پەقەت بارغۇسى يوق ئىدى. ئاشۇ يۇرت ئۇنىڭ قەلبىنى يارىدار قىلدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ پاك، قىممەتلىك نەرسىسىنى دەپسەندە قىلدى. تۇرسۇن ھازىرچە بۇ ئىشلارنى بىلمەيدۇ، ئۇنى پاك دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر كېيىن ئۇقۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامانگۈل يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ؟ ياق، ياق، ئۇ كۈننى كۆرسەتمىسۇن، تۇرسۇن نېمە دېگەن بىلەن ئەر، ئۇنىڭ غۇرۇرى دەپسەندە بولسا ئۇمۇ ھازىرقىدەك ياۋاش ئۆتتۈۋەرمەس...

ئامانگۈلنىڭ بىردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغا تۇتتى. ھەر قېتىم ئاشۇ لەنىتى ئىشنى ئەسكە ئالسىلا بىر قىسما بولۇپ روھى چۈشەتتى، ھازىرمۇ تۇرسۇننىڭ خېتى

بۇنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى-دە، يىغلىغۇسى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە بېسىپ باقسا-مۇ بولمىدى، ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياش پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، كېلىنى ئېمىدۇر بوغقاندەك بولاتتى. ئاخىرى ئۇ دۈم بولدى-دە، ياستۇقنى قۇچاقلىغان پېتى ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ھېلىمۇ ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى، ئادىلە قايناق سۇ ئەكەلگىلى چىقىپ كەتكەنىدى، چايدانىنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئادىلە ئامانگۈلنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولدى.

— ئامانگۈل! نېمە بولدى؟ — ئادىلە چايدانىنى يەرگە قويۇپلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كارىۋاتتا چېچىلىپ ياتقان خەتكە كۆزى چۈشۈپ ئەندىشە بىلەن سورىدى، — ئۆيدە بىرەر ئەھۋال بوپتىمۇ؟ ماڭا قارىغىنا...

ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرمەستىن تېخىمۇ ئۆكسۈشكە باشلىدى. ئادىلە ھېچنەرسىنى ئۇقالماي خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ جىلمىياتتى.

— ۋاي-ۋۇي، مۇشۇ گەپكە يىغلايدىغان ئىشمۇ؟ — ئادىلە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئەركىلەتتى:

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ، خۇش بولارسىز،
قارىچىغىدەك يىگىتكە دوست بولارسىز...

— يىغلىماڭ ئاپئاق قىز.

— ۋاي ماڭغىنا نېرى، — ئامانگۈل ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ كۈلۈۋەتتى. —

— ھەي ساراڭ، — دېدى ئادىلە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىر يىگىت ساڭا ئۆمۈرلۈكىڭ بولاي دەپ تەكلىپ قويۇۋاتسىمۇ يىغلايدىغان گەپمۇ؟ خۇشاللىقىڭدىن كۆڭلۈڭ يۈزۈلۈۋاتامدۇ-يا؟ ... مەنزە مەكتەپتىكى باللارنىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنۈمەنكىنتاڭ، بىرەرسىمۇ تەكلىپ قوياي دېمەيدۇ، ماڭا مۇشۇنداق خەت يازسا خۇشلۇقۇمدا ئۇسسۇل ئوينار ئىدىم...

— ئادىلە! — ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ ياش يۇقى كۆزىدە ئۇنىڭغا ئالايدى، — مېنى زاڭلىق قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.

— كىم زاڭلىق قىپتۇ؟ مەنمۇ خۇش بولۇۋاتىمەن ئاداش، سېنىڭ يەنە تەلىيىڭ بار ئىكەن، نامىينىڭ شۇجىسىغا كېلىن بولغۇدەكسەن، ياخشى ئەمەسمۇ؟ قېيىن ئانا بولغۇچىمۇ تولىمۇ ئوڭلۇق ئايال ئىكەن، بىچارە ئۆتكەندە ئەجەب پايىپېنەك بولۇپ كۆتۈپ كەتتىغۇ بىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت ئورنىڭدىنمۇ غەم قىلمايسەن.

— سەن مېنى تۇرسۇنغا لايىق كۆرەمسەن؟

— ئەمىسە سېنىڭ نەرىڭ كەم؟ چىراي دېسە تۇرسۇنغا زايە كېتىسەن تېخى سەن ھېلىقى، — ئادىلە بىردىنلا جىم بولۇپ، چىرايى ئۆزگەردى، — سەن ھېلىقى ئىشنى دەۋاتامسەن-يە؟ ... سېنى مەجبۇرلىغان تۇرسا، سېنىڭدە نېمە گۇناھ؟ ...

ئامانگۈلنىڭ چىرايىنى مىسكىنلىك باستى. كۆزلىرىدە بىر ئىچكى ئازاب، مەيۈسلۈك ئەكس ئېتەتتى. ئادىلەمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى:

— بۇرۇنلاردا قىزبالا دېگەن ئاجىز، دېسە ھەيران قالاتتىم، — دېدى ئادىلە دېرىزىدىن

يىمىراقتا قاراپ، — ھازىر مۇنداق زەن قويسام راست ئىكەن، بەزىدە قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا ئاچچىقىم كېلىدۇ، راست... ھەممىسى قىز بالىنى بوزەك قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن، ئوغۇل بالىچۇ... ئۇنى بىرسى كېيدىلىك، كېيمىدىلىك دېمەيدىكەن، كۆرۈلگەن بىرسى بوزەك قىلالمايدۇ، بىرسىدىن تاياق يېسىمۇ بىرسىدىن ئۆچىنى ئالالايدۇ. بىزچۇ؟ ئۆيىگە سولىنىپ ئولتۇرساڭ ئاتا-ئاناڭنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىسەن، ئالاغا چىقساڭ خەقنىڭ گېپى، بار قىلغۇلۇقنى ئەرلەر قىلىۋېلىپ بالاغا، گەپ-سۆزگە قىزلار قېلىۋاتقان... ئىۋھ... قىز بالىنىڭ كۈنىدىنمۇ تەس كۈن يوق ئىكەن، شۇڭىمۇ مەن ھازىر چاتىقىم بولمايدىغان بولدى، دېيىشىسەڭ دېيىشۋەر، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويۇننى ئوينىۋېرىمەن، يا بايدىن، يا سايرامدىن چىقار، كېيىنچە بىر گەپ بولار، ئويناپ ھارغان چېغىمدا بىرسىنى تۇتۇپ تېگىۋالارمەن، دەيمەن. قانداق قىلىمىز، قايسى بىرسىگە يىغلاپ ئولتۇرىمىز ئاداش... ئۆزۈڭ قانداق، زادى تۇرسۇنغا كۆڭلۈڭ بارمۇ-يوق؟ راست گەپنى قىلغىنا!

ئامانگۈل يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— ئانداق بولسا تۇرسۇنغا جاۋابىنى بېرىۋەت، يۈرگەن يىگىتىم بار دەيسەن، ئىشقىلىپ بىرەر سەۋەبنى دېمەمسەن، بولمىسا ئۇمۇ كەينىڭگە كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيدۇ. كۆڭلۈڭ قىيىمامدۇ-يا؟

— نېمىدىكى گەپنى دەيدىغانسەن، — ئامانگۈل قېيىداپ دومسايدى.

— مەن ئۆتكەندە دېدىمغۇ، مېنىڭ ساڭا مەسلىھىتىم ئاداش، ئەڭ ياخشىسى يۈرىكىڭگە بارمىغىنىڭ تۈزۈك، ئۇ يەرگە بارساڭ ھامان ھېلىقى گەپتىن قۇتۇلالمايسەن...

ئامانگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى، دەرۋەقە ئادىلە توغرا دەيدۇ، ئۇ ئىش ئۇنىڭ پېشانىسىگە تامغا بولۇپ ئورناپ كەتتى، ئامانگۈل بۇنى يۈيۈپمۇ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، ئويۇپمۇ ئېلىۋېتەلمەيدۇ، ئۇ ئۆمۈرۋايەت بۇ مەرەز تامغىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ياخشى گەپلەر ئاسانلا ئۇنتۇلىدۇ، يامان گەپلەرنىڭ يېتىمىكى تولىمۇ، تولىمۇ تەس. ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرسۇننىڭ ياۋاش، مەيۈس چىرايى كەلدى ۋە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن شۇ ھامانلا ئادىلنى ئويلىدى. راست ئەتە كەچ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشى كېرەك، دېمەك، ئەتە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەل بولىدىغان كۈن. ئامانگۈل ئادىل توغرىلىق ئادىلەگە ھازىرغىچە تىنمىغانىدى، باياتىن دوستىغا ئېيتىپ مەسلىھەت ئالايمىكىن دەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئادىل رەسمىي بىر نەرسە دېگەندىن كېيىن ئاندىن ئادىلەنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلىدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ياتاقتىكى قىزلار مەكتەپتىكى كۆڭۈل ئېچىشقا تەييارلىق قىلىپ ياسىنىشقا باشلىدى. ئامانگۈل بولسا دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا، ئاپئاق ماموق يېپىنغان زېمىنغا قارىغىنىچە تۇرسۇنغا دەيدىغان سۆزلىرىنى ئويلاپ ئولتۇردى. ئۇ تەقدىرنىڭ بۇگۈنكىدەك توغرا كەلتۈرگىنىگە ھەيران بولاتتى. ئۇ تۇرسۇن بىلەن خوشلىشىدۇ، لېكىن ئادىل بىلەن تېپىشىدۇ، ئادىل

هازىر ئېمىلەرنى قىلىۋاتقاندۇ؟...

— تۇرسۇن بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ تانسىغا كىرەمسەن؟ — ئادىلە چېچىنى تاراپ تۇرۇپ ئۇلىگىدىن سورىدى.

— قاراپ باقاي، — دېدى ئامانگۈل، — بالدۇرراق بىكار بولسام كىرەرمەن.

قىزلار كارىدورنى بېشىغا كىيىشىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ تانسىغا مېڭىشتى. ئامانگۈل يالغۇز قالغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ ئالدىرىماي پەرداز قىلدى، ئەتىر چاچتى، ئاخىرى ئۆتكەندە ئادىل ئېلىپ بەرگەن پوپايكا، پەلتونى كىيىپ سىرتقا ماڭدى. سىرتتا ئاياغ چۆككۈدەك قار چۈشكەنىدى. يۇمشاق قار ئاياغ ئاستىدا بوشقىنا غىچىرلايتتى. ئۇ ئىككى تەرىپى تەكشى قىرقىلغان قارا ياغاچلىق يول بىلەن كۇتۇپخانا ئالدىغا كەلدى. بىنا ئالدى قاراڭغۇ ئىدى. يول بويىدىكى ستولبىغا ئورنىتىلغان لامپۇچكا ئەتراپقا سۇس يورۇق چېچىپ تۇراتتى. ئۇ بىنا ئالدىغا يېقىن كېلىشكە لەمپىنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر گەۋدە سىغۇرۇلۇپ چىقتى. ئامانگۈل ئۇنىڭ تۇرسۇن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇدى. ئۇ بۈگۈن ئۇستىگە قارا سوكنو پەلتو، بېشىغا شلەپە كىيىۋالغانىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنى خېلى سالاپەتلىك قىلىۋەتكەنىدى.

— ئامانگۈل! — دېدى تۇرسۇن يېقىن كېلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— بەك ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئامانگۈل ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ.

— ياق، ھېچقىسى يوق، — تۇرسۇن ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۈگۈن شۇنداق چىرايلىق كېچە، بوپتۇ، سوغۇقمۇ يوق...

ئارىغا جىملىق چۈشتى. تۇرسۇن غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا پات-پاتلا ئامانگۈلگە سەپ سېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرەر مەنىنى تاپماقچى بولاتتى. شۇ تاپتا تۇرسۇننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپ گېلى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئامانگۈلدىن كېلىۋاتقان ئەتىر ئارىلاش يېقىملىق پۇراقنى ئۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىگە سىڭدۈرەتتى. ئۇ گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي ھودۇقاتتى، ئۇ پەقەت ئامانگۈلنىڭ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇرسەن ئىدى. ئامانگۈلمۇ تۇرسۇننىڭ بۇ ھاياجانلىق ھالىتىنى سېزىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز جاۋابىنىڭ قانداق زەربە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە ئۈن-تىنسىز تۇرۇشتى. ئاخىرى تۇرسۇن ئېغىز ئاچتى:

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ دېمى سىقىلىپ تۇرۇپ، — خەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئامانگۈل پۇتى بىلەن قارنى چىجاپ تۇراتتى، كۆڭلىدە بولسا گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلايتتى.

— تۇرسۇن، — دېدى ئاخىرى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — خېتىڭىزنى كۆردۈم، لېكىن... نېمە دېسەم بولار... رەنجىمەڭ...

تۇرسۇن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالدى.

— نېمىشقا؟ — ئاخىرى ئۇ ئاستا سورىدى.

— مېنىڭ ۋەدە قىلىشقان يىگىتىم بار...



— يالغان، — تۇرسۇن قىزىرىپ تۇرۇپ دېدى، — ياق، سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، مەن بىلىمەن...

— راست.

— كىم ئەمىسە؟

— بۇنى سورىماڭ... مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يەرلىك، ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق بولاتتى، لېكىن... سىز كېچىكىپ قالدىڭىز، مېنىڭ بېشىم باغلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلسام ياخشى بولمايدۇ-دە، سىز رەنجىمەڭ، مەكتەپتە قىزلار جىققۇ، سىز كىمگىلا تەكلىپ قويسىڭىز ياق دېمەيدۇ... گەپ شۇنداق بولسۇن، خېتىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە ياندۇرۇپ بېرەي، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن... — ئامانگۈل يانچۇقىدىن قاتلانغان كونۋېرتنى ئېلىپ تۇرسۇنغا سۇندى.

تۇرسۇن بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئۇچرىشىشنىڭ بۇنداق سوغۇق ۋە تېز ئاخىرلىشىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۆزكۆزىگە ئىشەنمەي ئامانگۈلگە بىر پەس ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇردى. ئەمما ئامانگۈلنىڭ چىرايى شۇنداق سالقىن، ھېسسىياتسىز ئىدى. ئۇ، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ خەتكە قولىنى سوزدى، ئۇنىڭ قولى تىترەپ خەتنى ئاران ئالدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەندىن رەنجىمەڭ، تۇرسۇن.

ئامانگۈل قايرىلىپ ماڭدى. ئەگەر ئۇ يەنە بىر ئاز تۇرسا، تۇرسۇننىڭ ئۈمىدسىز مىسكىن تۇرقىنى كۆرۈپ چىدىيالمايدىغاندەك، يىغلىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئىتتىك-ئىتتىك ماڭدى. بىچارە تۇرسۇن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇ ئەمدى ماڭا تازا ئۆچ بولىدىغان بولدى.

لېكىن ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ شەھەرنىڭ كەڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىدا بىردەمدىن كېيىن ئادىل بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشنى ئويلاپ، قەلبىنى شېرىن بىر تۇيغۇ لەرزىگە سالدى.

## 10

ئادىل بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلغانىدى. ياتىقىنى پاكىز تازىلاپ، رەتلىگەن، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرغانىدى، ئۇ ئۆزىمۇ ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، ئۈستىگە ئاپئاق كۆڭلەك، يېپيېڭى مايسارەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا خۇددى تويى بولغان يىگىتكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئامانگۈل ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە شۇ خىيال كەچتى ۋە بىر تاتلىق سېزىم ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

— مۇزلاپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟ — ئادىل ئامانگۈلنىڭ قىزىرىپ يېلىنجاپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ سورىدى، — قار يېغىۋاتىدۇ - ھە؟

— ھە، تالا شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — ئامانگۈل پەلتوسىنى يېشىپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— قار دېگەن قىشنىڭ زىننىتى ئەمەسمۇ، ئەتە كۈن ئېچىلسا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. ھە، راست، ئەتە رەسىمگە چۈشەمدۇق، مېنىڭدە ئاپارات بار. ئەتە دەرس يوقتۇ؟

ئامانگۈل خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ ئادىلنىڭ ياتىقىدا ئاپپاراتنى كۆرۈپ بۇ ئىش كۆڭلىگە كەچكەن، لېكىن خىجىل بولۇپ ئېغىزىدىن چىقىرالمىغانىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بۇيان تېزۈككىنە رەسىمگە چۈشۈپ باقماپتۇ، رەسىمگە چۈشىدىغان پۇلىمۇ نەدە؟ بىر پارچە رەسىمگە 2 - 3 يۈەن ئالىدىكەن، ئۇ بىر قېتىم چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە قاتار تۇرۇشقان رىسىم تارتقۇچىلارنى، ئەينەك چازىغا ئېسىپ قويغان رەڭلىك رەسىملەرنى كۆرۈپ رەسىمگە چۈشكۈسى كەلدى - دە، سۆزلەشتى، ئەمما باھاسىنى ئاڭلاپلا ئاستا نېرىغا كەتكەنىدى. ئەتە ئادىل ئۇنى بىكارغىلا رەسىمگە تارتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش مەنزىرىسىدە چۈشىدۇ. بۇنىڭغا نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن...

— يوق، — دېدى ئامانگۈل تەبەسسۇم بىلەن، — ئەتە بىر كۈن دەم ئېلىش ئىكەن.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، ئەمىسە ئەتە شۇنداق قىلامدۇق؟

— مەيلى.

تالادا قار لەيلىدەپ چۈشمەكتە، يىللىق، خاس ئۆيدە ئادىل بىلەن ئامانگۈل بىر - بىرىگە قارىشىپ كېچە پەيزىنى سۈرمەكتە. ئىچىملىكنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئادىلنىڭ مەڭزى قىزىرىپ كۆزى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ئامانگۈلمۇ ئۈزۈم ھارىقىدىن بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى، ئۇ ئادىلنىڭ قولىنى ياندۇرغىلى كەلمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىچى بارغانچە قىزىپ، ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى گويا بۈگۈن ئادىل بىلەن تويى بولغاندەك، شۇ ھۇجرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك ئويلاپ قالدى. ئەنە ئادىل ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىماقتا. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى، لېكىن مانا

نەچچە سائەت بولدى، شۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ، ئامانگۈل بولسا شۇ سۆزگە تەشنا. ئۇنىڭ قەلبى، يۈرىكى شۇ سۆزنى بىتاقەت بولۇپ كۈتمەكتە ...

ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنئالغۇنى قويدى. ئامانگۈل ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تانگو مۇزىكىسى — «كوك دوناي» لەرزان چېلىنىشقا باشلىدى. ئادىل كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى. ئامانگۈلنىڭ قەلبى شامدەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئادىلنىڭ ئۆزىنى بارغانچە يېقىن تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى، ئەمما ئۇزىنى چەتكە تارتمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تارتقۇدەكمۇ ماغدۇر قالمايۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە ئادىلنىڭ ھاسىراپ تىنغان تىنىقلىرى تېگىشكە باشلىدى. ئامانگۈل كۆتۈرۈلۈپ قاراشقىمۇ ئاجىز ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئامانگۈل سىزنى ياخشى كۆرىمەن ... بىلەمسىز ... سىزچۇ؟

ئامانگۈل باشقا گەپنى ئاڭلىيالمىدى. ئوتتەك قىزىق كۆيدۈرگۈچ بىر لەۋ ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى، ئاندىن لېۋىگە بېسىلدى ... ئامانگۈل تىنالماي قالدى، پۈتۈن تېنىگە تارالغان بىر شېرىن تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى بىھوش بولدى، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن نېمىدۇر شۇرقىراپ ئاققاندەك سېزىلەتتى. «مۇھەببەت دېگەن شۇمىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەجەب ئىكەنغۇ، جېنىم ئادىل! مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئارمىنىمغا يەتتىم ... ».

ئامانگۈل بۇ كېچە قايتمىدى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئادىلدىن ئايرىلىپ كەتكۈسىمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئۇ ئادىلنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپلا:

— ئادىل! قانداق قىلىمەن؟ كەتسەم بولاتتى؟ — دېدى.

— مۇشۇ كېچىدىمۇ؟ — ئامانگۈلنىڭ ئۇزۇن قوڭۇر چېچىنى سىلاپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى ئادىل.

— ياتاقتىكى قىزلار نېمىدەپ قالار؟

— تۇغقىنىمىزنىڭكىدە قونۇپ قالدىم دېسىڭىز پۈتمىدىمۇ.

— سىزنىڭ ئىدارىڭىزدىكىلەر ئۇقۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر يوق، ھەممىسى باشقا ئىدارىنىڭ ئادەملىرى ... — ئادىل ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى، — سىز مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپمۇ قانداق چىدايسىز؟ بىز ھامان ...

ئامانگۈل ئاخىرىنى دېگۈزمىدى، ئۇ ئادىلنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە يۈزىنى ئۇنىڭغا ياقتى. ئىككى تەن بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى ...

ئامانگۈل نەچچە كۈنگىچە گاراڭدەك بولۇپ يۈردى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئادىل بىلەن ئۆتكۈزگەن شەنبىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كۈنلەرنى سانايتتى. تۆنۈگۈن ئاشخانىدىن قايتىۋېتىپ يولدا تۇرسۇنغا يولۇقۇپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر قىزىرىپ، ھودۇقۇپ كەتتى، كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئامانگۈلنىڭ تۇرسۇنغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن شۇ ھامان ئادىل يادىغا كېلىپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئامانگۈلدە نېمە ئامال؟ كۆڭۈل دېگەن شۇنداق

ئەرسە ئىكەن، ئۇ تۇرسۇننى دەپ ئۆز ئىستىقبالىنى خاراب قىلسۇنمۇ؟ ئۇ بۇ بەختكە ئاسان ئېرىشتىمۇ؟ قانداق بەدەل تۆلىگەنلىكىنى تۇرسۇن ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ، بىلمەيلا قويسۇن، ئادىلمۇ ئۇقمايدۇ، قايسى كۈنى مەستلىكتە ئادىلمۇ تۇيماي قالدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ ئەمدى بۇ تەشۋىش، ئازابتىن ئاخىرى قۇتۇلدى، مەڭگۈگە قۇتۇلدى ... ئۇ ئەمدى ئادىلغا سادىق بولىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئوشۇق بەختىنىڭ لازىمى يوق ... تۇرسۇنغىمۇ بۇيرۇغان بىرسى باردۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟

ئامانگۈل ئۆز تەقدىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئادىلەگە دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ خېلى ۋاقىتقىچە ئارسالدى بولۇپ يۈردى. چۈنكى ئادىل ئىككىسى ھازىرچە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى ۋەدىلەشكەنىدى. لېكىن ئادىلەدىن قانداق يوشۇرۇپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ ئۇ تولا يالغان ئېيتىپمۇ ھاردى. تۆنۈگۈن كەچتە ئۇ ئامانگۈلنى قىستاققا ئالدى:

— ئامانخان! ماڭا بىر قارىسىلا، — دېدى ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — يېقىندىن بۇيان ئۆزلىرى باشقىچىلىغۇ؟

— نېمە بوپتىمەن؟ ۋاي تۇۋا، نېمە دەيدىغانسەن؟ — ئامانگۈل كۈلدى.

— نېمە بولغانلىقىنى كۆزىڭىز چاندۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەندىن يوشۇرۇپ كەتتىڭىزمۇ ئەمدى؟

— خۇدايا تۇۋا دېگىنە ...

— راست دېمەمسەن؟

ئادىلە رەنجىگەندەك بويىنىنى تولغىدى. ئامانگۈل دوستىنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامان يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ ئادىلەدىن باشقا يېقىن دوستىمۇ يوقتۇ، ئادىلە ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ياخشىلىقلا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى كېلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلسام قانداق بولىدۇ؟ — ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ ئادىلەگە ئۆزىنىڭ ئادىل بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولۇنغان ئىشلارنى ئەندىكىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

ئادىلە ئۇنىڭغا ھەيران بولدى.

— تۇۋا مۇشۇنچىلا ئىشلارنى قىلىۋەتتىڭمۇ؟ — ئادىلە ھاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدى، — سەن مۇنداق تۇرغىنىڭ بىلەن بوش نېمە ئەمەسكەنسەن جۇمۇ! ئادىل دېگەنما؟ دوستى يوقمىكەن؟

— مەنمۇ كۆرمىدىم، بەلكىم باردۇ؟ قانداق؟ ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ؟

— شۇنى دەيمەن، مېنى ئاشۇ سودىگەرلەرگىلا تاشلاپ بېرەمسەن؟

— تۇرغانچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىشىپ كەتمىگەنسەن؟

— مېنى شۇنىڭغا تېگىمدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — ئادىلە كۆڭۈلسىز بىر ھالەتتە ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — مەن ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس، راستىنى ئېيتسام، تۇرغاننىڭ پۇلى ئۈچۈنلا ھە، دەپ يۈرۈۋاتىمەن، ئۇلاردىن ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى تازا بىلىمەن،

ئۇنىڭ ئۈستىگە تېگەي دېگەندىمۇ ئۆيدىكىلەر ئاڭلىسا مېنى تىرىك تۇرۇپ سويىدۇ. ئۇلار ئۆلسىمۇ قوشۇلمايدۇ، بەزىدە شۇلارنى ئويلاپ ئۇبدان يىگىت بولسا مەنىمۇ چىرايلىق يۈرۈپ باقسام دەيمەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ماڭا يولۇقمايدىغۇ تاڭ... ئەمدى سەن تېپىپ بەرمىسەڭ بولمىدى ئاداش! بولمىسا ئادىلنى تارتىۋالىمەن جۇمۇ!

ئامانگۈل ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى. ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدىن شۇلداقمۇ بولارمۇ، ئادىلدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دېگەن ئەندىشىمۇ لەپ قىلىپ ئۆتتى - دە، بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ ئادىلەنىڭ ئويىنىشىپ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئادىلنى ئادىلەگە كۆرسەتمەسلىكنى، ئۇ توغرىلىقمۇ ئادىلەگە كۆپ گەپ قىلماسلىقنى ئويلىدى.

ئامانگۈل ئەمدى ئادىلنى ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە ياخشى كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئۇچرىشىدىغان كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. كۆڭلىدە بولسا بۈگۈن ئادىلغا نېمە تاماق قىلىپ بەرسەم بولار؟ دەپ ئويلايتتى. ئادىل ھەر قېتىم ئۇ كەلگەنچە گۆش، كۆكتاتلارنى ئەكىرىپ قوياتتى. ئۇلار قولمۇ قول تاماق ئېتىشىپ يەيتتى، ئاندىن ئامانگۈل ئادىلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. بۇ ئىش ئەمدى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

نەچچە ئاي شۇنداق بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئامانگۈل دەرستىن چۈشۈپلا ئادىلنىڭ يېنىغا جابدۇندى. ئادىل سىرتقا چىقىز- ەتكە كەتكەچكە ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەنىدى. ئامانگۈلنىڭ بارغانسېرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىدىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بەزىدە ئادىل ئېسىگە چۈشسە خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان رەسىمنى ئېلىپ قارايتتى، يۈزىگە ياقاتتى، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادىل بىلەن بىللە بولغاندىكى قىلىشقان گەپلىرى، ئادىلنىڭ ئەركىلىتىشلىرى، يېڭىدىن سىزماقچى بولغان رەسىمى توغرىسىدىكى قىزغىنلىق بىلەن دېگەن سۆزلىرى ... بىر - بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتەتتى. تۇرۇپلا ئۇ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى، ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئامانگۈل ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قالىدۇ، قانداق ئىدارىدە ئىشلىسىمۇ مەيلى، ئۇلار بىرەر يىل ئۆتكۈزۈپ توي قىلىدۇ، ئامانگۈل ئۆيىنى ئادىل رازى بولغۇدەك چىرايلىق، پاكىز ياساپ تۇتىدۇ، ئادىلنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن شەرت - شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت ۋاپادار ئايال بولىدۇ ...

ئامانگۈل شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆزىگە تونۇش ۋە شۇنداق قەدىرلىك بىلىنىدىغان پەلەمپەي بىلەن ئادىلنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئادىل مايكىچان بولۇپ ساقىلىنى ئېلىۋاتقانىدى. ئۇ ئىشىكتىن كۈلۈپ كىرگەن ئامانگۈلنى كۆرۈپ ياپراپ كەتتى:

— ھازىرلا سىزنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، — دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى بىر قولىدا قۇچاقلاپ، — سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى ...

ئامانگۈلنىڭمۇ شۇ تاپتا ئۇنى قۇچاقلاپ پۇرىغۇسى، سېغىنىش تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ:

— قاراڭا سىزنى، يۈزىڭىزنى كېسىۋاپسىزغۇ، ئالدىرىماي ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— ئەمىسە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ئادىل ئەينەكنىڭ قېشىغا ئۆتۈپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ساقىلىنى ئالغاچ بۇ قېتىم تۆۋەندە ئېچىلغان يىغىننىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردى.

ئامانگۈل ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ كارىۋاتتا چېچىلىپ ياتقان رەسىملەرنى، رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ژۇرنالنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللەرنىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىپيالىڭاچ ئاياللارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە چۈشكەن رەسىملىرى، سىزما سۈرەتلەر بار ئىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ ئادىلنىڭ مۇشۇنداق ژۇرناللارنى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ دىلى غەش بولدى. «نېمىشقا بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئامانگۈل ئىچىدە، — بۇلار سېرىق، چاكىنا نەرسىلەرغۇ، بۇنىڭدىن كۆرە مەنزىرىلەرنى سىزسا بولمامدۇ؟ ئادىلنىڭ مۇشۇنداق رەسىم سىزىش ئويىمۇ - بارمۇ يا؟ خۇدايىم ساقلىسۇن...»

ئامانگۈل بىلمىگەنگە سېلىپ سورىدى.

— ئادىل! سىز يالىڭاچ ئادەملەرنى سىزىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئادىل ئۇنىڭ ئويىدىكىنى بىلمەستىن ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىر - ئىككى قېتىم سىزىپ پراكتىكا قىلغان، خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان شارائىت بولمىدى، — ئادىل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ يىل ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا مەخسۇس يالىڭاچ رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، ئۇقتۇرۇش كەلدى، مەن شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— سىزمۇ سىزماقچىما؟ — ئامانگۈل ھودۇقۇپ سورىدى.

— ھەئە، — ئادىل بېشىنى لىڭشىتتى، — ھەقىقىي رەسسام بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ ماھارەتنى ئىگىلەش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان تېنىنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ پەقەت مۇشۇنداق يالىڭاچ ھالەتتە ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، مانا، بۇ رەسىمگە قاراڭ، — ئۇ ژۇرنالدىكى بىر چەت ئەللىك ئايالنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى ئېچىپ ئامانگۈلگە كۆرسەتتى، — بۇ ئايالنىڭ فىگورىسىنى قاراڭ، بۇ مانا تۇغما گۈزەللىك، ئاجايىپ نەپىس سەنئەت، ئەگەر بۇ ئايال كىيىم كىيىۋالغان بولسا بەدىنىنىڭ مۇشۇ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمايتتۇق. ئۇ ۋاقىتتا كىيىم ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ، ئىنسان تېنىنىڭ ساپ، تەبىئىي گۈزەللىكى يېپىلىپ قالىدۇ، بىزنىڭ خەلقىمىز بۇنداق رەسىملەرنى ئۇيات دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق دېيىش نادانلىق، گەپ ئادەتلىنىشتە. سىزچۇ؟ سىز يارىتىدىغانسىز؟

— مەنمۇ؟ — ئامانگۈل قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، سىز مېدىتسىنادا ئوقۇۋاتقاندىن كېيىن بۇنى ئاڭلىق چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن، سىلەرمۇ ئادەم ئورگانىزمىنى تەتقىق قىلىسىلەردە...

— ئۇ ئوخشىمايدۇ - دە، — ئامانگۈل چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك دېدى.

— تېگى - تەكتىدىن ئوخشاش، دوختۇرلار ئورگانىزمنىڭ قۇرۇلمىسىنى، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، رولىنى تەتقىق قىلىدۇ، سەنئەتكارلار بولسا ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنى، گۈزەللىكنى

ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇلا پەرقى بار. ئامانگۇل! — ئادىل ئامانگۇلنى تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ دېدى، — مەن سىزنىڭ يالغاچ رەسىمىڭىزنى سىزسام دەپ ئويلايمەن.

ئامانگۇل سەسكىنىپ كەتتى، «ئادىل چاقچاق قىلىۋاتمايدىغاندۇ - هە؟ ئۇ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟ توۋا، نېمە گەپ بۇ؟ مېنى رەسۋا قىلماقچىمۇ؟ ... شۇنداق قارىغاندا ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگىنى يالغان، ئەسلىدە مېنىڭدىن پايدىلانماقچى، مېنى قورچاق قىلىپ ئوينىماقچى ئىكەن دە ... گۈزەللىكىمىش ... قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىنى شۇنداق قىلىدۇ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى خەلقى - ئالەمگە سازايى قىلىدۇ؟ ... »

— راست دەۋاتامسىز، ئادىل؟ — ئامانگۇل تىترەپ تۇرۇپ سورىدى.

— هەئە ... مېنىڭچە سىز ئەڭ لايىق ...

— ياق، ياق! ... — ئامانگۇل ئاچچىقى بىلەن توۋلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇ كارىۋاتتىكى سومكىسىنى ئاچچىقى بىلەن يۇلۇپ ئالدى - دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

— ئامانگۇل! ئامانگۇل! — ئادىل ئۇنى چاقىرىپ كەينىدىن چىقتى، لېكىن ئامانگۇل كەينىگىمۇ قارىماستىن ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى.

ئامانگۇل شۇ ئاچچىقىدا ئۇدۇل ياتاققا يېنىپ كەلدى. ئادىلنىڭ دېگەنلىرىنى هەر بىر ئويلىسا تېخىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى، خورلۇق هېس قىلاتتى، يىغلىغۇسى كېلەتتى. قىزلار هەممىسى كىنوغا كەتكەن بولسا كېرەك، ياتاقتا هېچكىم يوق ئىدى. ئامانگۇل خېلى چاققىچە بۈگۈنكى ئىشتىن ئازابلىنىپ ياتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ بۈگۈن ئادىلغا دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقان مەكتىپىنى ئېنىق ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى ئىدى. ئەمدى ئۇ قاچانغىچە يوشۇرىدۇ، بۇنداق ئۆتتۈۋەرسە كېيىن ئادىل باشقىچە ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مانا بۇ ئويىمۇ بىكار بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بەلكىم ئادىل هازىر دېگەن گېپىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟ ئەمما ئۇ ئامانگۇلنى نەدىن تاپىدۇ، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئىزدەپ يۈرمىگەيدى، نېمىشقىمۇ بۇ ئىشنى بالدۇرراق دەپ ئوقۇشماسلىقنى تۈگەتمىگەن بولغىيدىم؟ ... مەن ئىزدەپ بارمىسام ئۇ مېنى تاپالمايدۇ ... ئۇنداقتا مەن ئەمدى نېمىدەپ بارىمەن؟ مەن بىكارلا خاپا بوپتىمەن دەيمەنمۇ ياكى ... مەنمۇ نېمانچە چېچىلىشىپ كەتكەندىمەن، بەلكىم ئادىل ماڭا ئۆزىدەك ئىشەنگەچكە شۇنداق دېگەن بولغىيدى، ئۇنىڭغا مەن ياردەم قىلمىسام كىم قىلىدۇ، كىم ئۇنى قوللايدۇ، چەت ئەلدىكى ئەر - ئاياللار يېرىم يالىڭاچ بىللە يۈرۈۋېرىدىكەن، ئىچكىرىدىمۇ ساپ شۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ، كىنو، تېلېۋىزورلاردا كۆرۈۋاتىمىزغۇ، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر بۇنى نومۇس هېس قىلمايدىكەن، بىزلا ئېغىر ئالىدىكەنمىز ... ئەگەر مەن بارمىسام ئادىل باشقا بىر قىزنى تېپىۋالسىچۇ، هازىر پۇللا بەرسە رازى بولىدىغان قىزلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، راست شۇنداق بولۇپ، كېيىن ئادىلنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالسىچۇ؟

ئامانگۇل ئويلىغانسېرى ۋەهىمىگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلايتتى.

ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئادىل نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ جىمىڭ سەھرالىقلىقىمنى چاندۇردۇم-دە، ئادىل مېنى زورلاپمۇ كەتمىگەندىغۇ، نېمانچىۋالا سەكرەپ كەتكەندىمەن، سىزسىمۇ نېمە بوپتۇ. مەن ئەمدى ئادىلدىن نېمىنى يوشۇرىمەن؟! ...

ئامانگۈل كېچىمنى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى چالا-بۇلا يېدى-دە، ئادىلنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كەلگەندە ئادىل تېخى ئەمدى يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى، ئۇ ئامانگۈلنى كۆرۈپ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن خۇش خۇي قارشى ئالدى، گويا ئوتتۇرىدا ھېچنەرسە يۈز بەرمىگەندەك ئىدى.

ئادىل يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئامانگۈل ئاستا سورىدى:

— ئادىل، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — سىز كۆرگەزمىگە راستىنلا قاتناشماقچىمۇ؟

— شۇنداق نىيىتىم بار، بۇ ياخشى ئىش ئامانگۈل!

— مەن رازى، — دېدى ئامانگۈل لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ئادىلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— راست دەۋاتامسىز؟ — ئۇ ئامانگۈلنى قۇچاقلاپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيدى، — مەن سىزنى ماقۇل دەيدۇ، دەپ ئىشەنگەنتىم، دېگەن يېرىمدىن چىقتىڭىز، مۇشۇنداق يەرلىرىڭىزنى دەيمەنغۇ سىزنىڭ...

يىللىق قۇچاق، شېرىن سۆيۈشۈش، يۈرەكنى بىھوش قىلىدىغان تەبەسسۇم... ئامانگۈل بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار، ئۇنىڭغا پەقەت ئادىل بولسىلا بولدى، ئۇ ئەمدى ئادىلسىز ياشىيالمايدۇ.

ئۇلار شۇ ھامان ئىشنى باشلىدى. ئامانگۈل ئادىلنىڭ دېگىنىنى قىلدى. دەسلەپ ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ قورۇندى، يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى، ئەمما ئادىلنىڭ ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە بىر خىل قىزىقىش، ھەۋەس بىلەن بېقىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى توختاتتى، ھېلىمۇ ياخشى ئادىل ئۇنىڭ يۈزىنى تولۇق چىقارمايدىغان، كىشىلەر قاراپمۇ تونۇۋالالمايدىغان قىلىپ سىزىدىغان بولدى. دېمەك ئۇنى پەقەت ئادىللا تونۇيدۇ، ئۇ تونۇسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ بەرىبىر كەلگۈسى ئېرىدىغۇ... ئامانگۈل كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ ھېچنەرسىنى كۆرمەسلىكنى ئويلىدى.

بىردەم-بىردەم ئادىل ئۇنى دەم ئالدۇراتتى. ئۇنىڭغا قىزىق-قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ئۇلار بىر كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. نەچچە يەكشەنبە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرى رەسىم پۈتتى. ئادىل بۇ ئەمگىكىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى. شۇ خۇشلۇقىدا ئامانگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك «نېيۇزەي» چاپان بىلەن يوپكا ئېلىپ بەردى.

— ئەگەر رەسىم كۆرگەزمىگە تاللىنىپ قالسا ئۇ چاغدا ئايرىم سوۋغىتىم بار، — دېدى ئۇ ھاجايانلىنىپ تۇرۇپ.

ئامانگۈلمۇ ئۇ «ئۇيياتلىق» كۈنلەرنى پاتلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى تولىمۇ مۇشكۈل بىر زۇلنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاپ تۈگەتكەن ئارتىستەك ئۆزىنى يەڭگىل

ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئارتىس دەپ ھېسابلايتتى ۋە ئارتىستلارغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولدى. مىڭلاپ - مىليونلاپ كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان، زوق بېرىدىغان روللارنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئارتىس قانچىلىك ئازابلارنى چېكىدىكەن، ئۆز تەبىئىتى كۆتەرمىگەن قىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن، ئارتىس ئازاب چېكىدۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئامانگۈلمۇ شۇنداق قىلدى. ئادىل خوش بولدى، ئېھتىمال ئۇ رەسىمنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ زوقلىنىشى مۇمكىن...

دەرۋەقە رەسىم ياخشى باھالىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ژۇرناللاردا بېسىلىپ چىقتى. بۇ ئەسەر ئادىلنى بىراقلا جامائەتكە تونۇتتى.

11

ئوقۇش قانچە تەس، كۆڭۈلسىز بولسىمۇ، ئامانگۈل چىشىنى چىشلەپ كېتىپ باراتتى. ئادىلە ئىككىسى ئىمتىھانلاردىن ئاران - ئارانلا ئۆتەتتى. دىپلوملا ئېلىۋالسام بولاتتى، دەيتتى ئامانگۈل ئۆز - ئۆزىگە، مانا تۆتىنچى يىلىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مەۋسۇملۇك ئىمتىھانلارغا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئامانگۈل ئادىل بىلەن ھازىر كەمدىن كەم كۆرۈشەلەيدىغان بولدى. چۈنكى ئادىل ھازىر ئىدارىدە كۆپ تۇرالمايتتى. ئۆتكەنكى رەسىمنىڭ شۆھرىتى بىلەن ئۇ بىردىنلا تالانتلىق رەسسام بولۇپ تونۇلدى. ئىدارىسىمۇ ئۇنى كەسپىي ئىجادىيەتچى قىلىپ ئاجراتتى. ئۇ كۆپ چاغلاردا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنەتتى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇيەردىن كەلسە ئىچكىرىدىكە — بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى كۆرۈشكە كېتەتتى. ئۇنى ياتاقتا ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ھەۋەسكار قىز - يىگىتلەر تولا كېلەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئامانگۈل بىلەن بولىدىغان خالى چاغلىرى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. ئامانگۈلگە ئادىل ئۇنىڭدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، مۇئامىلىسىمۇ ئىلگىرىكىدەك قىزغىن بولمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئادىل مېنى راستىنلا تاشلىۋېتەرمۇ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋەھىمە بىلەن بەزىدە، — ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟... ئوقۇشىمۇ بىر تۈگىمەسكە قالدى بولمىسا تويىنى قىلىۋېلىپ خاتىرجەم بولاتتىم... تۇۋا، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ئادىل ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ نامى چىقسا ماڭىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ئېرىڭ كىم، دېسە پالانچى دېيەلەيمەن. ئادىلە جېنىدىسىمۇ بىزگە ھەۋەس قىلىدۇ، خۇدايىم ئۆزى ساقلار...

ئامانگۈلگە بۇ بەخت قانچە تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا ئازابىمۇ شۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ۋەقە مۇنداق بولدى. بىر ئاي ئىلگىرى ئادىل جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەتكەنىدى. ئۇ ماڭار چاغدا ئامانگۈلگە «ئېپى كەلسە سىزنىڭ يۇرتىڭىزغىمۇ بارىمەن، قېيىن ئاتام بىلەن قېيىن ئانامغىمۇ سالام بېرىپ كېلەرمەن» دېگەنتى چاقچاق قىلىپ. ئامانگۈل ئۇنىڭ

بۇ گېپىنى چاقچاق دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نامرات يۇرتىدا ئادىل رەسسام سىز-
ۋدەك نېمە بار. ئۇلار مەنزىرىسى چىرايلىق، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار يەرلەرنى
كۆرىدۇ...

تۇنۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ قاپىقى تۇرۇپلا تارتىپ كەتتى، يۈرىكىمۇ
تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاغاتتى. ئۇنىڭغا ئادىل بۈگۈن يېنىپ كېلىدىغاندەكلا بىلىنىپ، ئاخىرى
ئولتۇرالمىدى. ئۇ دەرستىن چۈشۈپلا ياتاقىمۇ كىرمەستىن ئادىلنىڭ ياتىقىغا ماڭدى.
ئۇ تونۇش ئىشىككە كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يۈرىكى
ئاغزىغا تىقىلدى، كۆڭۈل دېگەن مانا قانداق، بايا قاپىقىمۇ بىكاردىن تارتمىغانىكەن.
ئادىلنىڭ ھىدىنى ئالغان ئىكەن - دە... ئامانگۈل يۈرىكىنىڭ سەزگەنلىكىگە خۇش بولۇپ
ئىشىكتە ئۆزىنى بېسىۋالغىچە بىر ئاز تۇرۇپ، ئاندىن ياتاققا كىردى. ئۇ ئادىلنى يۈ-
گۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلار، قىزغىن ئەھۋال سورار، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنداق
بولمىدى، ئادىل كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ بىر ژۇرنالنى كۆرۈۋاتقانىكەن، ئۇ ئىشىكتە
ئامانگۈلنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى ۋە بىر خىل سالقىن ھالدىلا:

— كېلىڭ، — دېدى.

ئامانگۈل خۇددى بىرسى بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك پۈتۈن ئەزايى
شۈركىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ لەسسىدە بولۇپ خۇددى دەرسكە كەچ
قالغان ئوقۇغۇچىدەك شۈمشىيىپ تۇرۇپ سورىدى:

— قاچان كەلدىڭىز؟

— چۈشتە.

— چۈشتىن كېيىن قاپىقىم تارتىپلا كەتكەنتى، كۆڭلۈمدە سىزنى كەپ قالدىمى-
كىن دەپ يۈگۈرۈپلا كەلگەنتىم. راستلا بىلىپ تارتقانىكەن....

ئادىل زوۋان سۈرمەستىن يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئامانگۈل ئادىل-
نىڭ ئۆزىگە ئانچە ئىرەن قىلمىغانلىقىغا ئەجەبلەندى:

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟

— يېدىم، قورسۇقۇم توق...

— مىجەزىڭىز يوقمۇ - نېمە؟ يولدا ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

— ياق، ھېچنىمە بولمىدىم. ھېرىپ قاپتىمەن...

ئامانگۈل جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولدى،
ئىچىدە ئادىلغا ھەيران بولاتتى، «توۋا، نېمە بولغاندۇر ئۇنىڭغا؟ بىرەر ئېغىز يىلىلىق-
راق گېپىمۇ يوققۇ، نېمىگە خاپا بولۇپ قالغاندۇ؟» ئۇنىڭ ئويىغا كەچمىگەن خىياللار
كەلدى. لېكىن ئۇ ئادىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ كەتكەندىن بۇيان ئۇ رەنجىگۈدەك بىرەر
ئىشنى قىلغانلىقىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئادىل بولسا خۇددى ئۆيىدە ئامانگۈل
يوقتەك پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپلا ئولتۇراتتى. ئاخىرى ئامانگۈل بىر خورسىنىپ قويۇپ
ئورنىدىن تۇردى:

— ئانداق بولسا سىز ئارام ئېلىڭ، كېيىنچە كېلەرمەن، — دېدى ئۇ ئادىلغا

تەلمۈرگەن ھالدا.

— ئۇلتۇرۇڭ، — دېدى ئادىل ئۇنىڭغا قاراپ، — سىزگە گېپىم بار.

ئامانگۈل ئەندىكىپ كەتتى. ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— ئامانگۈل، — دېدى ئۇ ئاخىرى دېرىزە ئالدىدا توختاپ، — بىز تونۇشۇپ يۈرۈ- ۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سىزگە ھەممە گەپنى ئوچۇق دېدىم، ھېچنەرسىنى يوشۇرمىدىم، ھەم سىزدىنمۇ شۇنى كۈتكەن ۋە سىزگە ئىشەنگەن- ئىدىم. لېكىن سىز باشتىلا ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇۋاتقان مەكتىپىڭىزنى مېنىڭدىن يوشۇردى- ڭىز، بۇنىمۇ مەيلى دېدىم. بەلكىم مېنى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنسىز دەپ قالام- دىكىن، ياراتمامدىكىن دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ماڭا سىزنىڭ كەسپىڭىز ئەمەس، بەلكى سەممىي، ساپ يۈرىكىڭىز كېرەك ئىدى. لېكىن سىز مېنى چوڭ ئىشتا ئالدापسىز، مەن بۇ قېتىم يۇرتىڭىزدا سىز توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى ئاڭ- لىدىم. شۇنچىلا ئىشنى مەندىن يوشۇرغاندىن كېيىن سىز بوش قىز ئەمەس ئىكەنسىز...

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى سىقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئادىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، يۈگۈرگىنىچە تالاغا چىقتى. ئۇنىڭ دىمى سىقىلاتتى. نېمىدۇر يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ياتاققا قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقمىدى، ھېلىمۇ ياخشى ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىكەن، ئۇ ئادىلەنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئادىلنىڭ سۇرۇن چىرايى، دېگەن سۆزلىرى كەلدى - دە، ئەلەم، خورلۇق دەستىدىن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى...

قىزلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كارىدوردا پەيدا بولۇشى ئۇنى يىغىدىن توختاتتى. ئۇ ئىتتىك قوپۇپ كۆز يېشىنى سۈرتتى - دە، سىرتقا ماڭدى. ئۇ قىزلارغا كۆرۈنمەسلىكنى ئويلىدى. ئۇ مەكتەپ بېغىغا چىقتى. قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن باغ ئىچى شۇنداق سالقىن، نەم ئىدى. ئامانگۈل ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، قويۇق ئاكات- سىيە ئارىسىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

ئامانگۈل ئۈچۈن ئۇنىڭ كەلگۈسى خۇددى مۇشۇ كېچىدەك قاراڭغۇ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ تېخى ئەتىگەنلا خاتىرجەم، خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن يىگىتى بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ ھەممىدىن ئايرىلدى، بۇلار خۇددى بىر چۈشتەك غايىب بولدى، ئۇنىڭغا يەنە ئەلەم، يىغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئاپىسىنىڭ كىچىك چېغىدا دېگەن گەپلىرى كەلدى. ئاپىسى ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بالام، ئەجەبمۇ مەڭ جىققۇ سەندە، كونىلارغۇ مەڭلىك ئادەم تەلەيلىك بولىدۇ دەيدىكەن، ئىلاھىم سېنىڭمۇ بەختىڭنى بېرەر. بىز تارتقان كۈنلەرنى كۆرمە- سەن بالام، — دەيتتى. ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە بەك ئورناپ كې- تىپتىكەن، ئۇنى ھەر بىر ئەسلىسە كۆڭلى ئىشەنچكە تولاتتى. ئۇمۇ ئانىسى دېگەندەك

ئامەتلىك بولۇپ چوڭ بولغانتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى تۈگەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلىشىگىمۇ ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. پەقەت ئاشۇ جۈيجاڭ... ئۇ قاچان شۇنىڭغا يولۇقتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا تەلەيى قاچتى. ئۇنى پالاكەت باستى. ئامانگۈل باشتا بۇ ئىشقا ئۇنچىۋالا ئۆكۈنۈپ كەتمىگەن، بۇنى داغ بولۇپ قالار دەپ ئويلىمىغانىدى. لېكىن ئۇ خاتا قىلغانىكەن، مانا شۇنچە يىراقلارغا كېتىپمۇ بۇ پىشكەلدىن قۇتۇلالمىدى، شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ ئۇ ھەر قەدەمدە ئۇنىڭ نومۇسىنى تۆكمەكتە، زار-زار يىغلاتماقتا. ياق، ئۇ بۇ داغنى يۇيۇپ يوقىتالمىغۇدەك، ئۇ ئۆمۈرۋايەتلىك چىقماس تامغا بولۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ تەقدىرگە تەن بەرسە بولغۇدەك، ئامانگۈل شۇ تاپتا بىر قىز ئۈچۈن قىزلىق نومۇسىنى، نامىنى ساقلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى. كاشكى بالدۇرراق بىلگەن بولسىمۇ.... ئەمما جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەم نومۇس، ۋىجدان بىلەنلا ياشاۋاتامدىغۇ. ئادىلچۇ؟ ئۇ ھەممىنى قايرىپ قويۇپ خالىغىنىچە ئويناپ يۈرۈۋاتىدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ، ھەممە خاپىلىقنى كەينىگە تاشلىيالايدۇ، ئۇ «بىر كۈن بولسىمۇ ئويناپ-كۈلۈۋالغىنىمنىڭ غەنىمەت، ھازىر پاك مۇھەببەت، ئۆمۈرلۈك دېگەن گەپلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ھەممىسى ساختا گەپلەر. تېخى شۇنداق ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلىدىغانلارنىڭ ئۆزى ئەڭ بۇزۇق، ھەممە كوچىدا بار نېمىلەر» دەيدۇ، تازا ئويلاپ قارساڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، ئامانگۈل مانا ئۈرۈمچىگە كەلگەن تۆت يىلدىن بۇيان ئۇنداق ئىشلارنى جىق كۆردى. مۇشۇ مەكتەپتىلا ئادەتتە قىزلار ھەۋەس قىلىدىغان ئائىلىلەر تۇيۇقسىزلا بۇزۇلۇپ ئايرىلىشىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇلارنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمايتتى. ئامانگۈلمۇ ئادىلنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغانىدى. ئادىلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى، مانا ئاخىرى نېمە بولدى؟ ئامانگۈلنى ئىككى يىل ئەخمەق قىلىپ ئۇنىڭغا يەتكىدەك قېنىۋېلىپ ئاخىرى ئەسكى چاپاننى چۆرۈگەندەك تاشلىدى، يەنە ئۇنى ئاز دېگەندەك ھاقارەت قىلدى. ئەمدى ئامانگۈل كىمگە ئىشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاشۇ تامغا بارئىكەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ، يەنە ئۇنى ئالدايدۇ، ھەسرەتتە قويىدۇ... قۇرۇپ كەتسۇن!

بىرلىرىنىڭ باغدا ماڭغان تىۋىشى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى. بىر جۈپ قىز-يىگىت ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شۇ سوئالنى ئۆزىڭىزگە بىر قويۇپ بېقىڭا، — قىز تىترىگەن ھالدا سۆزلىدى، — مېنى ئەخمەق قىلاي دەمسىز ئەمدى؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟

— بار گەپنى دەۋاتىمەن، ئەمىسە ئۇ پاسكىنىدىن ئايرىلغىڭىز كەلمەيلا قالدىغۇ؟

— بىر دەم پاراڭلاشقانغا نېمە بوپتۇ؟ شۇنىڭغىمۇ تارلىق قىلامسىز؟

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمەيدۇ دېمەڭ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇشۇ يەرلىك، سىز شۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ شەھەردە قالماقچى بولۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، سىز نەلەرگە كەتتىڭىز، — يىغىت كۈلدى.

— مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئەگەر مەندىن يۈز ئۆرۈيمەن دېسىڭىز مەن ئۆلۈپ بېرىمەن...

— مېنى شۇنچىلا ۋىجدانسىز چاغلامسىز؟ — يىغىت ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ مىچىلداپ يىغلىغىنى، ئارقىدىن سۆيۈشكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئامانگۈل ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارغا بىلىندۇرمەي دەرەخ ئارىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەسكى بولدى. بىچارە قىز — دەپ ئويلىدى ئۇ ياتاققا كېتىۋېتىپ، — ئەنە بىردەمدىلا ئېرىدى. يەنە ئالداندى. ئۇمۇ ئەتە - ئۆگۈن مېنىڭدەك بولىدىغان بولدى، نېمانچىلا بوزەك، ئاجىز يارىتىلىپ قالغاندىمىز؟ مۇشۇنداق ئازاپ چېكىپلا ئۆتەرمىزمۇ؟

ئەتىسى چۈشتە ئادىلە ئۆيىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئامانگۈلنىڭ يىغىدىن ئىششىغان قاپىقىغا، سۇلغۇن چىرايىغا قاراپ ئەجەبلەندى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئادىل بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

دوستىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ ئاران تىنچىغان دىلىغا باشقىدىن ئوت سالدى. كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاخشام بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ گەپ بىر باھانە دېگىنە، — دېدى ئادىلە ئاچچىقى بىلەن، — ئەسلىدە ئۇنىڭ نەزەرى ئۆسۈپ قالغان گەپ، سېنىڭ رەسىملىرىڭنى سىزىپ نام چىقىرىۋالدى. ۋاي ئادىل بولۇپ قالدى. ئەر كىشىچۇ، ئازراقلا نام - ئاتاققا ئېرىشىسىلا ئۆزگىرىدۇ، مەن ئۆتكەندە ئادىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ دېگىنىڭدىلا ئىش چاتاق دېگەنىدىم. ئويلىغىنىمدەك بولدى...بولدى ئاداش يىغلىما! مەن شۇڭا يىگىتلەرگە ئىشەنمەيمەن ئەمەسمۇ؟! ئادىل دېگەنلەر شەھەردە قاقباش بولۇپ كەتكەن نېمىلەر ئۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇپراتقۇچىلىك ئىش ئەمەس، يىگىت دېگەن يالغۇز ئادىللا ئەمەس، سەن بۇ چىرايىڭ بىلەن نى - نى يىگىتلەرنى ئالدىڭدا ئۆمىلىتىسەن...

12

ئامانگۈلگە ئادىل بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى يىللار ئانچە بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادىل بىلەن بىللە بولغان بىر نەچچە سائەتنى بىرەر ھەپتىگىچە، يېتىمدىن كۆرۈشكىچە لەززەتلىك بىر ھاياجان بىلەن ئەسلەيتتى، ئەمدى بولسا كۈنلەر شۇنداق زېرىكەرلىك، مەنىسىز، ھەر بىر كۈن خۇددى بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلىدىغان بولدى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش بولسا تېخىمۇ ئېغىر، خۇددى يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك يۈرەكنى ئېچىشتۇرۇپ، دىلنى ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئىمتىھانلار يېقىنلاپ جىددىيچىلىكتە بۇ غەملەر ئازراق ئۇنتۇلغاندەك بولدى. ئامانگۈل ئۇ خاتىرىلەرنى ئويلىماسلىققا، ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىپ كۆردى. ئۇنىڭ ھالىغا يەنىلا ئادىلە يەتتى.

— بولدى، تولا ئويلاۋەرمە ئاداش، — دېدى ئۇ، — يىگىت دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس، هازىرقى چاغدىچۇ، يىگىتلەرگە ئۇنچىۋالا ئەقىدە قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق، بولسا تېخى كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ باشقىسى بىلەن يۈرسەڭ ئاندىن قەدرىڭگە يېتىدۇ. كەيىنىڭدىن كۆرسىغا كىرگەن ئىتتەك سوكۇلدايدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنداق ئەدىپىنى بەرسە بولىدۇ، هە، راست تەتىلدە قانداق قىلىسەن، ئۆيگە بارامسەن؟

ئامانگۈل بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— قانداق قىلسام بولاركىن، — دېدى.

— شۇ سەهرادا يالغۇز نېمە قىلارسەن؟ يەنە بارساڭ يەنە شۇ يېزا... — ئادىلەنىڭ ئېسىگە نېمىدۇر كەلگەندەك چىرايى جىددىيلەشتى، — هەي، ئىچكىرىگە بېرىپ ئويناپ كېلەمدۇق-يا؟

ئامانگۈل هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئىچكىرىدىگە؟

— هەئە...

— ئۇ يەرگە نېمىدەپ بارىمىز؟ يا بىرسىنى تونۇمساق؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، — ئادىلە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى، — تۇرغانلار يېقىندا شاڭخەيگە مالغا بارىدىكەن، ماڭا، بارامسىز، بىللە ئويناپ كېلىڭ، دېگەنتى، مەن يالغۇز قانداق قىلارمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەرمەن، دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتىم.

— بىزنىڭكىگە بارىمەن دېسەڭ بولىدىغۇ.

— هە، راست، مەن دۆتنىڭ ئېسىمگە نېمىشقا شۇ گەپ كەلمىگەندۇ، هە، ئۇلار كەينىمدىن بېرىپ ئىنقىلاپ يۈرەمتى؟ — ئادىلە خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىۋەتتى.

— مەنچۇ، ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن؟

— ساڭا ئاسانغۇ، — ئادىلە سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى، — مەسىلەن، تەتىلدە ئىنگ-لىزچىمۇ ياكى تۈركچىمۇ ئىشقىلىپ بىر كۇرستا ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم دېسەڭ بولىۋېرىدۇ، قانداق، ئەمىسە شۇنداق قىلامدۇق؟

ئادىلەنىڭ تەكلىپى ئامانگۈلنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا يېزىدا نېمە بار؟ يالغۇزچىلىقتا ئۆتكەن ئىشلارنى تولا ئويلاپ ئۆزىنى قىينايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئايلىنىپ شەهەر كۆرۈپ كەلسە ياخشى ئەمەسمۇ؟ ... كېيىن بۇنداق پۇرسەت بولامدۇ - يوق، كىم بىلىدۇ؟

— مەيلى، — دېدى ئۇ ئاخىرى.

ئادىلە خۇشال بولۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى:

— سەن مېنىڭ هەقىقىي دوستۇم جۇمۇ... ئەمىسە مەن بۈگۈنلا تۇرغانغا خەۋەر قىلىمەن، ئاندىن ئىككىمىز بېرىپ بىزنىڭ ئۆيدىكى قاقباشلارنىڭ بۇرۇتىغا چالىما تېزىمىز...

ئامانگۈل ئادىلەنىڭ ئۆگىتىشى بويىچە ئەتىسىلا ئۆيىگە تەتىلدە بارالمايدىغانلىقى

تۇغرۇلۇق خەت يېزىپ سېلىۋەتتى. ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنى ئىچكىرىگە قىلىدىغان سەپىرى، پويىزغا ئولتۇرۇپ مېڭىش، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان يات، سىرلىق دۇنيا قىزىقتۇرۇپ ئەندىكتۈرەتتى، ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكىگە ئەندىشىمۇ قىلاتتى، ئۇنى ئاشۇ يەرلەردە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق قىسمەت كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىر ۋەھىمە كۆڭلىدە لىپ قىلىپ پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ ئىككى تايىن بولاتتى. «تىنچقىنا ئۆيگە كەتكىنىم تۈزۈكمىكىن، — دەيتتى ئۇنداق چاغلاردا ئۆز-ئۆزىگە، — ئۇ يەرلەرنى بەك قالايمىقان دېيىشىدۇ، ئۆتكەندە مەكتەپتە ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ قىزى ئۆيىگە دېمەيلا ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپتىكەن نەچچە ئاي بوپتۇ، ھازىرغىچە ھېچبىر خەۋىرى يوق، دېگەن گەپلەر بولۇنغانىدى، كىم بىلىدۇ... لېكىن ئەمدى بارمايمەن دېسەم ئادىلە نېمىدەپ قالىدۇ، ئۇمۇ قايسى يىلى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ يېزىغا باردى، بىچارە بىر ئېغىز زېرىكتىم دېمىدى، ئەمدى ئادىلە بىر لەۋزە قىلغاندا ياق دېسەم ئۇ نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ يەرگە يالغۇز كېتىۋاتقىنىم يوققۇ، ئادىلە بار، شەھەر كۆرۈپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلمەيمەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تىيىن چىقىم تارتمايمەن...»

ئامانگۈل ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدى.

تۇرغان بىلەن بىللە شەمشىدىن ۋە ئەركىن دېگەن ئورۇق، ئاق سېرىق يىگىتمۇ بار ئىدى. ئامانگۈل شەمشىدىننى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە ئۇ بۇرۇنقىدىن سەمرىپ، پاكارلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ يول بويى ئامانگۈلدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇنىڭغا يولدىكى شەھەرلەرنى، ئۇ يەردىكى مەنزىرىلىك جايلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىنكە قارىغاندا ئۇنىڭ بارمىغان يەرلىرى ئاز ئىدى. ئامانگۈل ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى. مانا مۇشۇلارمۇ تۈزۈككىنە ئوقۇمىغان ئادەملەر، لېكىن كۆرمىگەن يېرى يوق ئىكەن، تۇرمۇشى باياشات، ئەجەبمۇ تەلەيلىك ئادەملەر ئىكەن... ماڭا نېمىشقا شۇنداق تەلەي كەلمەيدىغاندۇ؟ بەش يىل ئوقۇپ چىقسام تېخى قايسى جاڭگالغا تەقسىم قىلىنىۋېتىدۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئادىلەنىڭ قايسى كۈنى دېگەن گېپى كەلدى: «شەمشىدىن ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ قارا، — دېگەنتى ئادىلە بىر خىل سىرلىق كۈلۈپ، — ئۇ تۇرغانغا ئاشۇ ئامانگۈلنى قانداقمۇ يىگىت ئالار، دېگۈدەك، ساڭا كۆيۈپ قاپتۇ جۇمۇ!...» ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان ئادىل كەلدى. شەمشىدىن بىلەن ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئادىل ئۇنىڭدىن ياش، چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىمۇ ئامانگۈلنى سۆيۈندۈرەتتى. لېكىن «ئامال قانچە»، ئۇ ئامانگۈلگە نېسىپ بولمىدى. لېكىن شەمشىدىنمۇ ئانچە قېرى ئەمەسقۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پۇلى بار، ھازىر پۇلى بارنىڭ يۈزى بار، ئەگەر ئامانگۈل ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتسا تۇرمۇشنىڭ غورىبەتچىلىكىنى تارتماي خېنىملاردەك ئۆتۈشىدە گەپ يوق، يا شۇنداق قىلىپلا خاتىرجەم بولغىنى تۈزۈكمىكىن... — ئۇ يول بويى شۇلارنى ئويلاپ كەلدى. ئاخىرى يەنە بىر يىل ئوقۇشۇم بارغۇ، شەمشىدىننىڭمۇ قاراپ باقاي، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇلار تۆتىنچى كۈنى شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. ئامانگۈل بۇ شەھەرنىڭ نامىنى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئوقۇش كىتابلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. مانا ھازىر ئۇ شۇ ھەيۋەت شەھەرنىڭ تار، ئادەملەر تىقىلغان كوچىلىرىدا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاسمانپەلەك، غەلىتە بىنالارغا، چۈمۈلىدەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېتىۋاتقان ھەر خىل ماشىنىلارغا، كوچىدا كالتە ئىشتان، ئىچ مايكا بىلەنلا يۈرۈشكەن كىشىلەرگە ھاڭۋاقان، قىزىققان ھالدا قارايتتى، ئۇ سىمغا ئېسىلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ توختاپ قالدى.

— تراللېبۇس دېگەن شۇ، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

قايياققا قارىساڭ مىغىلدىغان ئادەم، قايناپ تۇرغان بازار. نېمىدېگەن جىق دۇكان، نېمىدېگەن مال... ئامانگۈلنىڭ دېمى سىقىلىپ كەتكەندەك بولدى. شەمشىدىن بىلەن تۇرغان قىزلارنى بىر كۈن شەھەر ئارىلاتتى. ئۇلار تراللېبۇسقا چۈشتى، تاكسىغىمۇ ئولتۇردى، خۇاڭپۇجياڭغا بېرىپ پاراخوتقىمۇ چۈشۈپ ئايلاندى. شۇنچە ئارىلىسىمۇ يەنە شەھەرنىڭ چېتى كۆرۈنمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئامانگۈلگە بۇ شەھەر تولىمۇ زور تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىنىڭ خۇددى ناھىيە بازىرىدەك كىچىكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك ھەممىگە قاراپ ئۈلگۈرەلمەيتتى، كۆرگەنلىرى ئۇنىڭغا گويا بىر چۈشتەكلا بىلىنەتتى.

ئەتىسى شەمشىدىنلەر تۇيۇقسىزلا بىر يەرگە مال ئالغىلى بارىدىغان بولۇپ قېلىشتى. گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇلار تېز بارمىسا مالنى ھىممەت دېگەن سودىگەر ئالىدىغان بولۇپ، زاۋۇت بىلەن سۆزلىشىپتىمىش.

— يۈرە ئاداش، — دېدى ئادىلە ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئامانگۈلگە، — ياتاقتا ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ ماگىزىن ئارىلايلى.

ئامانگۈل تۈنۈگۈن دۇكانلارنى تۈزۈككىنە كۆرەلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇمۇ رازى بولدى، قىزلار چىرايلىق ياسىنىپ كوچىغا چىقىشتى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇتىشىپ كەتكەن چوڭ - كىچىك دۇكانلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئارىلاشقا باشلىدى. ئادىلەنىڭ ئېسى - يادى كىيىملەردە ئىدى. ماللارنىڭ كۆپلۈكى، چىرايلىقلىقىدىن قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنايتتى، ھەممىدىن ئادىلەنى شاڭخەينىڭ خۇرۇمدىن تىكىلگەن كىيىملىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ پاسونىمۇ خىلمۇ خىل ئىدى.

— دىققەت قىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئامانگۈلگە ئارىلاپ كۆرۈۋېتىپ، — بۇ يىل شاڭخەيدە مۇشۇ كىيىملەر مودا بوپتۇ، ئۈرۈمچىگە تېخى بارغۇدەك بولمىدى. بىردىن كىيىپ كەتمەيمىزمۇ؟

ئامانگۈل ئۇنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— پۇلىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، — نەدىكى پۇلغا ئالىمىز؟

— ئەخمەق، ئاۋۇ بايلارغا ئالدۇرىمىز، بىكارغا ئەكەلدىمۇ بىزنى.

ئۇلار ماگىزىننى ئارىلاپ يۈرۈپ چۈش بولغانلىقىنى ئۇقماي قالدى. قورسىقىمۇ ئاچقانىدى.

ئاخىرى ئۇلار ئىشىكىگە «مۇسۇلمان» دېگەن تاختا ئېسىلغان بىر ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا بىر نەچچىلا ئۈستەل بولۇپ تۆردىكى ئۈستەلدە بىر نەچچە ئۇيغۇر يىگىت تاماق يەپ پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ئاشخانىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا چىرايلىق ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا قاراشتى. كەيپلەشكەن يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە كۆز قىسىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. قىزلار ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ئات يۈز بىرسى قوپۇپ قىزلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ياخشىمۇ سىزلەر، — دېدى ئۇ ئەدەب بىلەن جىلمىيىپ، ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى قىزلارنىڭ كۆزىگە قادالدى.

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ئادىلە ئۇنىڭغا جاۋابەن تەبەسسۇم بىلەن.

— ھەقىچان شىنجاڭدىن كەلدىڭلارغۇ دەيمەن، بۇ يەردە كۆرگەندەك ئەمەسسىزغۇ؟

— ھەئە.

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟

ئادىلە قانداق قىلىمىز دېگەندەك ئامانگۇلگە قارىدى.

— نېمە تامىقى باركىن؟

يىگىت تاڭجاڭنى چاقىرىپ قىزلار چۈشەنمەيدىغان بىرمۇنچە تاماق، سەيلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بۇيرۇدى.

— سىلەر قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — سورىدى ھېلىقى يىگىت تاماقنى بۇيرۇپ بولۇپ.

— شەھىمىدىن، تۇرغانلار بىلەن بىللە كەلگەن.

يىگىتنىڭ قاشلىرى كېرىلدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

— سىلەر تونۇشامسىلەر؟

— نېمىشقا تونۇشمايمىز، بىز يېقىن ئاغىنىلەر، ئۇلار ئۆزلىرى قېنى؟

— مال ئوقۇشىمىز دېيىشىپ بىر يەرگە كېتىشتى.

— سىلەردىن ئوقەتنى ئەتىۋار كۆرۈپتۇ - دە، — يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — بوپتۇ، ئۇلار كەلگىچە بىز سىلەرنى ئۇيىنتايلى. مېنىڭ ئىسمىم ھىممەت، قەيەرگە چۈشتىڭلار؟

ئادىلە مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئامانگۇلنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك باستى. ئۇنىڭغىچە نېرىقى ئۈستەلدىكىلەرمۇ بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىشتى، ھايال ئۆتمەي ئۈستەلدە پىۋا، ھاراقلار پەيدا بولدى. تاماق يېيىش ئولتۇرۇشقا ئايلاندى. ئادىلە بىردەمدىلا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، كونا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتتى. ئامانگۇل بولسا ئىچىملىككە لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويۇپلا ئىچمىدى. «بۇلار قانداق ئادەملەر كىم بىلىدۇ، ئېھتىيات قىلايلى» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، يىگىتلەر قىزلارنى قايتتىق مېھمان

قىلىشتى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئۇلارنى مېھمانخانىغىچە ئەكىلىپ قويۇشتى.

— كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى ھېلىقى ئات يۈزلۈك يىگىت، — بىز شەمشىدىنلەردەك سىلەرنى ياتاقتا سولاپ قويمايمىز. ئۇ ئاداشقا سودا بولسىلا بولىدۇ...

شەمشىدىنلەر ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن پەيدا بولۇشتى. تۇرقىدىن سودىسى قاملاشقان بولسا كېرەك، ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپى خۇش ئىدى، ئۇلارنىڭ گېپىچە مال بىلەن قوشۇپ ھېلىقى ئەركىن دېگەن يىگىتنىمۇ شىنجاڭغا يولغا سېلىۋېتىپ كەپتۇ.

— قانداق، زېرىكمىگەنسىلەر؟ — دېدى شەمشىدىن يانچۇقىدىن «مارلبورو» ماركىلىق تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، — تۇرغان ئىككىمىز سىلەرنى شاگخەينىڭ يىگىتلىرى ئويۇنتۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ بىر بولدۇق.

— نەدىكى ئويۇن بولسۇن، — ئادىلە قېيىدىدى، — بىز شىنجاڭدىن ياتاق ياقىلى كەپتىكەنمىز، ئادەمنى تاشلىۋېتىپ...

شەمشىدىن ئامانگۈلگە قاراپ خىجالەت بولغاندەك ھىجايدى.

— خاپا بولماڭلار، مانا ئەمدى قولىمىز بوشىدى، مالنىمۇ يولغا سېلىۋەتتۇق، ئەمدى خاتىرجەم ئوينايمىز - ھە، تۇرغان؟

— چاتاق يوق...

— راستمۇ؟ — ئادىلە خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى، — شۇنداق ئاسانلا پۈتتىمۇ؟

— ئۇقەت دېگەن شۇنداق ئىش، — شەمشىدىن چېچىنى سىلاپ قويۇپ دېدى، — توغرا كېلىپ قالغاندا بىرەر سائەتنىڭ ئىچىدىلا 30 — 40 مىڭ كويلۇق مالنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، كەلمەي قالسا ئايلاپ - يىللاپ سوكۇلدىغان بىلەن بىكار، بۇ دورەم شۇنداق جايىدا كېلىپ قالدى، ئۆزىمىزمۇ نەق تۆپىدىن چۈشۈپتىكەنمىز، ھىممەت تايغان بۇگۈنلەردە بارغان بولسا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن؟ — شەمشىدىن تۇرغانغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى

— ئۇنىڭ نەچچە، كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ ئەمدى...

— ئۇنداقتا بىزنىڭ ئايىغىمىز يارىشىپتۇ - دە ئاداش، — ئادىلە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئامانگۈلنى نوقۇدى.

— راست، راست، ئايىغىڭلار ياراشتى، سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمىز، قانداق، ماگىزىنلارنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟

— كۆرمەيچۇ، كىيىملەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، — ئادىلە ناز بىلەن ئەركىلىدى.

— چاتاق يوق.

— يەنە ماگىزىنغا بارغاندا يېنىۋالمىسىڭىز بولاتتىغۇ، پۇل دېگەن يامان تاتلىق نېمە.

شەمشىدىن جىلمىيىپ تۇرغان ئامانگۈلگە بىر قارىۋېتىپ كۈلدى.

— ئادىلە، بىزنى شۇنچىلىك چاغلامسىز؟ بولدى، بۇ قېتىمقى پايدىنىڭ تېگى سىلەرنىڭكى.

— گېپىڭىز كەپ ئەمىسە - ھە؟

— چاتاق يوق...

ئەتىسى ئۇلار ماگىزىن ئارىلىدى. ئادىلە شەمشىددىنلەرنى خۇرۇم كىيىملەر بار ماگىزىنغا باشلاپ كىرىپ تۆنۈگۈن كۆرگەن كىيىمنى ئالغۇزدى. ئۇ ئامانگۈلنى ئاستا چىمدىپ كىيىمنى شەرەت قىلدى. لېكىن ئامانگۈل نېمىشقىدۇر تارتىنىپ قالدى. شەمشىددىن ئامانگۈلدىن سورىدى:

— سىزچۇ؟ خۇشىڭىز يوقمۇ-يە؟

— بەك قىممەت ئىكەن.

شەمشىددىن كۈلۈپ قويدى - دە، پىرىكازچىككا يەنە بىرنى ئالغۇزدى. قىزلار كىيىپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشتى.

— ۋاھ، سىزنىڭلا ئىكەن، — دېدى تۇرغان ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مۇشۇ تاپتا ئەللىكنىڭ ئۆزىلا بولدىڭىز، قالتىس ياراشتى...

شەمشىددىنمۇ ئامانگۈلنىڭ قامىتىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قالدى. كەچقۇرۇن ئۇلار ئىككى سومكىدا كىيىم-كېچەكنى ئېلىپ ياتاققا قايتىپ كەلدى. ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شەمشىددىن تۇرغاننى چاقىرىپ قولىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، تۇرغان بېشىنى ئېغىتتى - دە، يېنىپ كوچىغا ماڭدى.

— تۇرغاننى نەگە ئەۋەتتىڭىز؟ - ئادىلە شەمشىددىندىن سورىدى.

— ھە، ھازىرلا كېلىدۇ، ئاماكا بىر نەرسىلەر... — ئۇ ئادىلەگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— كەچتە تانسىغا ئاپىرىپ كەلسەڭلارمۇ بوپتىكەن، شاڭخەينىڭ تانسىسىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى، — ئادىلە ياتاققا كىرگەندە شەمشىددىنگە دېدى.

— ئۇمۇ بولىدۇ، خالىساڭلار سۇجۇغىمۇ بېرىپ ئويناپ كېلىمىز، يىراق ئەمەس.

— شۇنداق قىلايلى، — ئامانگۈل خۇشال بولدى، — بۇ شاڭخەي بەك ئىسسىق ئىكەن.

— سۇجۇ خېلى سالقىن، — دېدى شەمشىددىن ئامانگۈلنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ ئۇ يەردە مال ئۇقۇشىدىغان ئىشىمىزمۇ بار.

— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ زاۋۇتىدىن ئالامسىلەر؟ — ئامانگۈل قىزىقىپ سورىدى.

— ھەئە، ھازىر ئىشنىڭ كارى ماۋۇ، — شەمشىددىن قولىدا پۇل سانىغاندەك ئىشارەتنى قىلدى، — ھازىر بەزى زاۋۇتلار مېلىمىز بېسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشلىگەن نەرسىلەرنى ئوقەتچى - سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنداق بولۇشى ھۆكۈمەتنىڭ سودا ئورۇنلىرى مالنى ۋاقتىدا ئالمايدۇ. ئالسىمۇ ئەرزان ئالىدۇ. بىز بىرەر تىيىندىن بولسىمۇ پايدا بەرسەك ئەلۋەتتە بىزگە بېرىدۇ، ھەممەيلەنگە پۇل كېرەك - تە...

شۇ ئەسنادا يوغان سۇلياۋ سومكىدا لىققىدە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كىردى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن تەر قۇيۇلاتتى.

— ياللا، بۇ كۈن نېمانچە قىزىپ كەتكەندۇ؟ — ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى — پىشىشىق توخۇ گۆشى، سامسا، ھەر خىل مېۋىلەر ۋە

بىرلەچچە بوتۇلكا هاراق، پىۋىلارنى ئۈستەلگە ئالدى.

— ۋاي-ۋۇي، نېمانچە جىق ئېلىۋەتتىڭىز، مېھمان چاقىرامسىلەر نېمە؟— دېدى ئادىلە ھەيران بولۇپ.

— مېھمان دېگەن سىلەر، بۈگۈن بىردەم ھاردۇق چىقىرايلى...

ئىككى قىز، ئىككى يىگىت ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. شەمشىدىن دەسلەپكى قەدەھنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— قېنى ئەمىسە، نەچچە كۈندىن ئىش بىلەن بولۇپ سىلەرنى ئويناتالمىدۇق، ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئويۇن-تاماشىمىزنىڭ جايىدا، كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن بىردىن كۆتۈرىۋېتەيلى!

تۇرغان قىزلارغىمۇ ئۈزۈم ھارىقىدىن قۇيۇپ تۇتتى، ئامانگۈل ئىككى تايىن بولۇپ ئادىلەگە قارىۋىدى، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ رومكىنى ئالدى.

— ئامانگۈل! — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ،— بۈگۈن بىزنىڭ رايىمىزنى ياندۇرماڭ، كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى، ئېلىڭا!

— ئالە ئاداش! — دېدى ئادىلەمۇ،— بۇ يەردە بىزنى كىم كۆرۈپتۇ، ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئىچمەيمىز.

ئامانگۈل ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ دىلىغا نەچچە خىل خىيال كەلدى. ئەمدى بۇنچىلىك يەرگە يەتكەندىكەن، نېمە بولسا بولمامدۇ، ئويىنىغىلى كەلگەندىن كېيىن بۇلارنىڭ رايىنى ياندۇرماي، دېدى ئاخىرى ئۆز-ئۆزىگە ۋە رومكىنى قولىغا ئالدى.

ئولتۇرۇش تازا قىزىۋاتاتتى، ئىشىك ئەنسىز چېكىلدى ۋە ئىجازەتسىزمۇ كۈتمەي ياتاققا ھېمىت تايغان بىلەن قايسى كۈنى تاماقخانىدا بىللە بولغان سېمىز يىگىت كىرىپ كەلدى، بۇ تويۇقسىز كىرگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ شەمشىدىننىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ھېمىت مىيىقىدا كۈلگىنىچە ئۈن قاتتى،— ۋاھ، تازا پەيزىنىڭ ئۈستىگىلا كەپتۇق جۇمۇ ئوسمان،— ئۇ يېنىدىكى سېمىز يىگىتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە تېڭىرقاپ تۇرۇشقان شەمشىدىن بىلەن تۇرغانلىغا چاقچاق قىلدى،— مېھماننى كېلىدىكەن دېمەيسىلەرغۇ، پەيزىڭلارنى ئۇچۇرۇۋەتتۇقمۇ-يە؟

— ئولتۇرۇڭلار،— دېدى شەمشىدىن سالقىن ھالدا.

ھېمىت ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى-دە، رەڭگى-روي ئوبدانلا قىزارغان ئادىلە بىلەن ئامانگۈلگە قاراپ ھىجايدى.

— ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ قىزلار؟ ئاشخانىغا بارماس بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟— دېدى ئۇ. شەمشىدىنلەرنىڭ كەلگەنلەر بىلەن خۇشى يوقلۇقىنى تۇيۇپ ئادىلە خۇش ياقمىغاندەك جاۋاب بەردى:

— ۋاقتىمىز بولمىدى.

— شۇنداقمۇ؟ شەمشىدىنلەر زېرىكتۈرمەپتۇ-دە؟

— ئەلۋەتتە...

شەمشىدىن بىلەن تۇرغان ئەجەبلەنگەن ھالدا قىزلارغا قاراپ قويدى. قىزلارنىڭ سالقىن پوزىتسىيىسىگە قاراپ ھىممىتىمۇ ئوشۇقچە گەپ قىلمىدى. ئۇ تۇرغان تۇتقان ھاراقنىمۇ ئىچمىدى، يانچۇقىدىن تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن شەمشىدىنگە قاراپ تۇساتتىنلا قوپاللىق بىلەن دېدى:

— شەمشىدىن، مەن پۇتۇشۇپ قويغان مالنى ئەكىتىپسىلەر، نېمە قىلغان ئىشىڭلار بۇ؟

— نېمە مال؟ — شەمشىدىن ئۇقماسقا سالدى، — بىز شاڭخەيگە ئەمدىلا كەلدۇق، تېخى ھېچ يەرگە چىققۇدەك بولمىدۇق جۇمۇ.

— خۇپسەنلىك قىلما، بۇ قىلىقىڭ ئىنساپلىق ئىش بولمىدى...

— سەن بەك گۇمانخور بولۇپ كېتىپسەن، — شەمشىدىن ئۇنى سىلكىدى، — مېنى سەن ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنىڭ رىسقىڭغا قول سوزمىسامىمۇ شاڭخەيدە چۆپقىتىم يېتىپ ئاشىدۇ، ئەگەر لازىم بولسا بولدى مالنى مەن تېپىپ بېرەي ساڭا.

ھىممىتقا بۇ گەپ ھار كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— شەمشىدىن، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — مەن سېنى خېلى ئوغۇل بالا دەپ يۈرەتتىم، بۇ قېتىم كۆرۈپ قويدۇم، خەير، بۈگۈن ۋاقتى ئەمەس، بىز كېيىن سۆزلىشەيلى، يۈرە، ئوسمان!

ئۇلار قوپۇپ ماڭدى، ئىشىككە بارغاندا ئۇ قايرىلىپ:

— بۇ ئۆتنە جاھان جۇمۇ شەمشىدىن، بىلىپ قوي، — دېدى ئاچچىقى بىلەن ۋە ئىشىكنى زەردى بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.

بىر ئوبدان كەيپىياتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ھەممىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

— بىزنىڭ مالغا كەتكەنلىكىمىزنى سىلەر دەپتىمكەنسىلەر - دە ؟ — دېدى تۇرغان ئادىلەگە خاپا بولۇپ.

— بىز نەدىن بىلەيلى، سورىسا دەپتۇق، — دېدى ئادىلە.

— سىلەر نەدە يۈرۈپ تونۇشۇپ يۈردىسلەر؟

ئادىلە قايسى كۈنكى ئۇچرىششنى سۆزلەپ بەردى.

— بولدى، بولدى، — شەمشىدىن بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى، — بۇ گەپنى قويۇپ تاماشىمىزنى قىلايلى، ئامانگۈل! شۆكلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، قېنى ماۋۇ بىر نەرسىلەرنى ئېلىڭلار. قۇيە تۇرغان!...

ھاراق سوۋۇغان كەيپىياتنى ئوڭشىدى. بىر دەمدىلا ھەممە كۆڭۈلسىزلىك ئۇنتۇلدى. ئامانگۈلنىڭ ئەزايى قىزىپ چىڭقىلغاندەك، يۈزى ئوت بولۇپ يانغاندەك ھىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تانسا ئوينىغۇسى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى.

— ئۇنىئالغۇ بولغان بولسىمۇ، — دېدى ئادىلە. ئۇ قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى، — تۇرغان! ناخشا ئېيتىڭا، ئامانگۈل ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن.

— ھە بەللى، — شەمشىدىن ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، — توۋلا ئاداش!

ئامانگۈل ئادىلەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، تۇرغان گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشىنى باشلىدى:



ئاتۇشنىڭ يولى تاشلىق، ئۈيىنۈاللى ياش باللا،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق. ئۆتۈپ كېتمىدۇ ياشلىق.

شەمشىدىن ئۇنىڭغا چاۋاك بىلەن تەڭكەش بولدى. ئادىلە ئامانگۈلنى نوقۇدى، — قېنى ئامانگۈل! — دېدى ئۇ، — ۋاي خۇدايىم، مەن تارتىمىغىچە تۇرمىغۇدەك بۇ خېنىم.

ئادىلە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇزۇن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ پۇتى تانسىغىلا كېتەتتى. ئۇ بىر - ئىككى ئايلىنىپ كېلىپ ئامانگۈلنى تارتتى:

— ئەمدىغۇ بولار، — ئۇ ئامانگۈلنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئامانگۈل ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا مەكتەپنىڭ سەنئەت ئەترىتىگە قاتناشقانىدى. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ بۇ قابىلىيىتىنى ئاشكارا قىلمىدى. بىر قېتىم قىزلار ياتاقتا ئۆزئارا ئولتۇرۇشۇپ تاماشا قىلىشقاندا ئۇ ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپ ياكى فاكۇلتېتتا بىرەر كۆڭۈل ئېچىش بولسا ئامانگۈلنى ئويناتماي قويمايتتى.

ئامانگۈل ئوتتۇرىغا چۈشكەندىن كېيىن تۇرغان ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ تولۇلاشقا باشلىدى:

ئاتۇشنىڭ بازارىغا ئۈيىنۈاللى ياش باللار،
بەش تاغاردا قاق كىردى. ساقاللارغا ئاق كىردى...

ئامانگۈل بېشىنى كەينىگە يېنىك بىر تاشلاپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك تولغىنىپ ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ شەمشىدىن خۇدىنى يوقىتاي دېدى، ئۇ

ئامانگۇلگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ، چاۋاكنى بولۇشىغا چالاتتى.

ــ ياشاپ كېتىڭ ئامانگۇل! ــ دېدى شەمشىدىن ئامانگۇل جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر رومكا هاراقنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ، ــ مۇشۇنى سىزگە تۇتتۇم...

ــ شەمشىدىن! ــ ئادىلە ئەركىلەپ تۇرۇپ دېدى، ــ ئاچچىق هاراقنى ئىچمۇېرىمىزمۇ؟ باشقا پەيزىڭىزمۇ باردۇ؟

شەمشىدىن دەرهال چۈشىنىپ قويۇن يانچۇقىدىن سۇلياۋ خالتىغا يۆگەلگەن بىر بولاقچىنى ئالدى.

ــ مانا، مانا، ئاپئاق قىز، سىلەردىن ئايلانسۇن، ــ دېدى ئۇ خالتىنى يىرتىپ تۇرۇپ، ئاڭغىچە تۇرغان يانچۇقىدىن پال - پۇل قەغەزنى ئېلىپ ئۈستەلگە يايدى، شەمشىدىن خالتىدىكى ئۇندەك ئاپئاق نەرسىنى قەغەزنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ، تېگىدىن سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇردى. ئاندىن يانچۇقىدىن ئىنچىكە بىر نەيچىنى ئېلىپ ئادىلەگە بەردى. قەغەز كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن ياپېشىل ئىس كۆتۈرۈلدى. ئادىلە نەيچىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسنى ئىچىگە سۈمۈردى. ئاندىن ئۇ نەيچىنى ئامانگۇلگە تۇتتى.

ــ ئىچىڭگە تارت، ــ دېدى ئۇ.

ــ نېمە بۇ؟

ــ تارتساڭ بىلىسەن. بولە!

ئامانگۇل نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا نەيچىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىچىگە سۈمۈردى. بۇ شۇ تاپتا خۇددى بىر تېپىشماق ئويۇندەك ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلغانىدى.

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئامانگۇل بىلەلمىدى. ئەمدى ئامانگۇلگە ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك، ئۆزى بولسا شۇ ئۆي ئىچىدە خۇددى كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىر شېرىن، لەززەتلىك ئېقىم ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا تارقىغاندەك بولۇپ بوشاشتى. ئۆيدىكى نەرسىلەر، ئادىلە، شەمشىدىنلەر خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. ئۇ شەمشىدىننىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يېنىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىغانلىقىنى، ئاندىن كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئېلىپ بارغانلىقىنى خۇددى چۈشتەكلا هېس قىلاتتى. كېيىن ئۇ هېچ نەرسىنى تۇيمىدى، ئۇ پەقەت تاڭغا يېقىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا ياتقانلىقىنى، يېنىدا يېرىم يالىڭاچ بولۇپ شەمشىدىننىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشى تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، پۈتۈن ئەزايى لايدەك بوش ئىدى. كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشىپ باقتى. ئۇ ئويلىغانسېرى بەدىنى تىكەنلىشىپ، كۆڭلى شۇنداق ئەسكى بولۇپ كەتتىكى، لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىگىچە ئۈنسىز يىغلىۋەتتى...

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. ئامانگۇلگە بۇ «تاماشا» باشتا ئېغىر كەلگەنىدى، لېكىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ كەتتى. شەمشىدىن ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى:

ــ ئەگەر سىز رازى بولسىڭىز ئوقۇشىڭىز پۈتۈشىگىلا توي قىلايلى، ــ دەيتتى ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئامانگۈل خېلىلا خاتىرجەم بولدى. ئۇلار ھەر كۈنى بىرەر رېستۇراندا ياكى كوفىخانىدا تاماشا قىلاتتى. ئارىلىقتا سۇجۇ، خاڭجۇنىمۇ ساياھەت قىلىپ كەلدى. شەمشىدىن پۇلنى خازاندەك خەجلەيتتى. ئامانگۈلنىڭ دېگىنىنى ئېلىپ بېرەتتى. تەتىل ۋاقتى توشۇپ قالدى. بۇ سىرلىق شەھەرنىڭ تويۇن ـ تاماشىسىغا كۆنۈپ قالغان قىزلارنىڭ زادىلا كەتكۈسى يوق ئىدى. ئامال قانچە؟ ئاخىرى ئۇلار ئۈگۈنلۈكنىڭ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ تەييارلاپ قويۇپ، بۈگۈن ياتاقتا بىردەم ئولتۇرۇش قىلدى. يەنە شۇ تاتلىق ھاراق، لەززەتلىك چېكىملىك...

ئۇلار تازا پەيزى قىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى. شەمشىدىن بىلەن تۇرغاننىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ چىرايلىرىدا قان قالمىدى. سىرتتا بىر ئەرنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىشىكنى ئاچ!...

شەمشىدىن قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيگە ساقچى كىيىمى كىيگەن ئۈچەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزى يەردىكى پال ـ پۇل قەغەزگە چۈشتى. ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك بىرسى شەمشىدىننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يانچۇقىڭدىكىنى چىقار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدى. ساقچىلار ئۇلارنى ھويلىدىكى ساقچى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. سوئال ـ سوراق باشلاندى. ئامانگۈل بۇ يەردە ئۇيغۇر ساقچىلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. كېيىن ئۇقتىكى، شاڭخەيدىكى شىنجاڭلىق ئوقەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى قالايمىقان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم ساقچىلار كەلگەنىكەن، شەمشىدىنلەرنى بولسا ھېلىقى ھىممەت تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆچىنى ئالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارنى ساقچىلار نازارەت ئاستىدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنى مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەردى. يەنە تۈگىمەس سوئال ـ سوراق باشلاندى. تەتىلگە كەتكەن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولغان، دەرسلەر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئامانگۈل ساۋاقداشلىرىغا كۆرۈنۈشتىنمۇ قېچىپ، ياتاقتىن چىقمايدىغان بولدى، ئۇنى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئادىلە بولسا ھېچنەرسە بولمىغاندەك يۈرەتتى، بەزىدە ئامانگۈلنى بەزلەيتتى:

— قورقۇپمۇ كەتمە، دادام يول مېڭىۋاتىدۇ، ناھايىتى بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرەر، — دەيتتى ئۇ.

لېكىن ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئۈمىدسىزلىك باسقانىدى.

## 13

ھەممە نەرسە ئارقىدا قالدى، شەھەرنىڭ ئازادە، چىرايلىق كوچىلىرى، كۆككە بوي سوزغان بىنالار، دەل ـ دەرەخلەر ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. ئاپتوبۇس شەھەرنى كەينىگە تاشلاپ تاغ بېغىرلاپ جەنۇبقا سوزۇلغان يولغا چۈشتى ـ دە،

ئۇچقاندەك تېز مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا دېرىزە يېنىدا ئولتۇرغان قىز دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ شەھەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. «خوش ئۈرۈمچى، خەير - خوش دوستلار! — دېدى ئۇ ئىچىدە، — بىزگە قايتا كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولارمۇ؟ ياق، بەلكىم ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، مېنىڭ پېشانەمگە ئەنە شۇ يېزا پۈتۈلگەنىكەن، بۇ تەقدىرىمنى قانچە قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمىدىم، ئەمدى ئامالىم يوق.... خەير، ئامانگۈلنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار! ...»

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە لىممىدە ياش ئەگىدى. ئۇ يېنىدا مۈگدەپ، ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان دادىسىغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئەتۈر قاراپ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. بىرەر ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ يىغىسىز ئۆتكەن كۈنى يوق. ھېلىمۇ، ياش دېگەن نەدىن چىقىدىكىن، يىغلىسا - يىغلىسا تۈگەيدىغان ئەمەس، ئامانگۈل ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر چاغدىكى تىنىق بۇلاقتەك يالتىراپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ھەسرەت، مۇڭ ئىگىلىدى.

ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەسلىككە تىرىشاتتى، لېكىن قاچقانغا ياندىشاقاندەك بۇ ئىشلار ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ دەرد - ئەلەمدىن ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇراتتى، مانا ھازىرمۇ تۆت يىللىق ئۆمرى ئۆتكەن، ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىسمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەھەر بىلەن خوشلاشقان چېغىدا، ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە شۇ ئازابلىق كۈنلەر كەلدى.

ساقچىلار ئادىلە بىلەن ئۇنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن مەكتەپ تەشكىلى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى ھېلى فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا، ھېلى قوغداش بۆلۈمىگە چاقىرىپ سوراق قىلاتتى، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يازغۇزاتتى. قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا:

— مەكتەپتىن سىرتقا چىقمايسىلەر، — دەپ قاتتىق جېكىلىدى.

ئامانگۈلنى قاتتىق قورقۇنچ باستى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلدى. تۈرمىگە سولىسا قانداق قىلارمەن؟ ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانام ئاڭلىسا نېمە دەر، بىچارە ئاپام سارالڭ بولۇپ قالار، نېمە دەپمۇ يوق يەپ ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرگەندىمەن، ئۇنىڭغۇ يۆلەنگۈدەك دادىسى بار، يۈز - ئابرويى، ھوقۇقى بار، مېنىڭچۇ؟ ...

ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئادىلەنىڭ خەۋىرى بىر ئاز خاتىرجەم قىلدى.

— دادام مەكتەپنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشايدۇ، — دېدى بىر كۈنى ئۇ ئامانگۈلگە، — ماڭا بۇندىن كېيىن سودىگەرلەر بىلەن قەتئىي ئالاقە قىلمايسەن، دەيدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا چوڭ ئىش يوقمىكىن دەيمەن، بەكمۇ غەم قىلىپ كەتمە...

بۇنى ئاڭلاپ ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپتى، لېكىن شۇ گەپتىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ تۇيۇقسىزلا ياتاققا ئامانگۈلنىڭ دادىسى كىرىپ كەلدى. دادىسىنى كۆرۈپ ئامانگۈل چۆچۈپ كەتتى. كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ، پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

دادىسىنىڭ دېيىشىچە مەكتەپتىن: ئامانگۈل قاتتىق ئاغرىپ قالدى. تېز كېلىڭ، دەپ خەۋەر بېرىپتىمىش، ئۇ ئامانگۈلنىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، ئەتىسى مەكتەپ باشلىقلىرى ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن سۆزلەشتى. قۇربان ئاخۇن ئىشخانىدىن روھى چۈشكەن، مۈكچەيگەن ھالدا يېنىپ چىقتى. ئامانگۈل دادىسىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىپ، لاۋۇلداپتتى، يۈرىكى مۈجۈلەتتى. بىچارە دادا ياتاقتىمۇ كىرمەستىن سىرتتا، تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە تاماكا چەكتى. ئامانگۈلگە دادىسى بىر كۈندىلا قېرىپ، مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ئەتىسى سىنىپ بويىچە يىغىن ئېچىلدى. مەكتەپ، فاكۇلتېتنىڭ باشلىقلىرى كىرىشتى، فاكۇلتېت مۇدىرى ئالدى بىلەن ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنىڭ قىلمىشىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاخىرى مەكتەپنىڭ بۇ ئىككى قىزنى مەكتەپتىن چىقىرىش توغرىسىدىكى چارىسىنى ئوقۇپ بەردى. ئامانگۈل مۇشۇنداق بولارىنى تۈنۈگۈنلا ھېس قىلغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە بىر ئاجىزغىنا ئۈمىد تېخى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى بۇ ئۈمىدمۇ ئۈزۈلدى، ھەممىسى تۈگىدى. ئۇنىڭ شۇنچە يىل ئوقۇغىنى، شۇ ئوقۇش ئۈچۈن بەرگەن بەدەللىرى ھەممىسى بىكار بولدى. ئۇ يىغىن مەيداندىن يىغلىغىنىچە يېنىپ چىقىپ ئۆزىنى دەرەخلەر ئارىسىغا ئالدى. ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ تەسەللىمۇ بەرمىدى. ئۇ قېرى بىر قارىياغاچنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. ھەسرەت، پۇشايمان، ئەلەم خۇددى سەل بولۇپ كۆزىدىن ئاقاتتى. پۈتۈن تېنى ھالسىز تىترەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا پەقەت ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىك، بۇنداق ئىستىقبالسىز ھايات بىلەن خوشلىشىشلا كېلەتتى. دەرۋەقە ئەمدى ياشاشنىڭ نېمە ئەتىۋارى قالدى. ئۇنىڭ شۇنچە قىلغان ئەجرى بىكار بولدى، ئىستىقبالىمۇ تۈگىدى. ئەمدى ئاشۇ ئەسكى نام بىلەن دېھقان بولۇپ ياشىغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى!... لېكىن قانداق ئۆلۈۋېلىش كېرەك؟...

ئامانگۈل شۇ خىيالدا، يېنىغا كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

— ئامانگۈل!

بىرسىنىڭ جۈرئەتسىز، ئاستا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئامانگۈلگە بۇ ئاۋاز تونۇشتەكلا بىلىندى. ئۇ يىغىسىنى تەستە توختىتىپ قۇلاق سالدى.

— ئامانگۈل! — بايىقى ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى. ئامانگۈل ئەمدى ئېنىق تونۇدى. بۇ تۇرسۇننىڭ ئاۋازى ئىدى. «بۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئامانگۈل، — ئەمدى بۇنىڭغا بولۇپ بەردى ـ دە، ئۆتكەنكى ئەلىمىنى ئالغىلى كەلگەندۇ، تايىنلىق...»

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كەتمەكچى بولۇپ قوزغالدى.

— ئامانگۈل، توختاپ تۇرۇڭ، — تۇرسۇن ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ئامانگۈل، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ...

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزىگە ياش ئەگىدى.

— ياشلىقتا ھەر ئىشلار بولىدۇ، ئامانگۈل — تۇرسۇن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، —

خاتا قىلمايدىغان كىم بار، سىز ئەسلىدە ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرمىسىڭىز بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى. مەن سىزگە بۇرۇنلا بۇ گەپنى دېمەكچى ئىدىم، لېكىن سىزنى يەنە باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن دەپ جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنداق دېيىشىم سىز بىلەن بىز تۆۋەندىن، يېزىدىن كەلگەنلەر، ئۇلارنى دورىيالمايسىز... ئەمدى قاراڭ، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، مىڭ دېگەنبىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياش، يەنە تۇرمۇش يولى چىقىدۇ... ئەمدى بۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ... مەن ھېلىمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، مېنى ساقلامسىز؟

ئامانگۈل ئەندىكتى. تۇرسۇننىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ياتتەك، ئۇ ئامانگۈلنى مازاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇ مۇشۇنداق يۈرەك ئاغرىقىنى تارتىۋاتسا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى كولدۇرلاتماقچى، ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن»... ئۇ بۇنداق گەپنى ئاز ئاڭلىدىمۇ؟ ئەمدى مۇشۇ تۇرسۇن لۆملۆممۇ ئۇنى بوزەك قىلماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ بۇلاردىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ؟...

ئامانگۈل ئاچچىقى بىلەن تۇرسۇنغا ئالىيىپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن باغدىن چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئۇنى چاقىرغانىدى. ئامانگۈل كەينىگىمۇ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ بەتتەر ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئامانگۈل تۇرسۇندىن ئۆزىنى قانچە قاچۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئامانگۈلنى ئەگىپ كەتمەيتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ئامانگۈل دادىسى بىلەن بېكەتتە ئاپتوبۇسقا ئەمدى چىقاي دەپ تۇرۇشىغا بېكەت قورۇسىدا تۇرسۇن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا سۇلياۋ سومكىدا بىر نەرسە بار ئىدى. ئالدىراپ ماڭغاچقىمۇ ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئامانگۈلنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مۇشۇ ئاپتوبۇستا ماڭامسىلەر؟ — دېدى ئۇ ماشىنىغا قاراپ قويۇپ.

ئامانگۈلنىڭ دادىسى «بۇ كىم؟» دېگەندەك ئامانگۈلگە قارىدى.

— بىزنىڭ يۇرتلۇق، — دېدى ئامانگۈل ئۇنى دادىسىغا كۆڭۈلسىزلا تونۇشتۇرۇپ، — ناھىيىدىكى ئاسىم شۇجىنىڭ ئوغلى.

ئامانگۈلنىڭ دادىسى تەئەججۈپلەندى، چىرايىغا بىر خىل ئۈمىد، جانلىنىشتەك ئالامەت يۈگۈردى. ئۇ تۇرسۇن بىلەن ئالمان - تالمان تىنچلىق سوراشتى.

— ئامانگۈل، — دېدى تۇرسۇن ئۇلار تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، — مەن دادامغىمۇ خەت يېزىۋەتتىم، ئەگەر خالىساڭلار ناھىيىگە بارغاندا دادام بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭلار، سىزنى بىرەر ئورۇنغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ سەپلەشنىڭ يولى چىقىپ قالار، قالغان ئىشنى مەن قىشلىق تەتىلگە بارغاندا دادامغا ئۆزۈم ئېيتىمەن...

ئامانگۈل گەپ - سۆز قىلمىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرسۇننىڭ ئوشۇقچە سۆزنى قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك ماشىنىغا چىقىۋالدى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى، كۆڭۈل ئاغرىتىشلارنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى.

ماشىنا قوزغالدى، تۇرسۇن ئۇنىڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە خوشلاشتى.

ئۇنىڭ ئۈمىد، ئىنتىزارلىق، دەككە ـ دۈككىگە تولغان چىرايى ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ باردى. توۋا، ـ دەيتتى ئۇ ئىچىدە، ـ بۇ تۇرسۇن ماڭا نېمانچە يېپىشىدۇ، ھەممە ئىشنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مەندىن نەپرەتلەنمەيدۇ، مەن نېمىشقا باشتىلا ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىسەگەندىمەن. نېمىشقىمۇ ئەخمەقلىق قىلدىم... ئاۋادا تۇرسۇننىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان دەۋاتقان گەپلىرى راست يۈرەك سۆزى بولسا... ياق، ياق، تۇرسۇن بىردەملىك قىزغىنلىقتا بېرىلىپ دەۋاتىدۇ، كېيىنچە ئۇ بۇ ئىشلارنى تەگمەي قويامدۇ؟ ئامانگۈل بۇ داغنى ئۆمۈرۋايەت يۇيۇپ چىقىرالمايدۇ...

ئامانگۈل ئېغىر ئۇھ تارتتى.

ـ ئامانگۈل!

دادىسى ئۇنى چاقىردى ۋە بايا بېكەتتە تۇرسۇن بەرگەن سۇلياۋ خالتىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

ـ ئالما يەمسىز، قىزىم؟

ئامانگۈل بېشىنى چايقىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچنەرسە تارتمايتتى. ئۇ دادىسىغا قارىسىلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلىۋېتىشتىن قورقۇپ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىۋالدى. يىراقتا ئوتقاشتەك قىزارغان ئوپۇق بويىدىكى تاغ كەينىدىن ئاستا ئاستا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ماشىنا ئەينىكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، قارامتۇل يول ئۈستىدىمۇ ئەينەكتەك پارقىراپ كەتتى، ئامانگۈلنىڭ ئېسىگە بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى مەكتەپكە كەلگەن چېغى كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق، ھاياجان، تەلپۈنۈشتىن كۆكسىگە پاتماي كەتكەنىدى، ئۇنى كۈتۈۋاتقان ئاجايىپ چوڭ شەھەر، مەكتەپ، ستۇدېنتلىق ھايات خۇددى بىر تىلسىمدەك بىلىنگەنىدى. «قانداقتۇ ـ ھە؟» دېگەن سوئال ئۇنى ھودۇقتۇراتتى، مانا تۆت يىلدىن بۇيان ئۇ ھەممىنى كۆردى، قاندى، خۇلاسىمۇ چىقتى. تۆت يىل ئىلگىرى مۇشۇ قۇياش ئۇنى ئۆز يۇرتىدا ئۇزىتىپ قويغانىدى. مانا ھازىر يەنىلا شۇ قۇياش ئۇنى يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويۇۋاتىدۇ، لېكىن ھازىر ئۇ چاغلاردىكى خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ھەسرەت، پۇشايمان، يىغا ئىگىلىدى. ئۇ، ئۈمىدسىزلىك تۇمان ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

قۇياش ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. زېمىننىڭ يېڭى بىر كۈنى باشلىنىۋاتىدۇ، ئەمدى ئامانگۈلنى شۇ قۇياشلىق زېمىندە يەنە قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ كىشى ئەتىكى كۈننى ئالدىن بىلەلىسىمۇ كاشكى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مەتقاسىم مەتنىياز

# شېئىرلار

## ۋاقىت قەسىدىسى

1

ۋاقىت مېنىڭ ئالماس تۇياق تۇلپارىم،
بارماقتىمەن ئاڭا ئېغىر يۈك ئارتىپ.
ئارام ئالماي ئۆتەڭلەردە، ئەتەڭگە
يورغىلايدۇ مەنزىلىمنى قىسقارتىپ.

دەخلى قىلماڭ،
قويۇۋەتسەم تىزگىننى
كېتىدۇ ئۇ، مېنى كۆتمەي ئالدىراپ.
ئۇچقۇر دەۋر بەيگىسىدە تۇلپارسىز،
سەپتىن قالماي ئۈزۈن يولدا ھالسىراپ.

2

ۋاقىت مېنىڭ ئەڭ قەدىرلىك نىگارىم،
بارلىقىمنى سۆيگۈسىگە ئاتىغان؛
ساداقىتىم بەدىلىگە قۇت بېرىپ،
كۆكرىكىمگە زەپەر گۈلى تاقىغان.

3

ۋاقىت ماڭا بىر تەلەپچان مۇئەللىم،
سىرلىق دۇنيا ھېكمىتىنى بىلدۈرگەن.
نۇرلاندۇرۇپ يوللىرىمنى مەشئەلدەك،
ئۆتكەل ئاشسام ئىنئام بېرىپ كۈلدۈرگەن.

ئىقبال سىرى ئۇندەپ دائىم ئاۋازى
قوڭغۇراقتەك جاراڭلايدۇ قۇلاقتا.
گەر قانائەت بۆشۈكىگە بۆلەنسەم،
ھايال ئۆتمەي قىزارتىدۇ سىناقتا...

4

ۋاقىت مېنىڭ چىلان تۇپراق ئېتىزىم،
ئۇرۇق چاچتىم ئۈنۈپ چىقتى بىخلىنىپ.
ئۆسىدۇ ئۇ قېنىپ ماڭلاي تەرىمگە
ئەقىدەمنىڭ نۇرلىرىدا شاخلىنىپ.

پايخان قىلماڭ ئۇنى چىن دوست بولسىڭىز
يۈزۈم يورۇق ھوسۇل ئالسام پاتمانلاپ.
ئۇيات ماڭا ئېتىزىمنى ئاق قويۇپ
ھەسرەت چېكىش تەقدىرىمدىن يامانلاپ.

## ئېتىقاد شەجەرىسى

كىمگە ياقتىم، كىمگە ياقمىدىم،
كۈس ـ كۈسلەردىن پەرۋايىم پەلەك!.
مۇشتى زوردىن قورقۇپ قاچمىدىم،
ئىزدىمىدىم يېلىنىپ يۆلەك.

خەق ئۆزىنى كاتتا چاغلىسا
مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم پادىشا.
قول سوزمىدىم ئېمەتلىرىڭگە،
بولمىسىمۇ رىسقىم كەڭ تاشا.

ئەگەشمەدىم پەيلى شەيتانغا،
يول باشلىدى ئەزىم ئېتىقات.
ئىقبالىمنى توساپ ياتقانغا
چاي تۇتمىدىم كۈتۈپ ئىلتىپات.

دەشنام بەرگەن ھاكاۋۇرلارغا
كۆلەلمىدىم ياكى ھەييارەدەك.
شولا چۈشسە ئېرىپ كەتمىدىم،
ئۈستىگە كۆل چېچىلغان قاردەك.

بېسىم بىلەن باسسا چاپلاشماي
شىنا بولدۇم دەزگە - يېرىققا.
تۇنجۇقسۇن دەپ قايناملا ئاتسا،
سۇ باشلىدىم لايداك ئېرىققا.

چىرماشمىدىم ھەشقىپىچەكتەك
زىننەت بولۇپ كاداك كۆتەككە...
ئۆتنۈۋەردىم تەرسالىقىمچە
ئۆز ئىشقىمنى تېگىپ يۈرەككە...

ئۇسۇۋېرىپ مىخقا ھەمىشە
تاشتەك قېتىپ قالدى پېشانەم.
چاقنىسىمۇ كۆزۈمدىن ئاتەش،
سۇسلاشمىدى ئەھدەم - نىشانەم.

زاھىر ئابدۇراخمان

# يوللار ۋە سىرلار

## يوللار

بوۋام
ئېتىكاپتا كېچەيۇ - كۈندۈز،
تىلىكى يوق جەننەتتىن بۆلەك،
ئاتام
قەدەھكە ئۇلپەت،
دۇنيا نېمە، ھايات نېمە،
پەرۋايى پەلەك،
مەن
بىر مۇكەممەل شەھۋەت بەندىسى
جانان كويىدا
شۇرىلارنى مارىلاپ ھەلەك،
ئوغلۇم...؟

## ئاتا قەسىدىسى

ئاتا
پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىمۇ سەن،
سۇنمايدىغان، ئۆپرىمايدىغان؟
يا خىزىرنىڭ ۋارىسىمۇ سەن،
تىلسىملارنىڭ سىرىنى يېشىپ،
نېمىتىگە ئۆچرىمايدىغان؟

نۇر ئالەمدە دەيدۇ
مېھنىتىڭنىڭ پاكلىقىدىن كۈن،
رەڭ تىلەيدۇ
ساقلىڭنىڭ كۆكلۈكگە ئوخشاش
ئاقلىقىدىن تۈن.

كەلمەس بوپتۇ كۆكلەم يامغۇرى
بۇ تەرەپلەرگە،
ئاڭلىسام
خىجىل ئىمىش تەرنىڭ ئالدىدا
ذېمىز ئىكەن، ھىيەي

يامغۇر دەيدىغان...
خۇش بولار ئىدىمىش
يۈرىكىمىزنىڭ دۈپۈلدىشىنى
ئاڭلىسا بوزيەر.
ئارمان يەر ئىدىمىش
كەتمىنىمىزنى قولغا ئالارغا
چىقسا دەپ بىر ئەر
دوقاللاردا مۈدۈرمەيدىغان ...

ئاھ مۇھەببەت!
شۇنداق ئۇزۇن قىسمىتىدۇر ئۇ
ئاخىرى زادى تۈگىمەيدىغان؟!

## سېنى يەنە كۈتتۈم ئامرىـقىم

تاقەت بىلەن
چېكى يـوق كۈتۈش
جېنىمغا تەگكەن قەدىناس جايدا
سېنى يەنە كۈتتۈم ئامرىقىم،
مەن تۈۋىدە نەچچە مۈگدىگەن
شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ،
چايناپ تۈكۈرۈپ،
سار مېڭىسى يەۋالغان كەبى

نەچچە چۆرۈلگەن
ئىتائەتمەن شۇ مەجنۇنتالنىڭ
يۈزىگە يەنە
يېڭى تاتۇقلار سالدى بارمىقىم،
ئاشىقلىق مەندىن كەتمىدى تېزىپ،
يا مەن ئۇنىڭدىن بولمىدىم نېرى،
نېسىۋىسىز ئوخشايدۇ

سۆيگۈ كۆلچىكىگە سالغان قارمىقىم،
مەن تومۇزدا ساقلىدىم سېنى،

تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى
توقۇپ بەردى ماڭا
سەۋرلىك ئاھاڭ،

مەن كەچكۈزدە ساقلىدىم سېنى،
سۆزلەپ بەردى ھىجران قىسسىسى
ئاياغلاردا يانجىلغان خازاڭ.

مەن ئايازدا ساقلىدىم سېنى
ئاق قۇشقاچلار
كونا تامنىڭ قىسىلچىقىدا
سېلىپ بەردى ئاستىمغا پالاڭ.

مەن باھاردا ساقلىدىم سېنى،
بەردى يېشىل چۈشنى
يېشىل يوپۇرماق،
قالمىدى بىز تۆكۈشمىگەن سىر،
قىلمىغان پاراڭ...
سەن كەلمىدىڭ
كۆتۈرمىدى قەلبىمىڭ يا غەليان،
باغرى تاشلىق قىلدى يا ئاناڭ؟

مەن سەن ئۈچۈن ياش تۆكتۈم،
باھار مەن ئۈچۈن،
مەن باھارغا كەتتىم چىرمىشىپ
باھار ماڭا كەتتى سىڭىشىپ،
ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلمەكتە تاڭ،
سېنى يەنە كۈتتۈم ئەي «ساراڭ»...

## ئاسادىپىي تېپىۋالغان سىر

1

ئەتراپىمدا سىرداشلىرىم كۆپ،
تىلى تاتلىق
قۇلىقى يۇمشاق،
كۆڭلى ـ كۆكسى
قىر بېشىدىكى
پالپۇزلارنىڭ ياپراقلىرىدا
پالپۇزھىدلىق شامالنىڭ

مەڭزىگە سۆيۈپ
ۋىسال كۈيىنىڭ
ئەسەبىي ساداسىدىن
لەرزان تىترىگەن
شەبنەم كەبى پاك.
جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ
بوسۇغىسىدا
توغرىسىغا ئولتۇرۇۋېلىپ،
ئاقساق ئۆتمۈشنىڭ
قىسمەتلىرىدىن،
بەڭباش ئەتىنىڭ
خىسلەتلىرىدىن
چۆچەك سۆزلىگەن
پاخما باش مومايدەك
شۇنچە مۇڭداشقاق.
ئىلھاملىرى
قۇياش يۈزلۈك ئانامنىڭ
كۆكسىدە ئۆركەشلىگەن
ئوغۇز سۈتىدەك
قايناق، خۇش پۇراق.
تەنبىھلىرى
ساپان قوللۇق ئاتامنىڭ،
يۈزىدىكى ئېرىقچىلاردىن،
تارالمىغان ساقاللىرىدىن
ساقىپ چۈشكەن تەر تامچىسىدەك
چۆچۈمەل
قىرتاق.

2

شادلىقىم بار تاپقان يولۇمدىن،
ئۆكۈنۈشۈم كۆپ قالغان ئىزىمدىن،
سىرلىرىم بار ئالەم چۆككۈدەك،
مەيلى تونۇش،
مەيلى ناتونۇش
سىردىشىمنى تاپسام تۆككۈدەك،
رەسىمدىلكىم
خىيال بەردى بىر تالاي
تەكتى ئۇنىڭ تېرەن،
تېرەن بىدەك،

3

ئىگىسى بار مۇھەببىتىمنىڭ،
كۆز ئوڭۇمدا ياتار يېيىلىپ،
سۆيۈملۈك دالىلار
دەريالار، تاغلار،
مۇقەددەس تۇپراق
تونۇش گۈلباغلار.
نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ ئەنە
ئىشكاپىمدا كىتابلار
سەپ تۈزۈپ قاتار.
خىيالغا غەرق بولغان مويسىپىت كېچە
قەلەم تۇتۇپ ئۈستەلىمگە مۆكچەيسەم،
كۆزلىرىدەك قېنىق چاي دەملەپ،
ئولتۇرىدۇ يېنىمدا نىگار.
ياستۇقتىكى چۈشلىرىمنىڭ پەيلىشىدە
ئۇخلار ئوغلۇم يىلىلىق پۇشۇلداپ
شۇنچىلىك مەسۇم
شۇنچە بىغۇبار.

ئىگىسى بار مۇھەببىتىمنىڭ
سۆيۈلۈش ۋە سۆيۈشتىن ماڭا
چەكسىز بەخت، پارلاق بەخت يار.

4

بىر غەرەزسىز ئىنتىلىش،
بىر ھالسىز كۈتۈش
قۇترىتماقتا ئەسەبلىرىمنى،
نېمە كۈتتۈم،
نېمىگە ئىنتىلدىم،
ئاختۇرۇپ كۆردۈم نەسەبلىرىمنى،
قۇياش بىلەن سىرداشقان نەچچە
چاقچاقلاشقان ئاي بىلەن كەچتە،
گۈلمۇ تونۇش،
ئازغانمۇ تونۇش،
خىزىر تونۇش،

شەيتانمۇ تونۇش،
رەتلەيمۇ چىقتىم مەنسەپلىرىمنى.

قايسى يوللار مېنىڭ تومۇرۇم؟
قايسى بۇلاق مېنىڭ كۆز يېشىم؟
قايسى گۈلزار مېنىڭ كۆز نۇرۇم؟
قايسى تاغلار خىسلەتلىك بېشىم؟
قايسى داللار مېنىڭ يۈرىكىم؟
قايسى داللار مېنىڭ تىلىكىم؟

5

ئۇپۇق تامان سوزۇلغان بىر يول،
مەن نەچچىلەپ ماڭغان ئۇندىدا
گاھى ئاتلىق،
گاھىدا ياياق،
تونۇش بولۇپ كەتكەن ھەتتاكى
قونالغۇدا، كۆزەتتە تۇرغان
كونا تامدەك قىسايغان بوۋاي
ھەم قولىدىكى شۇ يېرىق تاياق...
سالام بەردىم بۇ نۆۋەت ئاڭا
قونالغۇدا توختىغىنىمدا،
ئۇ
خىرە يۇلتۇز كەبى كۆزىنى
تىكىپ ماڭا بىر ھازا
يىراقلاشتى مەندىن،
بەك يىراق...
چاقماق چاقتى ۋۇجۇدۇم ئارا،
ئېچىنىشلىق تولغاندى يوللار،
مەن ئىنتىلگەن، كۆتكەن لەرسىنى
دەرھال تېپىپ بەردى ئۇلۇغ سوللار.

6

بىر ئەسەبىي ئۇيات،
ئىنتىلىش،
يۈرىكىمگە چاچتى ئوت قىلىپ،
يېڭى سەپەر ئىشقىنى بۇدەم.
يوللىرىمنىڭ خەرىتىسىنى
يوللۇق قىلىپ تۇتتى ئەقىدەم.
لەززەتلىك چۈش ئىلكىدە
ھېلى ئۇخلاپ ئويغانغان كەبى
خۇمارلىق بېقىپ،
ئاق كۆگلىدەك ئاق ياغلىقىنى
سىلكىپ ئاق يول تىلىدى ئەركەم...

مەن ئۇنتۇپ قالغان،
يىمىتۇرۇپ قويغان ئادەملىكىمنى
مىليونلارنىڭ قەلبىگە
نەقىش قىلىپ ئويغاندا ئىزىم.
سەن تۇنجى رەت
باھاردىكى يىللىق شامال مىسالى
لەۋلىرىمگە سۆيگەندەك يېنىك،
مەن ئىقبالغا تىۋىنغان كەبى
تىۋىنىپ ساڭا،
شۇنچە قىزغىن،
شۇنچە سەبىي
سۆيەي ئەزىزىم...

تۇراپ دايىم

## مەن ئىزدەيمەن گۈزەللىك

### خۇشاللىق

بۇرغۇنلار قىلامدۇ شۇنچە ئېھتىيات،
قىرغاقنى سۆيگەندە تىترەيدۇ گويا.
كۆزۈمدىن يوقالدى غەۋغالىق ئۆتمۈشە
باغرىمغا يىقىلدى يېپيېڭى دۇنيا.

## ئانا تۇپراق مۇھەببەتنى ياشنىتار

ھايات ئۇچۇن بوسۇغىدىن باشلانغان
چىغىريوللار يىللىق تۈيغۇ ئۈيغىتار.
يالىڭاياغ باسقان ئىزلار قىزىلگۈل،
ئانا تۇپراق مۇھەببەتنى ياشنىتار.

## مەن ئىزدەيمەن گۈزەللىك

ئۇچۇپ يۈرەر تىنىم تاپماس شامالللار
گۈزەللىكنى ئۇلگە قىلىپ ئۆزىگە.
دېڭىزدىنمۇ كۆرۈنىدۇ بەزىدە
پەرىزاتلار ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزىگە.

گۈزەللىكنى سۆيۈپ ئۆتەر قانماستىن،
يانتاقتىنمۇ بايقايدۇ ئۇ نەپىسلىك.
ئاق تىكەندە بولسا ئاقلىق يارىغان،
ئاڭا گۈزەل بالىدىكى كەپسىزلىك.

شوخ شامالالار جاھان كېزىپ ئىزدەيدۇ
گۈزەللىكنى دۇنيادىكى ھەممىدىن.
شامال كەبى تەشنالىقتا ئىزدەيمەن
گۈزەللىكنى ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن.

ئەخەت مۇھەممەدى

# ھېسسىيات ئۇنچىلىرى

## يارىم بىلەن

ئۈيقۇدىن ئويغاندى بارساق نۇرلۇق يارىم بىلەن
سول يېرىپ، بەس - بەستە ناخشا توۋلىدۇق يارىم بىلەن.

ئۇنچىلەرنى كۆرسە تەگكەي بىزگە ھۆرۈنلار كۆزى،
خۇددى كومبايننى ئەينەن دورىدۇق يارىم بىلەن.

ھاسىراپ ئاقباش مومايلار كەلسە ھەمدەم بولغىلى
مۇڭدىشىپ سۆھبەتكە، ئۆيگە زورلىدۇق يارىم بىلەن.

كەتمىسە مەقسەتنى ئۇقماي، بەلگە - بېشارەت بېرىپ،
لەيلى - مەجنۇن توغرۇلۇق گەپ كولىدۇق يارىم بىلەن.

ئۇردى يۈزگە ئوت كەبى يازنىڭ تونۇردەك ئىسسىقى،
شۇندىمۇ غەيرەتتە بۇغداي سورىدۇق يارىم بىلەن.

بولدى باشياغلىقنى ئىلساق ئارىغا كۆڭلۈك تازا،
جور بولۇپ خاماندا قۇشقاچ قورىدۇق يارىم بىلەن.

تاغسىمان چەشلەندى بۇغداي ئەجرىمىز بەركەتىدىن،
چىمن ۋىسال، سۆيگۈ قۇشىنى ئۇۋۇلدۇق يارىم بىلەن.

## باشلىمسام ياشلارچە ئىش

چاچلىرىمدىن ئاقنى كۆرگەنلەر قىرىپتۇ، دەپتۇدەك
يول سوراپ تۇرسام تىڭىرقاشتىن ھىرىپتۇ، دەپتۇدەك.

ئاق ئانامنىڭ كۆكسىدىن باشىمغا تامغان سۈت دىسەم،
چۇش كۆرۈپ غەپلەتتە، يالغان گەپ تىرىپتۇ، دەپتۇدەك.

مۇكچىيىپ ماڭسام، ساماغا ئۇسمەي باشىم ئاياپ،
بەزىلەر بۇ يىل يىشى يۈزگە بىرىپتۇ، دەپتۇدەك.

چاچ ئىقى، قەددىمدىكى ھال، قىلمىغاي روھىمنى چال،
باشلىمسام ياشلارچە ئىش ئەقلىي ئىزىپتۇ، دەپتۇدەك.

چوغ كەبى قىزىق ۋۇجۇدۇم، جۇش ئۇرار ياشلىق، دىسەم،
ئەمدى ئەزرائىلىغا ئۇ تەكلىپ يىزىپتۇ، دەپتۇدەك.

يوپيورۇق قەلبىم ئۇمىدتىن، نەۋقىران روھىم مىنىڭ،
شۇم ئىغىزلار ئۆز - ئۆزىگە گۆر قىزىپتۇ، دەپتۇدەك.

## ئىلتىجا

كۆرۈۋالاي ھۆسنۈڭنى بىر رەت،
قىيا باققىن ئەي ساھىبجامال.
قىرىشقاندەك مەن بىلەن، ئەپسۇس
ئورىۋاپسەن يۈزۈڭگە رومال.

كۆرەلمىدىم، بولمىدى ئامال
سەن سەزمىدىڭ بۇنى ئىھتىمال.
قايرىۋەتسە ئىدى رومالنى
چاقچاق قىلغان بولۇپ شوخ شامال.

ئۆمەر مەتنۇرى

# سىغىنىش تۇيغۇلىرى

## ئانا يۇرت قاراقاش سىغىنغاچ سىنى

(بىر مۇھاجىر تىلىدىن)

ئەتراپىنى قاپلىغان چايكىلار ئۈنى، كەچ كىرىپ يەتكەندە گۇگۇم سايىسى،
ماڭىمەن ئۈن - تىنسىز، كۆزلىرىمدە ياش، شەلپەردەك قىزارغان دىڭىز ساھىلى.
ئانا يۇرت قاراقاش سىغىنغاچ سىنى، شاماللار ئىىپ كىلەر دىماققا خۇش ھىد،

ئاه، سېنىڭ سىمايىڭ، گۈلدەك چىرايىڭ
هەر قاچان چاقىرار باغرىڭغا مېنى.
تولغىنىپ كېتىمەن بىمار يىلاندەك،
ھىجراننىڭ ئازابى قىيىنغاچ دىلنى.
ماڭىمەن ئۇن - تىنسىز، كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا يۇرت قاراقاش سېغىنغاچ سېنى.

مىنگىشىپ خىيالىم دولقۇنلار ئارا،
كەزمەكتە شۇ يىراق ئانا سەھرانى.
قارىچۇقۇم كۆكىدە سۇرىتىڭ ئايان،
كىرپىكىم ۋىسالسىز يىللاردىن بېرى.
ماڭىمەن ئۇن - تىنسىز، كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا يۇرت قاراقاش سېغىنغاچ سېنى.

چىلاننىڭ رەڭگىنى ئالغان تۇپرىقىم،
زەر رەڭدە چاقنايدۇ كىندىكىم قېنى.
پەپىلەپ چوڭ قىلغان يىللىق شاماللار،
ئۆگەتكەن سايراشنى ئاندلار تىلى.
ماڭىمەن ئۇن - تىنسىز، كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا يۇرت قاراقاش سېغىنغاچ سېنى.

ئېسىمدە بالىلىق، توسۇن چاغلىرىم
باغاشلاپ ياتقىنىم چوغدەك باغرىڭنى.
ساھىللار چۆشىنى بۇزۇپ، قىيغىتىپ،
لېيتىپ ئوينىغان زۇمرەت سۈيۈڭنى.
ماڭىمەن ئۇن - تىنسىز كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا يۇرت قاراقاش سېغىنغاچ سېنى.

ئۇن تۆت يىل ئۆتتۈپتۇ دەريا سۈيىدەك،
ئانامدىن ئايرىلغان شۇ كۈندىن بېرى.
ئېسىمدىن چىقمايدۇ باراقسان ئورمان،
تورغايلار ئۇن قاتقان ئېتىزلار قىرى،
ماڭىمەن ئۇن - تىنسىز كۆزلىرىمدە ياش،
ئانا يۇرت قاراقاش سېغىنغاچ سېنى.

## مىسكىنلىكتە ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات

(مىسكىن شائىرلارغا)

قايغۇرمىغىن، ئالەم ساڭا شۇنچە كەڭ،
گۈلگۈن دالا، گۈزەل شۇنچە بۇ هايات.
مىسكىنلىكتىن جۇشقۇن قەلبىڭ بولدى خار،
بولدى قىلغىن، يىغلاش دېگەن بەك ئۇيات.
ۋۇجۇدۇڭغا قۇشلار قېنى سىڭدۇرۇپ،
بۇركۈت كەبى غالىبلارچە قاق قانات.

بولدى قىلغىن، يىغلاش دېگەن بەك ئۇيات،
كۆز يېشىدا نەمدەلمەيدۇ قىياقلار،
تۇن لەشكىرى بېسىپ كەلسە قاتمۇقات،
ئۇخلاپ قالماس ئەسلى پەقەت بۇلۇتلار.

بولدى قىلغىن يىغلاش دېگەن بەك ئۇيات
يىغا بىزگە يۈلەك ئەمەس تا ئەبەت.
سېنىڭ روھىڭ پارتلاپ چىقسۇن ماگىمىدەك،
شۇندا بەرگىن ئادەملەرگە مۇھەببەت.
ئۇنچە چاچقىن پېشانەڭگە ئەجرىڭدىن،
مىسكىنلىكتە ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات.

ئەخمەت ھامۇت

# ئىككى نەسىر

## پەرىشتىنىڭ چۈشى

يېشىل ئورمان، كۈمۈچتەك چوققا — بۇ تەبىئەتنىڭ جىلۋىدار ئابىدىسى، ياق، ھاياتلىق، گۈزەللىك پەرىشتىسى...

مامۇقتەك بۇلاقلار ئۈزۈشۈپ يۈرگەن زۇمرەت ئاسمان ئاستىدا ئۇ گويا مىسلىسىز گۈزەل جەننەتتەك ئۈز-زىبالىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ، ئورمانلار ئۈستىدە ئاقۇش تۇمان، ئۇ گويا مېھرىبان ئانىنىڭ ئۇخلاۋاتقان بوۋىقىنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويغان نېپىز يىپەك ياغلىقى، ھەئە، بوۋاق ئۇخلىماقتا... يېشىل ئورمان، كۈمۈش رەڭ چوققا ئانا ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىنىڭ سېھرىي لەززىتىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تاتلىق ئۇخلىماقتا، ئۇ چۈش كۆرمەكتە...

... پەرىشتە ئانا كېيىككە ئايلاندى، ئۇ ھازىرلا ئازابلىق ھەم چەكسىز لەززەتلىك تەۋەللۇتتىن قوپقان، ئۇنىڭ كۆل سۈيىدەك تىنىق، چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدە ئازابلىق ۋە ھەسرەتلىك كەچمىشتىن كېيىن بىردىنلا بەخت ۋىسالىغا ئېرىشكەن ھاياتلىقنىڭ چەكسىزخۇشاللىقى ۋەشادىيانىلىقى پارلاپ تۇراتتى، ۋۇجۇدىدا غالىبىيەت ۋەسەلتەنەت تۇيغۇسى ئۆركەشلەيتتى، سىلىق ۋە پارقىراق تۈكلىرىدىن قۇياشنىڭ تال-تال نۇر زەررىسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق بېشىنى ھوشيارلىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ كائىناتقا، قۇياشقا ئىپتىخارلىق ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئاندىن ئىنچىكە ۋە قاتتىق ئالدى تۇياقلىرى بىلەن ئاستىدىكى قارامتۇل تاشلارنى چاپچىۋېتىپ، ئۆزىگە تونۇش ئىپاردەك شېرىن بىر پۇراقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ھىدلاپ كەتتى... بۇ پۇراق دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بالا ھىدى. ئۆزىنىڭ، پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان يۈرەك پارچىسىنىڭ چەكسىز لەززەتلىك يېڭى ھىدى!

ئۇنىڭ يېنىدا ئۈستىنى يۇمشاق كۆكات قاپلىغان قورام تاش ئۈستىدە يۇمران سارغۇچ تۈكلىرىنى پارقىرىتىپ كېيىك بالىسى ياتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنچىلىك ئاجىز ۋە ئىنچىكە، چوڭ-چوڭ چىرايلىق كۆزلىرى شۇنچىلىك ئوماق ۋە مەسۇم...

ئانا كېيىك خۇددى ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئەللەي ئەتمەكچى بولغاندەك يۈزىنى

يۈزىگە، كۆزلىرىگە، بويۇن، بەدەنلىرىگە سۈركەپ مېھرى بىلەن يالاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ مېھرلىك سۆيۈشلىرى بىلەن ئۆز پەرزەنتىگە تەڭداشسىز ئۇلۇغ بىر سۆيگۈ ۋە ھاياتلىق بەخش ئېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ھەربىر يالاپ سۆيۈشلىرى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ماتانەت ۋە ھاياتلىق جەۋھىرى بالىسىنىڭ تومۇرلىرىغا قان بولۇپ قۇيۇلماقتا ئىدى. قۇياش پەسلەپ ئانا كېپىنەكنىڭ ئۈستىگە كەلدى، تاغ سەلكىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— سەن جاھانغا پەرزەنت ئەمەس، بىر سۆيگۈ تەۋەللۇت قىلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن چەكسىز كائىناتتىقا شاھ - سۇلتان بولۇشقا مۇناسىپسەن، سەن قۇياشنى تەكچي قىلىپ بېشىڭغا قوي، گۈلگۈن دالىلارنى ئاستىڭغا چۈشەك قىلىپ سال، زەڭگەر ئاسماننى ئۈستىڭگە يېپىن، شۇنداق بىر شاھانە تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ئارام ئال!

كېپىنەكنىڭ كۆزىدە ئانىلارغا خاس بىر خىل شاھانە ئۇلۇغلۇق ۋە ئىپتىخارلىق پارلاپ كەتتى:

— شۇنداق، مەن جاھانغا پەرزەنت ئەمەس، سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك ئىلاھىنى تەۋەللۇت قىلدىم، ئۇنىڭ ئەبەدىي ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ، ماتانەت ۋە ھاياتلىق جەۋھىرىدىن كەچمىكىم شەرت. مانا بۇ ھاياتلىققا ئانا بولغۇچىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى.

ئۇنىڭ خىتابىدىكى تەڭداشسىز سېھىرلىك كۈچتىن كائىنات، يەر - زېمىن تىترەپ كەتتى، شاماللار قۇيۇندەك تولغىنىپ، قۇياش كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى، ئىلاھ ئانا كېپىنەككە سەجدە قىلدى.

كائىنات ۋە يەر - زېمىننىڭ چەكسىز قۇچىقى ئانا كېپىنەك باغرىدىن بالقىپ چىققان سۆيگۈ ۋە ھاياتلىق كۆركى بىلەن لىپمۇ لىپ تولغانىدى، ئانا كېپىنەك ياپېشىل ئوتلاق، بۈك ئورمان ۋە گۈلگۈن دالىلار باغرىغا يۈگۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا قۇياش، شامال ۋە يۇمران تۈكلۈك، ئىنچىكە تۇياقلىق كېپىنەك بالىسى ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى...

پەرىشتە يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتاتتى...

## ھاياتلىق لىرىكىسى

سېنتەبىردە گۈزەل تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى مەنزىرىلىك جايغا سېلىنغان ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتاتتىم، ئادىتىم بويىچە ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن تاغ باغرىدىكى قارىغاي سايىسىدا ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋاتاتتىم، سەل چارچىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، بىرئاز ئارام ئالماقچى بولدۇم ۋە ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. چىمەنزار يايلاقتا ئوتلاۋاتقان چارۋىلار، سەكرىشىپ ئويناقشىپ، قىن - قىنىغا پاتمايۋاتقان پاقلان، ئوغلاقلار، زەڭگەر ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار، تاغ باغرىدىكى كۆككە تاقاشقان ياپ - يېشىل قارىغايلار ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى، تاغ ئۈستىدىن سۈپسۈزۈك سۇلار ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى، گۈزەل تەبىئەت كىشىنى

ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلاتتى.

مەن ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان پەيتتە، تاغ باغرىدىكى قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەن بىر ئوغلاق مەن تۇرغان جايغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، مەن ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچى بولدۇم، بىراق ئارىلىقتا تىك يار بولغاچقا، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ چاغدا ئوغلاقمۇ ئۆزىنى سورىغاندەك مېنىڭدىن يىراقلاپ، تاغقا ياماشقىلى تۇردى، لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر قىيا تاش باغرىغا دومىلاپ چۈشتى، ئۇ خۇددى جان تالىشىۋاتقاندەك پۇتلىرىنى تىپىرلىتىشقا باشلىدى.

مەن ئوغلاققا يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ تۇرغان جاي تىكرەك بولغاچقا، پەستە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتىم. دەسلەپتە مەن ئۇنى ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئوغلاق بىر ھازا ئوگىدىسىغا يېتىپ، پۇتلىرىنى مىدىرلاتقاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۆرۈلۈپ، ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن تەسلىكتە ئاقساپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم قەدەم تاشلىغاندا، ئالدى بىلەن جاراھەتلەنگەن ئوڭ پۇتىنى كۆتىرىپ، چۆرۈپ ماڭاتتى. باشقىلار قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا جاراھەتلەنگەن بۇ كىچىك جانىۋار ھايات يولىدا توختىماستىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن تىرىشىپ - يامىشىپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئاقساپ بىرقانچە مېتىر مېڭىپ يەنە دومىلاپ چۈشتى ۋە جىمجىت بولۇپ قالدى، ئاخىرى ئۆرۈلۈپ، يەنە ماڭدى. بۇ قېتىم بۇرۇنقىدىن سەل ئۇزۇنراق مېڭىپ يەنە يىقىلىپ چۈشتى، تاغ باغرى تىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغاچقا، ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئوغلاق ئاخىرقى قېتىم تىك تاغ باغرىدا راۋان ماڭدى، ئۇ قارىغايلىقنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ئۇ خېلى ئۇزاق مېڭىپ بىر قىيا تاش يېنىدىن ئۆتكەندە، سەل تەمتىرەپ، ئۇدۇلدىكى قارىغايغا ئۈسىۋالغىلى ۋە ياندىكى يارغا غۇلاپ چۈشكىلى تاس قالدى، لېكىن ئۇ قارىغايغىمۇ ئۈسىۋالمىدى، يىقىلىپمۇ چۈشمىدى، غۇلاپمۇ كەتمىدى، بارغانسېرى راۋان مېڭىپ، ئاخىرى تاغ ئۈستىدىكى چىمەنزارلىقتىن يىراقلىشىپ مال تۇپى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

مەن بىر قولۇمدا تاش پارچىسىنى، بىر قولۇمدا قارىغاي شېخىنى تۇتقان ھالدا يەنە بىردەم تۇرۇپ قالدىم، ھېلىقى كۆرۈنۈش، مەنزىرىلەر خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

**تۈزىتىش**

دىققەتسىزلىكتىن 11 - سان ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ 2 - بېتى يۇقىرىدىن 1 - قۇردىكى «قەلەمكەشلەر» دېگەن سۆز «قەلەملەشلەر» دەپ خاتا بېسىلىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى سورايمىز.

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**



# قەبرە بېشىدىكى چۇلاش

جالالىدىن بەھرام

(ھېكايە)

كۆكسۈمنىڭ كىرىزگە كۆرۈنمەس قارا پەردىلىرى يېيىلىشقا باشلىدى. مەن شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىققا كېتىۋاتىمەن. بۈگۈن بارىسام ئۆمرۈم بويىچە بويىنۇمغا تۈگمەن تېشى ئېسىلىپ، يۈرىكىم قانداقتۇر ئىسكەنجىدە قىسىلىپ ئۆتتۈدىغاندەك ۋىجدان ئازابىدا قالاتتىم. بۇ قەبرىستانلىقتا بىر ئاغىنەم مېنى ساقلاپ تۇراتتى... گەرچە ئۇنىڭ ئىككى ئولاچ قارا يەر تېگىدە يېتىۋاتقىنىغا ئون يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، گويا ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك، ماڭا بىر يولۇقۇپ ئۆت، يېڭى يازغان شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىرقانچە شەھەرنى ئارىلاپ قىلغان سەپىرىمدە بۇ ئاغىنەم كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. ئاخىرى قايتىشىمدا مۇشۇ كىچىككىنە، لېكىن ئاۋات شەھەردە بىر كېچە قونۇشقا شوپۇرنى كۆندۈردۈم.

بۈگۈن مەن بۇ شەھەردىكى بىر ئىدارىدە كاتىپلىق قىلاتتىم. ئاغىنەم بولسا شائىر ئىدى. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى. تېخى بىر – ئىككى رومكا قىقىۋالسا ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىپ، قوللىرىنى ھاۋادا قىلىچ كەسكەندەك شىلتىپ، ئاۋازىنى تىترىتىپ، جاراڭلىق، مۇڭلۇق ئاھاڭدا دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە سەل تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاغىنەم دېكلاماتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېغىر ھارغىنلىق يەتكەندەك پېشانىسىنى تۇتۇپ بىر ھازا جىمىپ كېتەتتى ۋە يەنە قوقاسىتىكى كۆمەچتەك پاراسلاپ ئېتىلغىلى تۇراتتى:

— ھاۋا، سۇ، ئۇچار قانات، دۇنيادىكى پۈتۈن مەئىشەت ئادەم ئۈچۈن! لېكىن ئادەم نېمە ئۈچۈن؟ — دەيتتى ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ماڭا قاداپ ۋە مېنىڭ جاۋابىم ئاياغلاشمايلا، — ياق، ياق. سەن مېنى ئالدىما، ئادەملەر بىر – بىرىنى

ئالداش ئۈچۈن ياشايدۇ، ھاياتلىق دېمەك تەڭسىزلىك دېمەكتۇر. بۇ تەڭسىزلىك پەقەت كۆردىلا ئاياغلىشىدۇ، — دەيتتى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ.

ئاغىنەمنىڭ بەزى قىلىقلىرى غەلىتىلا ئىدى. ئۇ پات - پاتلا ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلاتتى.

— بىلەمسەن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كۆزۈمگە قاراپ، — ئادەم ئۆلسە نېمە ئۈچۈن ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر، 40 نەزىر بېرىلىدۇ؟ ئۈچ نەزىردە مېيىتنىڭ قورسىقى يېرىلىدۇ. گۆركار كولاپ قويغان ئېرىقچىلار ئارقىلىق پەسكە ئاقىدۇ ... يەتتە نەزىردە قورساق، مېگە ئېقىپ بولىدۇ. قۇرت - قوڭغۇزلار بەزمە - مەشرەپ قىلىشىدۇ. 40 نەزىردە ئەرۋاھ ئارام تاپىدۇ. ئاخىرقى ھەمراھلىرى — سەمىرىگەن قۇرت - قوڭغۇزلار قوشۇلۇپ، ئەرۋاھنى تەنھا قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. ھەي، ھەي، ئادەم جەسىتىنىڭ يۇرتىغا يەر چىدىمىسا ئۆزگە نەرسە چىدىيالمايدۇ ...

شائىر ئاغىنەم ئەنە شۇنداق غەلىتە ئادەم ئىدى. ھېلىھەم ئېسىمدە، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن سەللا ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى سۇلغۇن ئىدى. ئاغىنەم ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئىچ يانچۇقىدىن ئالقانىدەك قەغەزنى ئالدى. ئۇنىڭ ئورۇق، ئېگىز بويى سەل دوكراق ئىدى.

— بۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي، بۇ بەلكىم مېنىڭ ئاخىرقى شېئىرىم بولۇپ قالار.

تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەگرى ئالدىدا،
تەڭ بولالمىدۇق دەۋر ئالدىدا.
گىدىيىپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
ئاقىۋەت تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا.

— ھەي، ھەي بىردەم سەۋرى قىل، — دېدىم مەن ئاغىنەمگە، — مەن بۇ شېئىرنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ، ھە توغرا، بىر ئولتۇرۇشتا ئاڭلىدىم. مۇنداق:

تەڭ ئىدۇق بىز دۇنياغا تەڭ كۆز ئاچقاندا،
تەڭ بولالمىدۇق تۇرمۇش، تەقدىر ئالدىدا.
مەن ئۇستۇن دەپ ئۇنچىلا كۆرەڭلەپ كەتمە،
تەڭ بولارمىز بىز يەنە قەبرە ئالدىدا.

شائىر ئاغىنەم ئۇرى كەتكەن، لېكىن ئۆچكەن گۇلخانىنىڭ ئاخىرقى چوغىدەك ئاجىز ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا خەنجەردەك قادىدى.

— بۇ شېئىرنىڭ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن، — يەنە مۇنداقمۇ بىر ۋارىيانتى ...

— بولدى، بولدى قىل دوستۇم، — دېدى ئاغىنەم گېپىمنىڭ قاق بېلىگە تېپىپ، — سېنىڭچە مەن بۇ شېئىرنى ئوغۇرلاپتىمەن دە؟! گويا بولمىغۇر خوتۇنلار قوشنىلىرىنىڭ لاخشىگىر، يېڭنە، ئويماقچىنە - قاچىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدەك مەنمۇ شۇنداق قىپتىمەن-دە؟ بولدى، بېشىڭنى ئېغىتماي قوي. سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن مېنى كاتەككە بېشىنى تىقىپ ھۈنەر قىلىدىغان توخۇ ئوغرىسىغا ئوخشىتىۋاتىسەن. كۆلمە، گېپىمنى بۆلمە. دۇنيادا ئوخشايدىغان نەرسىلەر ئازمۇ؟ دەل - دەرەخ، ھايۋانلار، ئادەملەر، ئوت - چۆپلەر ھەممىسى ئوخشاپ كېتىدىغۇ. لېكىن كۆزنىڭ تۈلجى سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي

ياپراقلىرى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىدىغان تونۇراقنى قارىغايغا قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن! بولمىسا ھەر ئىككىسىنىڭ غولى، شاخ، ياپراقلىرى بار. مانا، ئىككىمىزنى ئالايلى، سەن بولساڭ بىرەر دوكلاتنى قانداق قىلسام باشلىقىمغا ياراتارمەن، ئەزەرىگە چۈشەرمەن، دەپ ياشايسەن. مەن بولسام بىر كۇپلېت شېئىر ئۈستىدە تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن ...

— ۋاي خۇدا، بىرەر گەپنىڭ تېگىگە يېتەر-يەتمەي داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك سەكرەپ كېتىدىغان مىجەزىڭ-زە، — دېدىم مەن سەل چېچىلىپ، — مەن بۇ شېئىرىڭنى باشقىلارمۇ ئاڭلىغانمۇ دەۋاتىمەن.

— ئاڭلىغان. يېقىندا بىر ئولتۇرۇشتا ئوقۇغان ...

— مۇنداق دېمەمسەن ...

خىيالىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى قانداق قىلىپ قەبرىستانلىققا ئەكىلىپ قويغانلىقىنى بىلمەيلا قالدىم. مەن ئېگىز تاقىر تۆپىلىكتىكى سانسىزلىغان زومچەك-زومچەك قەبرىلەر قاپلىغان ئەرۋاھلار «يۇرتى»غا چىغىر يوللار ئارقىلىق ياماشتىم. قاراڭغۇ چۈشتى. لېكىن داغ قاپلىغان مىسلىگەندەك تۈن پەردىسى كائىناتنى ئۆزىنىڭ سىرلىق نۇرىغا چۆمدۈرۈپ ئاي تۇغدى. مەن قەبرىلەر ئايلىنىپ يۈرۈپ كونا گۇمبەز يېنىدىكى كوزا سۇنۇقى پاتۇرۇلغان قەبرىنى تاپتىم. يەتتە-سەككىز يىل ئىلگىرى ئۆزۈم بەلگە قىلىپ قويغان كوزا سۇنۇقىنى كۆرگىنىمدە بىردىنلا يۈرىكىمدىن ئۆرلەپ چىققان پىغان ۋۇجۇدۇمنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇلار شۇنچە يېقىن قوشنىلار بولسىمۇ ئەبەدىلئەبەت بىر-بىرىنى يوقلىيالمايدۇ، ھالىڭ نېچۈك، دەپ سورىيالمايدۇ، دېگەن خىيال پەيدا بولۇشى بىلەنلا قەلبىمدىن ئاھ دېگەن ئىندا كەلدى.

شۇنداق، دەرۋەقە شۇنداق! لېكىن يەر قاچان ئادەم يەپ تويۇپتۇ! ئۇ خۇددى لوقمىنى كۆپ يەپ، تىنالماي قالغان يىرتقۇچتەك ئېغىز پۇشۇلداپ ياتىدۇ.

مەن ئاغىنەمنىڭ قەبرە بېشىغا تىزلاندىم. ئۇ ھايات ۋاقتىدىكىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ:

— كەلدىڭمۇ؟ —دېدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ھە، كەلدىم! — دېدىم-دە، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بېشىم مەيدەمگە ساڭگىلىغان، ياشلىرىم ياقىلىرىمنى ھۆل قىلغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، مۇڭداشتىم، تاكاللاشتىم ھەتتا قىزىرىشىپمۇ قالدۇق. ھەئە بۇ راست، بۇ كۆڭۈل سۆھبىتى ئىدى.

تۈندە، كۆزۈمنى ئاچمىسامۇ كۆڭۈل كۆزۈم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن گۆرلەر، ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق سۆڭەكلەر، شامالدا قارسىلداۋاتقان ئالا-يېشىل جىن كۆچىتى لاتىلار، قۇرۇق خادىغا قونۇۋالغان ھۇقۇشنىڭ شۇملۇق ياغدۇرۇپ ھۇۋلاشلىرى قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. لېكىن مەن ئاغىنەمگە كۆڭۈل سىرلىرىمنى تۆكۈۋاتىمەن. شۇ ئەسنادا يېنىمدىلا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ناھايىتى ئاستا گۇدۇڭلىغان غەلىتە ئاۋازى مېنى تىترىتىۋەتتى. بۇ شىپىلدىغان ئاۋازلار گويا تېگى يوق ھاڭدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم تارس قىلىپ ئېتىلىپ كەتكەندەك، ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسسىق قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاستا بېشىمـ
نى بۇرىدىم. يېنىمدىلا بىر ئوچـۇق گۆر
تۇراتتى. گۆرنىڭ ئىچ ئۆيلىرىمـۇ ئاينىڭ
كۆكۈچ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئىچ
گۆردە ئاپئاق كېپەنگە ئورالغان تۆت ئەر-
ۋاھ پاراڭلىـشىۋاتاتتى. بۇ ئەرۋاھلارنىڭ
ئىككىسى ئاچ ئەرۋاھ بـولۇپ، خام خەسە
كېپەنـگە ئورۇلۇۋالـغانىدى. قالغان ئىكـ
كىسى بولسا تـوق ئەرۋاھ بـولۇپ، پاكار
دىقماقراقى ئاق يىپەك كېپەنگە تولۇق ئو-
رالغانىدى. ئېگىز، گەۋدىلىك، لېكىن بۇ-
رۇن كۆمۈرچەكلىرى ئۆۋۈلۇپ چوشۇپ كەتـ
كىنى بولسا ئاق شايى كېپەنگە ئورالغانىدى.

— ۋاھ، — دېدىم مەن بىردىنلا چۆ-
چۈپ، چۈنكى خام خەسە يېپىنغان ئاچ
ئەرۋاھنىڭ بىرسى مېنىڭ شائىر ئاغىـنەم
ئىدى. ئۇ قاق سۆڭەك قوللىرىنى شىلتىپ
شايى كېپەن يېپىنغان ئېگىز بوي، بۇر-
نى يوق ئەرۋاھقا سۆزلەۋاتاتتى:

— سەن هاياتىـڭدا شۇنچە نۇرغۇن
پۇل تاپتىڭ، لېكىن كەمبەغەللەرنى، ئاجىز-
مىسكىنلەرنى يۆلىدىڭمۇ، ياق! كۆز قىرىڭنى
مۇ سالمىدىڭ. پۇلۇڭ كۆپەيگەنسېرى ئىنـ
ساپ-تەۋپىقىنى ئۇنتـۇدۇڭ، هەتتا سەن
كونا زاماننىڭ سودىگەرلىرىدەكمۇ بولالمىـ
دىڭ، شۇلار چېغىدا مىلىنىڭ ئوندىن بىـ
رىنى كەمبـەغەللەرگە ئۆشرە-زاكات بېـ
رەتتى. بولمىسا تاپقان دۇنياسىنى هارام
دەپ بىلەتتى.

— كەمبەغەللەرنى يۆلەيمىشمەن، —
دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ خىڭىلداپ، —
هۆكۈمەت يۆلەپ بولالمىغان بۇ ئەبگارلار-
نى مەن يۆلەپ بولالامتىم. بىرىنى يۆلـ
سەڭ ئونى يىقىلىپ تۇرسا، تېخى بۇ خەق
نامراتلىقنى شەرەپ دەپ بىلىشىدۇ. بىر-
سى يازدىغـۇ «قەد كۆتۈر» دەپ بەرگەن
قوينى سويۇپ ئەمەلدارلارنى مېهمان قىلىپ
«بەشتە كېپىل» لىكنى سېتىۋالغان هېلىـ
قى ئەبگارنى.

— ئەڭ بولمىـغاندا، — دېدى ئاچ
ئەرۋاهنىڭ ۋىجىـك، كېپـىنى ئۇچىسـىغا
يەتمىگەن، چىشلىرى پـۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ
كـەتكەن يەنە بىرى ئېگەكلىرىنى كاسىلـ
دىتىپ، — مەكتەپكە بولسىمۇ ياردەم قىلـ
ساڭ ساۋاپ تاپار ئىدىڭ، هەممىسى ئۆز-
مىزنىڭ باللىرى ئىدى.

— توغرا، — دېدى ئاغىـنەم باشقىـ
دىنلا قايـناپ، — مانا مۇشۇ بىچارىنىڭ
ئۆزى پۈتۈن هاياتىنى بىر يېـزا مەكتەـ
پىدە نامراتچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ
بالا ئوقۇتقان سىنىپىنى سـىنىپ دېگىلى
بولامدۇ؟ يامغۇردا لايغا چىلىشىپ دەرس
ئۆتكەن، قىشتا سىنىپتا بوران هۇۋلىغان،
هەتتا بور يوق چاغلىرىدا دوسكىـغا خەت
يازغان!

— مېنى ئۇنچىلىكمۇ قارا كـۆڭۈل
سانىماڭلار، — دېدى شايـى كېـپەنلىك
ئەرۋاھ، — كىم مېنى مەكتەپكە ياردەم قىلـ
مىدى دەيدۇ. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېـ
تىم ياردەم قىلدىم، هوي، سەن گەپ قىلـ
مامسەن، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك ئولتۇرماي.

شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ باياتىن بېرى
بېشىنى ئىچىگە تىقىپ دۈرۈت ئوقۇپ ئولـ
تۇرغان يىپەك كېپەنلـىك پاكار، دىقماق
ئەرۋاهنى بىر چەينەكلىمـگەنىدى، ئۇنىڭ
ئاستىنقى ئېڭىكى شالاقىدە چوشۇپ كەتتى.
ئۇ دەرهال ئېڭىكىنى قارسىدە سالدى-
دە، شايى كېپەنلىك ئەرۋاهقا بىر كۆلـ
يىپ قويۇپ:

— يـا ... يـا ... يـاردەم قىـل ...

قىلدىلىڭ، — دەپ غوڭشىدى.

— ھە، مانا قىلماپتىمەنما، لېكىن بۇچۇ كىچىك ماشىنىسىنىڭ ئورۇندۇقلىرىنى گىلەم بىلەن قاپلاپتۇ. مەن ئەخمەق سىنىپنىڭ شۇنداق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ياردىمىم ئاز بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ يەنە ياردەم قىپتىمەن. ماشىنىسىغا ئۈنئالغۇ بېكىتىپ، قالغىنىغا باغ سەيلىسى قىلىشىنى بىلگەن بولسام بۇنداق سۈپۈرگە زىيانكەش بولاتتىم. لېكىن بۇ ئىنزا تارتماي مەكتەپ دېگەنگە ھۆكۈمەت ئىگە دەپتىمىش تېخى.

— مەن ... مەن ... ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتكەن. خاتالىقىنى تونۇپ يەتسىلا بولىدىمۇ! — دېدى دىقماق توق ئەرۋاھ.

— تونۇغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى ۋىجىك ئەرۋاھ، — سىنىپ ئۆرۈلۈپ نارەسىدە قىز ـ ئوغۇلدىن بەشى ئۆلدىغۇ!

— ھەي، ھەي، ھەممىڭ مەرەزلەر، نان قېپىلار، نائىنسابلار، — شائىر ئاغىنەم ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا قايناپ كەتتى.

— ئادەم تىللىما، ھايات ۋاقتىڭدىمۇ ئادەم تىللاش بىلەن ئۆمرۈڭ ئۆتتى. بىرسىنى تۆرە، بىرسىنى نەپسانىيەتچى، بىرسىنى ئالدامچى سودىگەر، دەپ شېئىر يازدىڭ، يالغانمۇ ـ يا؟ — دېدى يىپەك كېپەنلىك دىقماق ئەرۋاھ.

— ئۇ دېگەن تىللاش ئەمەس، — دېدى ۋىجىك ئەرۋاھ، — يامان ئىش، يامان ئادەتلەرنى تىل بىلەن قامچىلاش، ھەر قايسىڭلارنى قامچىلاپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ. بولمىسا جاھاننى پۈتۈن يۇتىسىلەر.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق قامچاڭ، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ كېتەر ئىلاھىم، — دىقماق ئەرۋاھ بىردىنلا چەچاڭشىپ كەتتى.

باياتىن بېرى دىقماق ئەرۋاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتكەن شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ بىردىنلا قايناپ كەتتى:

— بۇ گېپىڭ تارازا باسىدۇ، دوستۇم! مېنىمۇ بىرى قامچىلىغان ئىدى. مەكتەپكە بىرلا ياردەم قىلمۇدىم، كەينى ـ كەينىدىن پېشانىسىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن مېھرى ـ مۇھەببەت يېغىپ تۇرغان، ھەر بىر كۈلۈمسىرىشى جانغا ئارام بەخش ئاتا قىلىدۇ، دەپ ماختىشىپ كەتتى. ھەتتا مەن ئۆزۈممۇ مەندە ئالىي پەزىلەتلىك خۇسۇسىيەتلەر شۇنداق تولىمىدۇ دەپ كۈنىگە نەچچە قېتىم ئەينەككە قارىدىم ...

— بۇ تېخى، — دېدى دىقماق ئەرۋاھ شايى كېپەنلىك ئەرۋاھنىڭ ئۆزىنى قوللىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، — بىزنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئامەتلىرىمىزگىمۇ كۆز قىزارتقان، كۆرەلمىگەن، مەسىلەن ئۇ، ھايات ۋاقتىدا مۇنداق شېئىر يازغان:

تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەڭرى ئالدىدا،
تەڭ بولالمىدۇق دەۋر ئالدىدا.
گىدىيىپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
ئاقىۋەت تەڭ بولۇرمىز قەبرە ئالدىدا...

— ھەي بايقۇش، بىچارە بايقۇش، — دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ كېپىنىنى مۈرىسىگە تارتىپ قويۇپ، — ئۆزۈڭچە تېخى قەبرە ئالدىدا تەڭ بولىمىز دەپتىكەنسەن ـ دە، قېنى تەڭ بولغىنىڭ؟ قارا، مانا بىز ئۆزىمىزنىڭ كەسىپداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىمىز بىلەن بۇ يەردىمۇ يېڭى مەھەللە قۇرۇۋالدۇق! نېمىدېگەن كۆركەم، نېمىدېگەن ھەيۋەت! لېكىن سېنىڭ ۋە سېنىڭدەكلەرنىڭچۇ؟ قارىغىنا قەبرەڭنىڭ

ئىزناسىنمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئاغىنەڭ كوزا پۇچۇقىنى پاتۇرۇپ قويمىغىنىدا ھەققەمسايىملىرىڭ ساڭا ئەمەس، بىزگە دۇئا قىلىپ قايتىشىدۇ. خى... خى... خى...

— ھى.. ھى... ھى...

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىقىقا قارىدىم، دەرۋەقە پۈتۈنلەي ئاق، سېرىق، يېشىل چاقچۇق بىلەن زىننەتلەنگەن قەبرىلەر رەت-رېتى بىلەن بىر يېڭى مەھەللە تەشكىل قىلغانىدى. بۇ قەبرىلەر تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا گويا مەرۋايىتلارنى تىزىكۆۋەتكەندەك كۆز چاقنىتىپ پارقىرايتتى. شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ بىلەن ئاق يىپەك كېپەنلىك ئەرۋاھ تېخىچىلا كۈلۈشۈۋاتاتتى.

— قارا، مېنىڭ قەبرەمگە،— دېدى دىققاق ئەرۋاھ،— سەن ھايات چېغىڭدىمۇ بۇنداق ھەشەمەتلىك سارايلاردا ئولتۇرالمىغان بولغىيدىڭ! سېنىڭ قەبرەڭدە ئاددىيسى بىر ئابىدە تاشمۇ يوق!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. ھەقىقەتەن ئاق كېپەنلىك ئەرۋاھنىڭ قەبرىسى ھەشەمەتلىك گۈمبەز بولۇپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئويما نەقىشلەر، مېھراب شەكىللىك تەكچىلەر بۇ قەبرىنى بىر ھەيۋەتلىك سارايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— سىلەر،— دېدى ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھ،— تاپقان دۇنيارىڭلار، ئېرىشكەن ئىمتىيازىڭلارنى ئۇنچىۋالا دالۋاي چۆرۈپ كەتمەڭلار، لېكىن بىزمۇ بىر ئۆمۈر قىلغان ھالال مېھنىتىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

— ۋاھ، سېنىڭمۇ تىلىڭ چىقىپ قاپتىغۇ،— دېدى شايى كېپەنلىك ئەرۋاھ،— سەنمۇ پۇل ئۈچۈن ئەپەندىچىلىك قىلغانسەن، پۇل دېگەن يىراقنى يېقىن، يوقنى بار،

يۈزسىزنى يۈزلۈك، گاچىنى سۆزلۈك قىلىدۇ، ئاددىيسى بىزنىڭ مەھەللىگە قارا، شەيخكە ئازراقلا نەپ تەككۈزگەن ھامان كۆزگە چېلىقىدىغان، ئۆزى قۇرۇق، يولغا يېقىن يەردىن يەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەللەرچۇ؟ قىشتا قار تىقىلىپ كېتىدىغان ئازگاللاردىن، يازدا يامغۇر يار ئالدىغان يانپاشلاردىن ئورۇن تۇتىشسەن!

— مۇئەللىم، مۇئەللىم دەپ ھەممە كىشى ئۇلۇغلىغانسېرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەنلەرمۇ تازا بولۇشۇپ كېلىشتىڭ،— دېدى دىققاق توق ئەرۋاھ،— سائەتلەپ، كۈنلەپ دەرسكە كىرىشمەيسەن، سىنىپىڭدا ئەللىكلەپ بالا بىكار چېلىقتىن يۈز- كۆزىنى يارا قىلىشىدۇ. دەرس تەييارلىقىڭ يوق كىتاب ئوقۇپ بېرىپ ھاشارنى ئادا قىلىسەن. ھويلاڭغا كىرسە چىلە پۇراپ، چۈجىلەرگە پۈتلىشىپ ماڭغىلى بولمايدۇ.

— مۇئەللىملەرگە تىل تەككۈزگۈچى بولۇشما،— دېدى باياتىن بېرى غەزەپكە تولغان شائىر ئاغىنەم،— مۇئەللىملەر ئاخىرقى بىر نەپىسىنىمۇ پەرزەنتلەرگە ئاتىغان پىداكارلار!

— پىداكارلارمىش،— دېدى دىققاق ئەرۋاھ دىمىقىدا خىڭىلداپ،— بىلەمسەن شائىرىم، سېنىپ ئۆرۈلگەنىدە ئەڭ ئالدىدا قېچىپ چىققىنى مانا مۇشۇ ئۇلۇمتۇك. بېشىدىكى دوپپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشنى ئۇنۇتمىدىكى، باللار بىلەن بىر پاي كارى بولماي تىكىۋەتتى.

شائىر ئاغىنەم ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھقا، ئۇنىڭ كېيىن تولۇق ياپالمىغان مۆرە، بويۇنلىرىغا بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، ئورا كۆزىدىن غەزەپ ئوتى چاچقان ھالدا سورىدى:

ــ بۇ راستما؟!

ــ بۇ... بۇ... داۋاملىق ئەمەس، بەزىدە شاھماتقا كىرىشىپ قالغاندا دەرسنى ئۇنتۇپ قالغان يەرلىرىم بار ۋە بەزىدە توخۇنۇلارغا دان، قوي ـ ئۆچكىلەرگە يەم تەييارلايمەن دەپ...

ــ مەن سەندىن بۇلى سورىغىنىم يوق. سىنىپ ئۆرۈلگەندە قانداق قىلىدىڭ دەۋاتىمەن؟

ــ قا... قارىسام، ــ ئاچ ئەرۋاھ دۇدۇقـلىدى، ــ تامنىڭ بىر بۆلىكى گۈپپىلا قىلىپ قالدى. جان دېگەن تاتلىقكەن، كۆزۈمگە ھېچ نېمە كۆرۈنمەپتۇ.

ــ ۋۇي مەسئۇلىيەتسىز لەنىتى....ــ شائىر ئاغىنەم يدنە تىلىنى قويۇپ بەردى.

ــ بولدى قىل شائىردم، ــ دېدى شايى كېپەنلىك توق ئەرۋاھ، ــ سەنمۇ زامانىڭ كېيتمگە كىردۈالغانىڭ بىرى، شائىرمەن دەپ ئېڭىكىڭدە ئاسراپ تىرەپ يۈرگىنىڭ بىلەن قاپاقنىڭ لېشىدەك لاۋزا بىر نېمىلىرىڭنى خەق ئوقۇسا، زوق ئالالىسا كاشكى.

ــ ئاغزىڭنى يۇم ئالداەچى كاززاپ، بىر پۇل ئۈچۈن 70 مىڭ قەسەمنى قىلىپ، ئەڭ يېقىن يارۇ ـ بۇرادەرلىرىڭنى ئالدايسەن، ھەتتا تېرىقتەك پايدىنى كۆرسەڭ ئاناڭ بىلەن داداڭنىمۇ تونۇماس بولۇۋالىسەن! كۆرۈپ تۇر، تاڭلا قىيامەت كۈنى يۈزۈڭ قارا قوپىدۇ.

ــ سېنىڭ يۈزۈڭ قارا قوپىدۇ!

ــ سەن قارا قوپىسەن!

ــ سەن!

ــ ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىشتۇ، ــ دېدىم



مەن تۆت ئەرۋاھنىڭ ئۆزئارا ھۆرپەيىشلىرىدىن چۆچۈپ، — ئۇلار مەشەدىمۇ بىر-بىرىنى كۆرۈشەلمەيدىكەن، سۆكۈشىدىكەن، ئەيىبلىشىدىكەن، ئىناق ئۆتمەيدىكەن. تۆت ئەرۋاھ شۇنچىلىك ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتتىكىن ھەتتا ئۇلار چىرىشىپ قالغان قول بېغىشلىرى، ئاجراپ كەتكەن پۇت ئوشۇقلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ياقىلىشىشقا تەييارلاندى. ئەگەر قانداقتۇر بىر ھال رەڭ نۇر بۇ گۆر ئىچىنى يورۇتمىغان بولسا، ئۇلار كېپەنلىرىنى ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ، بىر بىرىنى چەيلەشكە تەييار تۇراتتى. لېكىن بۇ ئەرۋاھلار نۇر ئىلكىدە پەيدا بولغان بەش ھۆر-غۇلماننى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ھۆر-غۇلمانلار 13-14 ياشلار چامىسىدىكى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا بىر دەستىدىن گۈل بار ئىدى. بۇ گۈللەر شۇنچە نەپىس، شۇنچە ئۇز بولۇپ، مۆشكى-ئەنبەر، ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتىپ تۇراتتى، ھۆر-غۇلمانلار بولسا گويا پاك تۇماندىن تۆرەلگەندەك شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك غۇبارسىز ئىدىكى، تۆت ئەرۋاھ ئۇلارنىڭ رۇخسارىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ھۆرلەرنىڭ ئاق تۇتۇنسىمان كۆڭلەك، ئۇتىقاتلىرىدىكى دۇردانىلەر، غۇلمانلارنىڭ ئاق سەللىسىدىكى يېشىل گۆھەرلەر كۆزلەرنى كور قىلغۇدەك نۇر-جۇلا چىقىرىپ تۇراتتى.

— ئۇلۇغ پەيشەنبىنىڭ شاراپىتى بىلەن بىز سىلەرنى يوقلاپ كەلدۇق! — دېدى ھۆر-غۇلمانلار جانغا ئارامبەخش ئاتا قىلغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن.

ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كارامەتتۇر، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، شۇ چاغدىلا كونىلارنىڭ پەيشەنبە ئۇلۇغ كۈن — پۈتۈن ئەرۋاھلار بىر-بىرىنى يوقلىشىدۇ دېگەن گېپى يادىمغا كېلىشى بىلەن بۈگۈن پەيشەنبە ئىكەنلىكى، تۆت ئەرۋاھنىڭ بىر-بىرىنى يوقلاپ كېلىپ كونا خامانىنى سورىغانلىقى، ھۆر-غۇلمانلارمۇ جەننەتتىن ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئويلىدىم.

— ئاھ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم، مېنىڭ باللىرىم، قاناتلىرىم، يۈرەك پارىلىرىم! — ۋىجىك ئاچ ئەرۋاھ ئىزىز ئوقۇغۇچىلىرىنى تونۇپ قالدى بولغاي بوقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ نۇرلۇق چىرايلىرىغا پېتىنىپ قاريالمىدى. گۈل دەستىلەرنى تۇتقىنىچە قاتىرىسىغا تىزىلىپ تۇرغان ھۆر-غۇلمانلارمۇ ھېچكىمگە قىيا كۆزىنىمۇ سالمىدى.

— قېنى، تالاشمامسىلەر، ئۇرۇشمامسىلەر، بوغۇشمامسىلەر؟! — دېدى باشتىكى ھاۋارەڭ سەللىلىك غىلمان جاراڭلىق ئاۋازدا، — سىلەر بۇ باقىي ئالەمگە كېلىپمۇ ئۇستۇنلۇك تالىشىسىلەر، مەنمەنلىك قىلىسىلەر. بىر-بىرىڭلارنى مەسخىرە قىلىسىلەر. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قانچىلىك گۇناھقا پاتقانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟! ئادەم بالىسى يالىڭاچ پېتى پانىي ئالەمگە كېلىدۇ ۋە يەنە يالىڭاچ پېتى باقىي ئالەمگە قايتىپ كېلىدۇ. پانىي ئالەم كېلىپ-كېتەر بىر سارايدۇر. بۇ كۆزيۇمۇپ ئاچقۇچىلىق ئارىلىقتىكى بىر دەقىقە پۇرسەتتۇر. لېكىن سىلەر مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك بىرىڭلار دەپى-دۇنيارىڭلار بىلەن ئىنساپ-تەۋپىقنى ئۇنۇتتۇڭلار، بىرىڭلار ئىمتىيازىڭلار بىلەن مۆمىنلەرگە ئازار بەردىڭلار، بىرىڭلار ھالاللىق بىلەن بۇرچىڭلارنى ئادا قىلمىدىڭلار. سىلەر ئۇرۇش-جېدەل، كۆرەلمەسلىك، بىر-بىرىڭلارنى كولاش، ئاچكۆزلۇك، نەپسانىيەتچىلىك، چېقىمچىلىق، مەنمەنلىك، يالغانچىلىق،

ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىكتىن ئىبارەت پاسىق
ئىللەتلەرنى ئۆز ئەۋلادىڭلارغا مىراس قال-
دۇردۇڭلار! بۇ ئاللاھ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز
گۇناھتۇر!

— بەرھەق،— دېيىشتى تۈت ئەرۋاھ
باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، بەزىلىرى يۇم-
يۇم يىغلاشتى ۋە بەزىلىرى بولسا بوغۇلۇپ
تېلىقىپ قېلىشتى.

— سىلەرنىڭ تېنىڭلارغا سىڭىپ كەت-
كەن بۇ خۇي-پەيلىڭلاردىن،— دېدى
ھۆرلەرنىڭ بىرى يېقىملىق ئاھاڭدا،—
قىيامەت كۈنى خۇدايىم قازى بولغاندا تاڭلا
مەھشەرگاھىدا يەنىلا بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيى-
بىنى ئېچىپ، بىر-بىرىڭلارنى غاجاپ،
قاق سۆڭەك قىلىمغۇچە كۆڭلۈڭلار ئىمىن
تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. بىز كېتەيلى.

تۆت ئەرۋاھ چەكچىيىپ قېلىشتى.
لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھۆر-غۇلمانلار
قولىدىكى جەننەتنىڭ گۈللىرىدە ئىدى. تۆت
ئەرۋاھنىڭ ھەرقايسىسى بۇ گۈللەرنى ئۆز-
نىڭ قىلىۋېلىشنى، ھەتتا ھەمراھلىرىغا پۇراش
ئۈچۈنمۇ بەرمەسلىكنى ئويلايتتى.

مەن ھۆر-غۇلمانلار گۈللەرنى
چوقۇم ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا تاشلايدىغۇ
دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇلار سەپ تارتقىنى-
چە كۆزدىن تۇتۇنىدەك غايىب بولۇشتى.
ئەمما قەستەنمۇ ياكى چۈشۈپ قالدىمۇ بۇنى
بىلىپ بولمايدۇ، ۋىجىك ئەرۋاھنىڭ يېنىدىلا
بىر تال گۈل تۇراتتى. ۋىجىك ئەرۋاھ قو-
لىنى سۇنۇپ ئېلىشىغا قالغان ئۈچ ئەرۋاھ
ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

— بۇ مېنىڭ، چۈنكى مەن نۇرغۇن
مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلارغا ياخ-
شىلىق قىلغان،— دېدى دىقماق توق ئەرۋاھ.

— ياق،— دېدى شايى كىيپەنلىك
ئەرۋاھ چەكچىيىپ،— سەن مەن مەكتەپكە
ياردەم قىلغان پۇللارنى خەجلىۋالغان نوغ-
رى، جەننەتنىڭ گۈلى ساڭا خاس ئەمەس،
ماڭا خاس.

— بۇ مېنىڭ،— دېدى ۋىجىك ئەرۋاھ
گۈلنى قويۇپ بەرمەي،— چۈنكى مەن ئۇ-
لارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

— ياق،— دېدى شائىر ئاغىنەم چال-
ۋاقاپ،— مەن دېگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى،
مەكتەپ ۋە بىلىمنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن
قان-تەر سىڭدۈرگەن، سەن بولساڭ ئاشۇ
بەش ھۆر-غۇلمانىنى تامغا باستۇرۇۋەت-
كەن قاتىل!

— بۇ مېنىڭ!

ئەرۋاھلار ئارىسىدا تۆھپە تالىشىش
جېڭى باشلاندى.

مەن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم ۋە چۆچۈپ
كۆزۈمنى ئاچتىم، يېنىمدىكى كونا گۈمبەز
ئۈستىدە ئىككى ھۇقۇش پالاق-پۇلۇق قانات
ئۇرۇپ ئۇرۇشۇۋاتتى.

— ۋاي تووۋا،— دېدىم مەن كۆزلىرىم-
نى ئۇۋۇلاپ،— ئۇلۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ،
قەبرە بېشىدا مۈگدەپ قالغىنىم نېمىسى؟

مەن يېنىمدىكى ھېلىقى ئوچۇق گۆرگە
قورقۇپ قارىدىم. گۆر قاپقاراڭغۇ ئىدى،
ئۇنىڭدىن ئەجەلنىڭ سوغۇق چاڭگاللىرى
ماڭا قاراپ سوزۇلۇۋاتقاندەك بولدى-دە،
مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېكىن
ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىم سىقىراپ ئاغرىپ
كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھېلىقى سۈرلۈك
ئوچۇق گۆرگە قارىغىنىمچە ئارقامغا ئاستا
داجىدىم...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# گۈلىستاندىن گۈلدەستە

تەھرىر ئىلاۋىسى:

شىنجاڭ نېفىت سانائىتى سېپىدە زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق، ئۈمىدلىك ئاپتورلار قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. بىز ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1991 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە مايتاغدا ئاچقان نېفىتلىك قەلەمكەشلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسىغا قاتناشقان قاراماي رايونىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

ۋارىسجان تۇردى

## ئاشماقتا ئىشقا غايىمىز

ئېتىلىپ چىقتى نېفىت فونتان بولۇپ يەرنى يېرىپ،
كۈلدى قاقاقلاپ كۇئېنلۇن ساقال سىيرىپ، باش لىڭشىتىپ.
نەغمىچى قۇشلار چىمەندە راسلىدى مەشرەپ شۇدەم،
كۆكتە يۇلتۇز، ئاي ۋە كۈن ھەيراندا قالدى كۆز قىسىپ.
ئۇيقۇغا چۆككەندى تەكلىماكان ئارمان بىلەن،
كەلمىگەن جەڭگاھقا مەردلەر ئاتلىنىپ پەرمان بىلەن.
دەيتتى: ساقلىدىم، ئەجەپ مول بايلىقىمنى ئاچمىدى،
مەن بېرەتتىم ئايىماستىن چىقسا مەرد دەرمان بىلەن.
راست، مۇقەددەس بۇ زېمىن، بايلىق تولا - خەزىنە تولا،
تەكتىدە جاۋاھىرات، تۇپراقلىرى ئۇرغان جۇلا.
تۈگىمەس ئاچسا ئەگەر مىڭ يىلدىمۇ مول بايلىقى،
بۇ ماكانغا ئەجنەبىي سەيياھمۇ كۆز تىككەن شۇڭا.
ئاخىرى تاڭ ئاتتى، ئىرپان كۆكىدە كۈلدى قۇياش،
كۆردى - دە، ئالتۇن قۇياشنى جەڭگە كىردى قېرى - ياش.
قالمىدى ئەسلا جاھالەتكە ئورۇن، نۇرلاندى دىل،
بولدى بىدار ئۇيقۇسىدىن بۇ ماكاندا تاغۇ - تاش.
چۆلدە نۇر، باغلاردا نۇر، تارىمدا تەكشى ئاقتى نۇر،
ئۆزدى غاز باغراش كۆلىدە، قاشتېشى چاقناتتى نۇر.

سايرىدى بۇلبۇل ۋە كاككۇك، كۈلدى لوپنۇر ۋادىسى،
بايلىقىم كۆپتۇر دېدى تەكلىماكان، تاپتى غۇرۇر.
تالڭ بىلەن قىلدۇق سەپەر تەكلىماكان قوينىغا بىز،
قالدۇرۇپ مەزمۇت قەدەمدىن چۆل- باياۋان، دەشتكە ئىز.
مەدھىيە ئېيتتى راۋابنى سايرىتىپ قەشقەر خۇشال،
مېھرىدىن يايدى پاياندازخۇش كۈلۈپ يىپەكچى قىز.
بولدى قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە غەربىي جەنۇب نىشانىمىز،
كۆپ ئەسىر «تەكتى ماكان» بولغان ئەزىز دىيارىمىز.
خۇش كۈلۈپ تەكلىماكان ئېچىپ قۇچاق كەلگىن، دېدى،
قورقىمدۇق مۇشكۈل، خەتەردىن ئالغا باستۇق ھەممىمىز.
توستى قۇم بارخانلىرى، چىقتى بوران، قار قۇتۇردى،
پىژغىرىم ئىسسىق تومۇزدا لەۋدە گەز، تىل قۇرىدى.
ۋە لېكىن يۈكسەك تىلەكلەر بىزگە بولغاچ يار - يۆلەك،
ھەر قەدەمنى شان-شەرەپنىڭ گۈللىرى قات ئۇردى.
باشلىدۇق قېدىرىشنى بىز تەكلىماكانىنىڭ چېتىدىن،
قالدۇرۇپ يېپيېڭى ئىزنا قامۇس - كىتابىنىڭ بېتىدىن.
ئىزدىنىپ ھەربىر سۇئال ئۈستىدە قىلدۇق بىز چېلىش،
ئەھدىمىز ئالماق نېفىت تەكلىماكانىنىڭ تەكتىدىن.
جايىغا تەگكەندە تىغ، گاز ئەجدىھارى تولغىنىپ
چىقتى، باش ئەگدى شۇئان، تىلى قىزاردى ئۈيىلىپ.
خەزىنىنى ئاچتۇق شىجائەت ئاچقۇچىدا ئاخىرى،
ئېتىلىپ چىقتى نېفىت دەريا ئەزىمدەك ئۈلغىيىپ.
تەنتەنە قىلدى خۇشال، چىقتى نېفىت دەپ قاغىلىق،
بىزدىكى ئەسلا تۈگىمەس، دېدى خوتەن، چاقىلىق.
ياڭرىدى ئالقىش كۈيى، تۈنجى قەدەمگە ئاپىرىن،
بەزمىدە مەغرۇر كۈئېنلۇن قىلدى ئادىل ساقىيلىق.
قەد كۆتۈردى كۆك تىرەپ غەربىي جەنۇبتا ۋىشكىلار،
ھەسسىلەپ ئالدى نېفىت تەكلىماكاندىن ئىشچىلار.
تۆتلىشىش بىناسىغا ئاقتى نېفىت دولقۇنلىرى،
شادىيانە ياڭرىدى، چېچىلدى ياقۇت ئۈنچىلەر.
گەر ھايات بولسا قۇۋانغاي ئىدى پەرھاد ئۇشبۇ دەم،
شادلىنىپ كۈلگەي ئىدى شېرىن ۋە زوھرا ھەم سەنەم.
بىزدىكى ھېكمەت بىلەن ئەجداد مۇرادى بولدى ھەل،
يوقىلىپ پۈتكەچ كۆڭۈلدىن قايغۇ - ھەسرەت، دەردۇ - غەم.
ئۈيقۇدىن ئويغاندى چۆل، كۈلدى ئەنە زەر تون كىيىپ،

بەك قىزىپ كەتتى بۇ بەزمە، سايرىدى بۇلبۇل كېلىپ.
گۈل تۇتۇپ چۈشتى ئۇسۇلغا يىپەكچى قىز — ئاي يۈز لەۋەن.
بولدى جور قەشقەر يىگىتى ناغرايۇ - سوناي چېلىپ،
شاد - خۇراملىق ئىلكىدە كۆرگىن ماتورنى، بۇرغىنى،
بەزمىدە جاراڭلىدى سازە تاشتى شادلىق دولقۇنى.
ئەل ئۈچۈن شانۇ - شەرەپ ئەمەسمۇ مەردلەرنىڭ تېرى
ئەجرىدىن ئاققان نېفىت دەرياسىنىڭ لىق تۇرغىنى؟!
غورۇرىمىز زاۋۇتنى مەقسەت ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزۇش،
تۆتلىشىشنى تېزلىتىش، نېفىتنى مول - مول ئاققۇزۇش.
يەنىمۇ زور بەزمە - مەشرەپ قىزىغاي ئەتە تېخى،
ئەھدىمىز تۇلپارنى ئەمدى يەنىمۇ تېز چاپتۇرۇش!

نەيىم يۈسۈپ

# سەپەر نەزمىلىرى

## خۇاڭپۇجياڭ بويىدا

تۇرىمەن خۇاڭپۇجياڭ بويىدا تەنها،
خىيالەن ئېقىنى بىلەن مۇڭدىشىپ.
ئاقىدۇ ئۆركەشلەپ بۇ ئەزىم دەريا
دولقۇنلار بىرىنى بىرى قوغلىشىپ.

تۈش - تۈشتىن كېلىدۇ گۈدۈك ئاۋازى،
پاراخوتلار ئۈستىدە رەڭمۇ رەڭ بايراق،
ياڭرايدۇ ھەريادا ناخشا ساداسى،
بۇ يەردە ئىش - ھايات شۇ قەدەر قايناق.

توساتتىن بىر بوۋاي كەلدى قېشىمغا
(پەمىچە يەتمىشتىن ھالقىغان يېشى،)
سىنچىلاپ بىر قاراپ ئۈستىبېشىمغا،
«شىنجاڭلىق ئۇيغۇر» دەپ كۈلدى ئۇ كىشى.

ئۆز بولۇپ كەتتۇق بىز ئۆتمەستىن ھايال
شاڭخەيلىك پېشقەدەم بۇ ئىشچى بىلەن.

ياشاپتۇ ئۆمرىدە تەر تۆكۈپ ھالال،
بار ئىكەن داڭقىمۇ تۆھپىكار دېگەن.

ئاخىرقى ئۆمرىنى، دېدى ئۇ كۈلۈپ،
پاراۋان، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكتىمەن.
جەڭگىۋار تارىخنىڭ ئەنئەنىسىنى
نەۋرە ھەم چەۋرەمگە يەتكۈزمەكتىمەن.

بىلىسەن، شەھىرىمىز جۇڭخۇا ئېلىنىڭ
مەڭگۈلۈك قۇياشى تۇغۇلغان شەھەر.
ھەر غېرىچ زېمىنى جەڭچى - ئىشچىنىڭ
ساپ قىزىل قېنىدا يۇيۇلغان شەھەر.

لېكىن زە، — دېدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن،—
خۇاڭپۇجياڭ خېلىلا كەتتى بۇلغىنىپ.
بويىغا ھەركەلسەم كېتىمەن گويا
قوقاسقا چۈشكەن قىل كەبى تولغىنىپ....

قايتىدىن دەرياغا تاشلىدىم نەزەر،
دەرۋەقە، سۇيۈزى ئەخلەت-چاۋا، لاي...
دەريامۇ كۆرۈندى غەمكىن شۇ قەدەر،
سورىدىم: سۈزۈلۈپ كېتەرمۇ بوۋاي؟!

خاتىرجەم بول، دېدى بېرىپ ئۇ جاۋاب،—
بارىدۇ بەرىبىر ئىشلار تۈزۈلۈپ؛
پارتىيە بايرىقى تۇرسىلا چاقناپ،
خواڭپۇجياڭ ئاقىدۇ ئاخىر سۈزۈلۈپ...

1984 - يىلى 1- ماي، شاڭخەي.

## جەنۇبى كۆل①بويىدىن ئۆتكەندە...

خواڭپۇ جياڭنىڭ بويىدىن يولغا چىقتۇق ئاخشىمى،
پويىزچاپارتاراقلاپكۆزلەپگۈزەل سەنمىننى.②
كۆكتەسانسىز يۇلتۇزلار، يەردەسانسىز چىراغلار
تامام نۇرغا بۆلەنگەن گويا پۈتكۈل زېمىننى.

جەنۇبىي كۆل بويىغاكەلدۇق ھەش-پەش دېگىچە،
دېرىزىدىن باش سوزۇپ باقتىم كۆلنىڭ يۈزىگە.
سۇيۈزىدە جىمىرلار يۇلتۇز، چىراغ شولىسى
سانسىز ئالتۇن تەڭگىلەر تۆكۈلگەندەك ئۈستىگە.

تۇرار قاتار تىزىلىپ يول بويىدا شەمشادلار،
كۆلنى قوغداپ تۇرغۇچى جەڭچىلەردەك ھەيۋەتلىك.
قانماي ئانا مېھرىگە كېتىۋاتقان سەبىيدەك،
كايىدىم مەن پويىزغا: سەن نېمانچە سۈرئەتلىك؟

كۆرىۋالاي ئۇزاقراق قانغىچە مەن بۇ كۆلنى،
ئالدىراڭغۇ ھەي پويىز، بىردەم توختاپ ماڭساڭچۇ.
ئاڭلىتالماي كېپىمنى بويىنى قاتتىق پويىزغا،
دېدىم: بولماي يولۇچى شەمشاد بولۇپ قالساڭچۇ...

1984 - يىل، سەنمىن.

## سالام سەنمىن

سالام سەنمىن، تەڭرىتاغنىڭ بويىدىن
كەلدىم خۇشال راۋابىمنى چالغىلى.
ئابىھايات بىلىپ شياشى سۈيىمنى،③
ئىچىپ راسا قېنىپ ھوزۇر ئالغىلى.

جۇپ قاناتنى كېرىپ ئۇچقان شۇڭقار سەن،
كەلدىم ئۇچۇش ئۇچۇن تەلىم ئالغىلى.

سەن كۆزلىگەن ئاشۇ نۇرلۇق نىشانغا
پېشىڭ ئۇشلاپ سەن بىلەن تەڭ بارغىلى.

نەقەدەر ئۇز كاككۇك گۈلى سەندىكى④
كەلدىم سەيلە قىلىپ كۆڭۈل ئاچقىلى.
ئۇرۇقىدىن ئالغاچ كېتىپ يۇرتۇمنىڭ
كەڭ پايانسىز ئېتىزىغا چاچقىلى.

1984 - يىل، ئىيۇن، سەنمىن.

① جەنۇبىي كۆل (نەنخۇ) جېجياڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جياشىڭ دېگەن جايدىكى بىر كۆل. ج ك پ نىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى 1921 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شاڭخەيدە ئېچىلىپ، 8 - كۈنىگە بارغاندا جاھانگىرلارنىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، مۇشۇ كۆلدىكى بىر كېمىنىڭ ئۈستىدە داۋاملاشتۇرۇلغان. ② سەنمىن— فۇجيەن ئۆلكىسىگە قاراشلىق شەھەر، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم مەدەنىيەتلىك شەھەر بولۇپ باھالانغان.

③ شياشى — سەنمىن شەھىرىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا.

④ كاككۇك گۈلى — سەنمىن شەھىرىنىڭ شەھەر گۈلى، پۈتۈن سەنمىن شەھىرىنىڭ ھەممە يېرىدە كاككۇك گۈلى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ

## ھەجران يېشى

گۇلاگىيۇ① گە ئولتۇرۇپ، بىز سەيلىگە ماڭغاندا
كۆكتە قۇياش نۇر تۆكۈپ تۇرار ئىدى پارقىراپ.
ئالدىمىزدا بىپايان دېڭىز سۈيى دولقۇنلاپ،
چاقنىتاتتى كۆزلەرنى بۇژغۇنلىرى يالتىراپ.

شۇنچە ئۇچقۇر پاراخوت دولقۇن يېرىپ بىرھازا،
كۆڭۈللەرنى غەش قىلىپ قالدى بىردىن ئاستىلاپ.

ئۈچ ئارالنى② كۆرسىتىپ دېدى بىراۋ ھەسرەتتە؛
بىزنىڭ زېمىن، لېكىن بىز بارالمايمىز يېقىنلاپ...

بىز سەيلىدىن قايتقاندا ھاۋا بىردىن ئۆزگىرىپ،
بۇلۇت قاپلاپ ئاسماننى ياغدى يامغۇر شارقىراپ.
ئۈچ ئارالمۇ تولغىنىپ قالدى تۇمان ئىچىدە،
كۆزلىرىمدىن تۆكۈلدى ھەجران يېشى تامچىلاپ.
1984 - يىل ئىيۇن، شيامىن.

## پويىزدا

پەسلى ئالتۇن كۈز ئېيى، يولغا چىقتىم تاڭ بىلەن،
مىنگەن ئېتىم، يوللىرىم پۈتكەن تامام گاڭ بىلەن،
چاپتى ئېتىم تاراسلاپ، كۆزلەپ خۇاڭخې بويىنى،
قالدى يۇرتۇم ئۇزىتىپ، خوش سىلكىتىپ قولىنى.
ئالدى بىلىم يۇرتىغا ئېلىپ ماڭدىم قىزىمنى،
(ئۇ يۈرىكىم پارىسى ھەم باسقۇچى ئىزىمنى).
قىزىم نۇرلۇق كۆز بىلەن يىراقلارغا قارايدۇ،
قارا سۇمبۇل چېچىنى سەلكىن شامال تارايدۇ.
شۇ تاپ خۇشلۇق قىزىمنىڭ ئىچ-ئىچىگە پاتمايدۇ،
تۇرۇپ دەيدۇ: بۇ پويىز نەچۈن چاپسان ماڭمايدۇ؟
قىزىم مەغرۇر، مەن خۇشال، ئاغزىم يەتكەن قولاققا،
بىردىن خىيال كەپتىرىم ئۇچتى ئۆتمۈش-ئۇزاققا.
بوۋىلىرىم جاھاندىن ئۆتكەنىكەن ساۋاتسىز،
خۇددى بۈركۈت قامىتى، لېكىن نادان-قاناتسىز.
شۇ نادانلىق، قاششاقلىق ئۆتكەچ بوۋام جىنىدىن،
ئوقۇتماقلىق دادامنى ئورۇن ئاپتۇ ئېڭىدىن.
يالىڭاياق پىيادە، كېيىپ ماتا چاپاننى،
تېپىپتۇ بىر يېزىدىن چالا ساۋات موللامنى.
گۆشى سىزنىڭ، سۆڭىكى مېنىڭ، دېگەن گەپ بىلەن،
تۇتقۇزۇپتۇ دادامنى تالاي سېلىق شەرت بىلەن.
سۇ توشۇپتۇ ئەپكەشتە بىر يىل دادام موللىغا،
ئېتىز- ئېرىق ئىشىمۇ يۈكلىنىپتۇ بويىنىغا.
قىلدىن قىيىق كەتسىلا دەررە بىلەن سالغىدەك،
پۈرسەت-ۋاقىت نەدىكەن تۈزۈك بىلىم ئالغىدەك؟!
«ئوقۇپ» ئۈچ يىل ئاشالماي داۋان ئەمەس قىرنىمۇ،
ئۆتكەنىكەن بۆلەلمەي ئوتتۇرىدىن قىلنىمۇ.
ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ زاۋال تېپىپ جاھالەت،
يۇرتىمىزدا كەڭ ئېتەك يايدى نۇرلۇق ئادالەت.
پارچە ئاپەت-ئىللەتنىڭ يىلتىزلىرى چېپىلدى،
ئىلىم-ئېرپان يوللىرى كەڭرى-داغدام ئېچىلدى.
دادام بىر كۈن ئېشەكلىك مېنى ئېلىپ ئازقىنا،
ئېلىپ ماڭدى تۇغۇشلۇق مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا.
تۆت يىل ئۆتۈپ ھارۋىلىق ماڭغىنىمدا شەھەرگە،
دادام: ماڭدىڭ، -دېگەنتى، -خاسىيەتلىك سەپەرگە.
قالغان كۈلۈپ رەھمەتلىك، مەن ماڭغاندا يېزىدىن،
ھاياجىنى باسالماي ياش ئاققۇزۇپ كۆزىدىن.
خىياللىرىم ئۈزۈلۈپ، كەلگىنىمدە ئۆزۈمگە،
قاپتۇ قىزىم تىكىلىپ ياش ئەگەنگەن كۆزۈمگە.
ئەسلىمەمنى قىزىمغا سۆزلەپ بېرىپ شۇ تاپتا،
دېدىم: ساڭا كەڭ ئىمكان بۈگۈنكى ھۆر ھاياتتا.
پويىز بىر خىل ئۇچماقتا تاغ باغرىدا گۈپۈرلەپ،
دېرىزىدىن كىرمەكتە گۈللەر ھىدى گۈپۈلدەپ.
1989 - يىل سېنتەبىر، لەنجۇ.

---

① گۇلاگىيۇ - شۇ نامدىكى دېڭىز - ئوكيان پاراخوتى. گۇلاگىيۇ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى شيامىن شەھىرىدىكى بىر ئارالنىڭ نامى.

② دادەن، ئېردەن، شياۋدەن ئاراللىرى.

## تەڭكەش ناخشىلار

تەڭكەش قىلدىم زوقلۇم بىلەن راۋابىمنى،
ناخشا ئېيتسا چاڭئەن قىزى بەرباپ بىلەن.
بىزنى ئايرىپ تۇرغان ئېدىر، تاغ، چۆللەرمۇ
ئايرىيالماس ناخشىمىزنى ھەرباپ بىلەن.

ئەجەبلەنمەڭ بىزنىڭ تەڭكەش ناخشىلارغا،
ناخشىمىزنى تەڭكەش قىلىپ كەتكەن سۇجۇپ.①
ناخشا ئەمەس ھەتتا بىزنىڭ يۈرەكلەرمۇ
تا ئەزەلدىن بىر رىتىمدا كەلگەن سوقۇپ.

## بېيجىڭ ئىلھامى

ئولتۇرۇپ كۆمۈش قانات شۇڭقارغا مەن،
تاڭ سەھەر قىلدىم سەپەر بېيجىڭ تامان.
پاياندار بولدى بۇلۇت يوللىرىمغا،
ئۇزىتىپ قالدى پەستە بۇغدا ئانام.

ئۆتكەنىكەن بىر زامانلار ئەجدادلىرىم،
يالىڭاياق دەسسەپ تىكەن چۆل- سەھرادا.
شۇمىنۇت ئۆزۈم ئەمەس مەن گوياكى،
پەرىشتىمەن ئۇچۇۋاتقان ئەرشىئالادا.

## بېيجىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ

تارقىلىپتۇ بېيجىڭلىقلار ئىچىدە،
بېيجىڭ ئۆسۈپ كەتتى، دېگەن بىر پاراڭ.
بۇ نېمە گەپ؟ دېسەڭ، ئۇلار دەيدىكەن:
بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرۇپ بىر قاراڭ.
قاراپ باقسام سانسىز يېڭى بىنالار
ئېگىزلىكتە كۆك قەھرىگە يېتىپتۇ.
ئاسماندىكى لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنى
پوتا قىلىپ بەللىرىگە چىگىپتۇ.
تونۇگونكى ئېتىز، ئېدىر، توزلەردە
تىزىلىپتۇ ئاسمان پەلەك تۇرخۇنلار.
زاۋۇتلاردىن تۇرلۇك - تۇمەن مەھسۇلات
ئاقىدىكەن قىتئەلەرگە ئۇدۇللا.
قاپتۇ پەستە دۆڭلەر ئەمەس تاغلارمۇ
سېلىشتۇرسام خاماندىكى چەشلەرگە.
خالاس بوپتۇ غەم-غۇسسىدىن دېھقانلار،
يېتىمدىكەن شاد كۈلكىسى ئەرشلەرگە.

ئاقىدىكەن ھەر قىتئەدىن بېيجىڭغا
دەريا بولۇپ كېچە - كۈندۈز مېھمانلار.
ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ياناركەن
ئېلىپ بۇندىن بىلىم، ھۇزۇر، ئىلھاملار.
تيەنئەنمېنگە كەلسەم تاۋاپ قىلغىلى
جۇش ئۇرۇپتۇ بۇندا ئادەم دولقۇنى.
جۇڭنەنخەيگە مىليون يۈرەك تەكتىدىن
ئېتىلاركەن چىن - مۇھەببەت ۋولقىنى.
كىرسەم قايسى كوچا، رەستە، ھويلىغا
يۈكسىلىشنىڭ مارشى جۇشقۇن ياڭراپتۇ.
سالسام نەزەر بېيجىڭلىقلار چېھرىگە،
سائادەتنىڭ نۇرى راستلا يامراپتۇ.
قايىل بولۇپ ئۆز-ئۆزۈمگە دېدىم مەن:
بېيجىڭ راستلا روناق تېپىپ ئۆسۈپتۇ.
داۋراڭ سالماي، بوي تالاشماي يول ئېچىپ،
ئىشنى پۇختا ئىشلەپ زەپەر قۇچۇپتۇ..

## سەددىچىن ئۈستىدە

تۇرىمەن سەددىچىن ئۈستىدە مەغرۇر،
ئۇ، تاغقا ياماشقان گويا ئەجدىھا.
مەۋج ئۇرار قەلبىمدە ئالەمچە غۇرۇر،
مەن گويا ئەجدىھا مىنگەن ئەۋلىيا.

سەددىچىن—مۆجىزە، مۇقەددەس سېپىل
ئۇ ۋەتەن بېلىگە باغلانغان كەمەر.
ئەجدادلار قۇربىغا يېتەرلىك كېپىل
ھەم ۋەتەن كۆكسىدە چاقنىغان گۆھەر.

① سۇجۇپ - شىمالىي جۇ ۋە سۇي سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن كوچالىق مەشھۇر مۇزىكانت.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# سۆيگۈ ناخشىلىرى

## ئۇخلايدۇ تەۋرەپمۇ قويماستىن ئالەم

ئەلەملىك ئۆكسۈشلەر، تاتلىق كۈلۈشلەر،
ساماندەك سارغىيىپ تاتارغان يۈزلەر.
كىمگىدۇ بىر تاتلىق تەبەسسۇم ئەيلەپ،
كىمگىدۇ نەپرەتتە تىكىلگەن كۆزلەر.

ئاھ، ئاللا كىملەرنىڭ ئۈستىدە غەيۋەت،
ھەر ئېغىز سۆزلەردىن تامىدۇ زەرداپ.
قايسىسى ھەقىقەت، قايسىسى ناھەق
ئۇنى ھېچ بىلگىلى بولمايدۇ شۇ تاپ.

بىرلىرى ئىشلىمەي ياشنايدۇ گۈلدەك
بىرلىرى ئاچ - خار ياتار ھالسىراپ.
بىرلىرى ئاشىق بوپ يۈرسە چۆل كېزىپ،
بىرلىرى يارىنى چەيلەيدۇ خارلاپ.

بۇندا بار ئاشۇنداق كومېدىيە ھەم،
بار يەنە خىلمۇ خىل تراگېدىيە.
بۇندا بار يۈرەكنى لەرزىگە سالغان
يالقۇنلۇق قەسىدە، مۇڭلۇق مەرسىيە.

يەر شارى ئاشۇنداق ھايات قىسمىسى،
ھەممىدىن كۈچلۈكى يەنىلا ئادەم.
ۋە لېكىن ئۇخلايدۇ تەۋرەپمۇ قويماي
ھەممىنى يەلكىدە كۆتۈرۈپ ئالەم.

### سۆيگۈ

#### 1

ئېمىشقىمۇ يېنىڭدىن ئۆتكەندىمەن ئايلىنىپ،
غەمسىز ئىدىم ئەسلىدە، بالا تەردىم بېشىمغا.
قارىماسلىك بوپتىكەن سەنمۇ ماڭا قايرىلىپ
بۇ ئەلەملەر، بۇ كۆيۈش ماس كەلمىدى يېشىمغا.

كۆيمىگەندە كىم بىلگەن ئازابىنى كۆيۈشنىڭ،
شۇندىن بېرى ئۇنتۇدۇم كۈلۈشنىمۇ تامامەن؛
كىملەرچېقىپ يۈرەركىن ھېغىزىنى سۆيۈشنىڭ،
ھەق سۆزلىگىن ئەي تەڭرى، ھەق جاۋاب بەر ۋىجدانەن.

ئىمان سالغان دىللارغا نېچۈن ئىنساپ سالمىدىڭ،
مەندىن ئاياپ بەختىنى كىملەرگىمۇ بەرگەنسەن؟
قان - ياش تۆكۈپ ئاھ ئۇردۇم، پەرۋايىڭغا ئالمىدىڭ،
بۇ ئالەمگە قايغۇنى نېمانچە كۆپ تەرگەنسەن.

2

كۆيدۈرگىنى راست مېنى، يۈرەك كۈلگە ئايلاندى،
چىرايلىرىم كۆرۈمسىز سامان بولدى - سارغايدى.
كۆزلىرىمدىن نۇر كۆچتى، ئورنى يەتتى قاراقنىڭ،
جىمى چىراغتىن نۇر تىلەپ كۆڭۈل سۇندى، خارلاندى.

غۇرۇرۇمنى لەت قىلىپ ئايىغىڭدا تىزلاندىم،
يېلىنمىدىم تەڭرىگە، تەڭرى سالغان بۇ دەردنى.
نەزەرىڭدە ئەرزىمەس چۈمۈلىگە ئايلاندىم،
ئۈمىدلىرىم يەنىلا بەرباد قىلدى لەھەتنى.

كىم سالدىكى دىلىڭغا، بىر سۆز كېلىپ تىلىڭغا،
ئوتى يوققا مەيلىم يوق دەپسەن ئەمدى ئاڭلىسام.
رەنجىمىگىن مېنىڭدىن سەن ئاداشتىڭ - ئاداشتىمك
كۆڭۈل ئىچىمدە چوغ بارنى ئۇنتۇپ قاپسەن پەرىشتەم.

3

كۆرۈنمىسەڭ كۆرۈنمە كۆزلىرىمگە، ئەي دىلبەر،
يوشۇرمايمەن سىرىمنى، كۆڭلۈم سەندىن سوۋۇدى.
تەلمۈرمىگىن يولۇمغا، تەلمۈرۈشىڭ بىھاجەت،
ساختا سۆيگۈڭ يولۇمنى توسۇق بولۇپ تورىدى.

ئۇتماق ئۈچۈن كۆڭلۈمنى تالاي بەدەل تۆلىدىم،
ئولتۇرغۇزۇپ تۆرۈمگە كۆرپە - ياستۇق يۆلىدىم.
سۆيۈش ئەمەس پەقەتلا ھەققى ئۈچۈن كۈلكەڭنىڭ،
ئېتىزىڭدا نەچچە كۈن قوشلىرىڭنى سۆرىدىم.

قوش سۆرەشقۇ يىگىتلىك، قىلچە مىننەت قىلمايدۇ،
بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يۈرىكىمنى سۆكمەيمەن.
سەن ئالۋاستى ئىكەنسەن، ئالۋاستىغا بېرىلدىڭ،
ئادەملىكىم مۆجىزە، سەنسىزمۇ مەن كۆكلەيمەن.

4

سۆيەي دېدىم مەن سېنى، سۆيەلمىدىم، يىغلايمەن،
ئۆلچىسى يوق ئۇۋۇچىغا ئوخشاپ قالدى سىياقىم.

پەشلىرىڭگە ئېسىلىپ يۈرىكىمنى تىلغايمەن،
نىگاھىڭدىن مۇز ياغدى، سولدى بەرگى قىياقىم.

سۆيۈش بەخت ۋە لېكىن ئۆزگە لەۋدە سۆيۈلدۈم،
بۇ سۆيۈلۈش قەلبىمنى يىملىتمىدى، سوۋۇتتى.
تېۋىنىمدىم تەڭرىگە، سۆزلىرىمنىڭ ۋەزنى بار،
تېۋىنغىنىم بىر ساڭا يوللىرىمنى ئاۋۇتتى.

دېرىزەڭنى نىشانلاپ كوندە نەچچە ئايلاندىم،
مېنى سۆيگەن بىچارەم بۇ قىلمىشتىن يىغلايدۇ.
مەن يىغلايمەن سەن ئۈچۈن، قانداق تەتۈر بۇ پەلەك،
بىلمىگەنلەر غەزەپتە دۇشكەلەيدۇ، تىللايدۇ.

## باھار شادلىقى

كەلدى كۆكلەم، كەلدى ياز، ھەر قەدىمى جىلۋىدار،
يۇرتۇم توزدەك ياساندى، بۇ مۆجىزە كارامەت.
چەكتى باھار شاملى ھەر دېرىزە ـ ئىشىكنى،
ئامانمۇسەن بۇرادەر، بولغىن مەڭگۈ سالامەت.

قۇياش ئانا مېھرىبان ئانىلىقنى يەتكۈزدى،
ئوت تەپتىدىن ئوت كەلدى، يۈرەكلەردە مۇھەببەت.
زىمىستانغا قەھرى ئوق، دەل جايىغا تەگكۈزدى،
كۆلدى يۇمران مايسىلار، كەلدى قوشلاپ بۇ ئامەت.

نۇر ۋەسلىدە تاڭ پەيتى نۇرلار بىلەن سۆيۈشتۇق،
نۇر مۇقەددەس، نۇر ئۇلۇغ، مايسا ئەۋلاد، تۇپراق ئەل.
باھار تۇتقان شارابتىن دىل سۆيۈندى، كۆلۈشتۇق،
مەڭگۈ بولسۇن كۆلۈشلەر تۆلىسەكمۇ بىز بەدەل.

بۇ مۆجىزە، بۇئۇتۇق ھەممىمىزنى خۇش قىلدى،
چاناقلارغا، كۆزلەرگە كۆلكە تولدى، ياش تولدى،
ماي بۇلاقتا ئاجايىپ يېڭى مەشرەپ باشلىدۇق،
بۇ سورۇنغا كۆر، مانا سېلىم① بوۋاي باش بولدى.

① سېلىم بوۋاي قارامايلىقلارنىڭ تۇنجى ئەۋلاد نېفىت ئىشچىسى.

## ماۋزۇسىز

سەبىي پېتى كەتتى سەبىيلىك،
ياشلىقنىمۇ قويدۇق تۈگىتىپ.
بار تېخىچە بەگباشلىقىمىز،
باللارغىمۇ قويدۇق ئۆگىتىپ.

## لەۋلىرىڭگە يازدىم بىر شېئىر

ئېسىمدىن چىقمايدۇ، چىقمايدۇ ئەسلا،
ئىزغىرىن شامالىلىق ئاشۇ تۈن كېچە.
ئېسىمدىن چىقمايدۇ يېنىمىزدىلا
ئېچىلغان بىرجۈپ گۈل تا ھازىرغىچە.

مەن شۇچاغ لېۋىڭگە يازدىم بىر شېئىر،
ۋۇجۇدۇڭ تىترىدى شۇ قەدەر دەھشەت.
خىيالچان كۆزلىرىڭ يۇمۇلدى مەھكەم،
بۇ بەخت، بۇ بەلكى چەكسىز مۇھەببەت.

ئايرىلدۇق ۋاقتىنچە، يۈز ئاچار ھىجران،
مەن ساڭا خوش دېدىم، خوش دېمىدىڭ سەن.
كۆزلىرىم كەينىڭدە قالدى پىلدىرلاپ،
كۆڭۈلدىم تەشۋىشلەر ئىچىگە تىرەن.

ئايرىلىش نەقەدەر ئازاب ۋە ئېغىر،
كۆزۈمدە، كۆزۈڭدە يالتىرايدۇ ياش.
خوش دېمەي كەتكىنىڭ ھار كەلدى بەكمۇ،
كۆڭلۈم ئالىمىدە تۇتۇلدى قۇياش.

چۈمكىدى ئەقلىمنى خىياللار تامام،
ئويلىسام بىھۇدە چېكىپتىمەن ئاھ.
خوش دېمەك ئايرىلىش، ئازاب دېمەككەن
چۈشەندىم قەلبىڭنى ئەي ئۇلۇغ ئىلاھ.

## تاغ لىرىكىلىرى

1

بۈركۈت قونغان چوققىلارغا ياماشتىم،
ياماشقىنىم يىگىتلىكنىڭ بەلگىسى.
قاردىغايلاردىن جەسۇرلۇقنى تالاشتىم،
يۈزلىرىمگە سۆيدى تاغنىڭ ئەركىسى.

توزغاقلارنى ئەگىپ ئۆتتۈم توزۇتماي،
كاككۈك گۈلى ئەيلىدى خۇش تەبەسسۇم.
چوققىلارنى قۇچتى مۇڭلۇق ھېسلىرىم
يايلاقلاردا ئەيلەپ خۇشال تەرەننۇم.

پەستە قالدى بۈركۈتلەرنىڭ پەرۋازى،
بۇلۇتلارنى تۇتۇپ ئالدىم قامالاپ.
ئانا تاغلار ئانىلىقنى يەتكۈزدىڭ،
لەۋلىرىمگە سۆيۈپ مەھكەم باغاشلاپ.

2

ئالدىمدا مانان باسقان چوققىلىرىڭ،
قارايمەن بۇ قاراشتا مۇھەببەت بار.
ئانا دەپ توۋلىمىدىم بار ئاۋازدا،
يادلايدۇ لېكىن ئۇنى يۈرەك تەكرار.

نېمىدەپ كۆرۈشەرمەن سېنىڭ بىلەن
قانداقمۇ ئىزھار قىلاي شادلىقىمنى.
قۇچاقلاي دېسەم يەتمەي قالدى غۇلاچ،
ئەمدى مەن قانداق باساي ئاچچىقىمنى.

چىشلىدىم لەۋلىرىمنى، گۈزەل تاغلار،
ئۆزگىچە چارە ـ ئامال تاپالمىدىم.
قۇدرىتىم يەتتى ئاران شۇنىڭغىلا،
شېئىرىمدا سېنى مەھكەم باغاشلىدىم.

3

بىپايان كەڭرى يايلاق، يېشىل دېڭىز،
ئىشقىمنى ئۇتۇپ ئالدىڭ مېھرىڭ بىلەن.
ئاق ئۆيلەر، ئاق قۇ كەبى يايدى قانات،
پەر قېقىپ ئۇچتى شۇتاپ ئىلھام دېگەن.

ئاق ئۆيدە ئاق چاي ئىچتىم سارماي بىلەن،
ئاڭلىغاچ ئۆلەڭىمنى كېلىنچەكنىڭ.
چالغاندا دومبۇرىنى خۇش خۇي يىگىت،
سازلاندى زىل تارىسى بۇ يۈرەكنىڭ.

تولۇن ئاي چاڭغىراقتىن تۆكتى شولا،
بۇ كېچە، ئاق ئۆي ئىچرە قونۇپ قالدىم.
ئاق ئۆيدەك ئاپئاق كۆڭۈل سايىبخانلار
قەلبىنىڭ پاكلىقىنى بىلىۋالدىم.

ئوسمان قاۋۇل

## غەزەللەر

(ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ «باھار نەزمىلىرى» ناملىق غەزەللىرىگە)

1

«باھار ئەيىامى كەلدى، بولدى زەپ بىر خۇش ھاۋا پەيدا»،
تەبىئەت جانلاندى ھەم قۇشلار لېۋىدە شوخ ناۋا پەيدا.
ئىپار بۇي تارتىپ ھەريان، كۈلۈپ نازلىق گۈلى رەيھان،
ئايان قىلدى جامالىدىن كۆڭۈللەرگە داۋا پەيدا.
سۆيۈندى بارچە دىل بۇنداق ئاجايىپ پەيزى پۇرسەتتىن،
گويا ئالدىدا بولغاندەك سۈزۈك، كەڭرى ساما پەيدا.
بۆلەندى سۆيگۈ ئەۋجىگە جىمى جانلىق كۈلۈپ قەھ - قەھ،
نېسىپ بولغان كەبى ئاشىق ئۈچۈن بىر دىلرەبا پەيدا.
چېچەكلەردىن زېمىن ئاتلىق جانانىڭ بويىنى بېزە،
شۇ چاغ ئەركىن نەپەس ئالماق ئۈچۈن خۇش بۇي ساباھ پەيدا.
قارا، جۇشقۇن تىلەك بىرلە قەلەم گۈلدەستىلەر تىزدى،
قوبۇل ئەيلە، بۈگۈن ئۇسمان دىلىدا مەرھابا پەيدا.

2

«باھار كەلمىش كۆڭۈلدە بولدى خۇشلۇق دەممۇدەم پەيدا»،
ۋاپا باغىدا بولغاندەك ئاجايىپ ئۈز سەنەم پەيدا.
ياشاردى باغى - بوستانلار، چېچەكلەر تاج ئاڭا بۇدەم،
چېچەكتىن تون كىيىپ ئالەم گويا بولدى گىلەم پەيدا.
ھەسەلچى ھەرىدەك گۈلزار دالاغا ئىشتىياق باغلاپ،
كۆڭۈل جامىغا لىق شەربەت تولۇپ ھەم بولدى تەم پەيدا.
ناۋا ئەيلەپ كۈلۈپ كاككۇك سۆيۈندۈردى جىمى جاننى،
ئاڭا ھەمدەم سېھىرلىك كۈي بىلەن مۇڭلۇق ئەجەم پەيدا.

يەنە رەيھان بىلەن سۇمبۇل ئۇسسۇلغا چۈشتى بەس - بەستە،
ئۇنى تەرىپلىمەككە تىل يېتىشمەي بولدى غەم پەيدا.
تېخى بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ قوشۇلدى، باغ ھۆسنى قۇچتى،
ھەقىقەت قىلدى ئۇزغۇننىڭ دىلىدا كۆپ ئەلەم پەيدا؛
قۇياش كۆكتىن كۈلۈپ ئەلۋەك نۇرىن تۆككەن بۇ پۇرسەتتە،
نە بولغاي بولسا ئۇسمانىنىڭ يېنىدا قاشى قەلەم پەيدا.

## شادكۈنلەر

كەل، مېنى سۆيۈپ قوي ئاداققى بىررەت،
مەڭگۈلۈك تەسەللى تاپسۇن يۈرىكىم.
ئۇنچىمدەك ياش تۆكۈپ چەكمىگىن ھەسرەت،
قۇت بىزگە قوينىنى ئاچسۇن دىلبىرىم.

پاك سۆيگۈ ھەممىگە بولمايدۇ نېسىپ،
لەۋلىرىڭ ھېچ لەۋگە ئوخشىماس بەلكىم.
يۈرگىن سەن بويىنۇڭغا تىل تۇمار ئېسىپ،
قۇياشمۇ پاكلىقسىز چاقنىماس بەلكىم.

كۆزۈڭگە چۈكۈپتۇ ئاچچىق نادامەت،
بىلمەن شاد كۈلكە لەۋلىرىڭگە يات.
بۇ ھايات يەلتىزى سۆيگۈ - ساداقەت،
سۆيگۈڭگە ئاسىيلىق مەن ئۈچۈن ئۇيات.

كەل، مېنى سۆيۈپ قوي ئاداققى بىررەت،
بىز ئۈچۈن بۇ ئەبەد قېرىماس پۇرسەت.
قۇرۇسۇن بىز ھەققە قىلىنغان غەيۋەت،
شاد كۈنلەر بىز ئۈچۈن مۇقەددەس قىسمەت.

ئىبراھىم نىياز

# ئانامدەك گۈزەلسەن ئانا تەبىئەت

## ئانا يۇرت يۈرەكتە مەڭگۈلۈك ئانا

ھەر يۈرەكتە كۆيىدۇ ئانا يۇرتقا بىر گۈلخان
ھەر يۈرەكنىڭ ناخشىسى بىر - بىرىدىن يېقىملىق.
ئادەملەرنىڭ يۈرىكى خىسلەتلىك بوپ يارالغان،
ئانا يۇرتنىڭ تامغىسى قات - قېتىمغا بېسىقلىق.
ئانا يۇرتتىن ئايرىلساڭ ھىجران ئوتى چىرمايدۇ،
كۆز ئالدىڭدىن كەتمەيدۇ بولساڭمۇ گەر يىراقتا.
يۇرتنىڭ ئوتى باشقىچە، يالقۇنلىرى ئۆچمەيدۇ،
مەڭگۈ يۈرەك-باغرىڭنى قالدۇرىدۇ پىراقتا.
گۈزەل يۇرتۇم ئوخشايدۇ مېھرى ئاتەش ئانىغا،
يېتەلمەيدۇ جەننەتمۇ ئانا يۇرتقا ھېچقاچان.
ئانا يۇرتنىڭ خىسلىتى باشچى بولۇپ ئارمانغا،

ھاياتلىققا يېتەكلەپ، يېڭىلىنىشكە تاۋلىغان.
قاداق باسقان قوللاردىن ئاپئاق ناننى يېگەنمەن
كەتمەنلەرنى ئۆپراتقان ئاتىلاردىن سۆيۈنۈپ.
ئاشۇ يۇرتۇم ئەبەدىي مېنىڭ ئانام دېگەنمەن،
يۇرتۇم، سېنىڭ بىپايان بۆشۈكۈڭگە بۆلۈنۈپ.
يۇرت سۆيگۈسى ئاشۇنداق ھەر يۈرەكتە بىر گۈلخان،
يېڭى ناخشا، يېڭى كۈي ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئۈن.
تېنىم پۈتكەن سېنىڭدىن، تانالمايمەن ھېچقاچان،
ئانا يۇرتۇم ئۈزۈلمە ئاي، ئۈزۈلمە يەنە يورۇق كۈن.
ئايرىلىشنى خالىماس شۇڭا ھېچكىم يۇرتىدىن،
كىندىك قېنى تامغان يەر ئەبەدىيلىك سەجدىگاھ.
مەنمۇ شۇنداق سۆيىمەن يۇرتنى چوڭقۇر يۈرەكتىن،
ئانا دەريا، ئانا يەر مەڭگۈ ماڭا قىبلىگاھ.

## ئانامدەك گۈزەلسەن ئانا تەبىئەت

گۈزەللىكنىڭ ئىلاھىسەن ئانا تەبىئەت،
ئۇ تۇۋالدىڭ يۈرىكىمنى ئاداققى بۇ دەم.
ئاتا قىلدىڭ سۆيگۈگە باي ناخشىنى ماڭا،
شۇ ناخشامدىن مۇڭغا تولۇپ كەتتى ھەر ئادەم.

ئانامدىكى گۈزەللىكنى ئىلمىپ يېتىمپسەن،
سېنىڭ باغرىڭ ماڭا يىللىق تۇيۇلدى ئەجەب.
بۇركۈت بولۇپ ھەر چوققاڭغا قونايمۇ دېدىم،
ئەمما ئاشۇ چوققىلىرىڭ كەتتى ئېگىزلەپ.

پاياندازغا ئوخشاپ كەتتى يېشىللىقلىرىڭ،
سېھىرلەپسەن يۈرىكىمنى ئانا تەبىئەت.

تاغلىرىڭنى قۇچاقلاشقا مەندە ئىمكان يوق،
ئەمما سېنى قۇچاقلىدى ئۇلۇغ مۇھەببەت.

پاكلىقىڭنى بىر يۇلىلا ئالدىم سۈمۈرۈپ،
ئامرىقىمنى ئەبەدىيلىك سۆيۈندۈرەي دەپ.
چاقناپ كەتتىڭ لىرىكىلىق تۇيغۇلىرىمدا،
غايىبانە سۆيۈپ چىقتىم سېنى بىر - بىرلەپ.

ئانامدىكى گۈزەللىكنىڭ تەگدىشى يوقتۇر،
ئوخشاپ قاپسەن ئەمما بۈگۈن ئانامغا قەۋەت.
سېنىڭ مېھرىڭ ئانامدىكى مېھىر ئەمەسمۇ،
ئېھ، قەلبىمنى ئۇتۇۋالغان گۈزەل تەبىئەت!

## لېۋىڭدىكى تەبەسسۇم

يۈرىكىمگە ئوخشايسەن، جېنىم ساڭا باغلانغان،
سېنىڭ تاتلىق ناخشاڭسىز قەلبىم پەقەت
كۈلمەيدۇ.
پاكلىقىڭدا يۇيۇنۇپ ئۆزۈم شۇنداق پاكلانغان،
ئىككىمىز بار ھەر ناخشاجاراڭلايدۇ، ئۆلمەيدۇ.

كۆزلىرىڭدىن ھەر كۈنى يېڭى ئىلھام ئىزدەيمەن،
قويۇلىدۇ قەلبىمگە لېۋىڭدىكى تەبەسسۇم.
يۈرىكىمگە مەڭگۈلۈك سىما يىگىنى سىز دەيمەن،
تەلپۈنىدۇ ھەمىشە ساڭا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم.

رىيازىتىم يوقالغان ئالقىنىڭدا پورلۇشۇپ،
ئالاي-ئالاي تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىڭ مېنى دەپ.
ئالالمايمەن ھېچقاچان، يۈردۈق كۆپ يىل
كۆيۈشۈپ،
ئاشۇ سۈرەت ئالدىدىن ئۆتەر بۈگۈن
بىر - بىرلەپ،
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى بىر - بىرىگە ۋاپادار،
قەدرىمىزگە دۇنيادا ئىككىمىزلا يېتىمىز.
ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە چىقىرىلغان بۇ قارار
تامام بولسا بۇ ھايات يەنە بىللە كېتىمىز.

## تەقدىرىمىز شۇنداق ئوخشايدۇ

بىر جۈپ كۆزۈم بولۇپ ئاپپارات
تارتىۋالدى سۈرەتكە سېنى.
بىر نىگاھتا كۆزلىرىڭمۇ ھەم
ئېلىۋالدى ئىلكىگە مېنى.

ھايال بولماي ئايرىلدۇق ئەمما،
يوللىرىمىز بولغاچقا ئايرىم.
يۈرۈپ كەتتۇق يېنىشلاپ قاراپ،
تەقدىر ئىكەن ئەجەبمۇ زالىم!

ئا. ئالماس

# قاراماي ناخشىلىرى

## قاراماي تېغى

قاراماي تېغى قاقاسلىق،
ئاستى نېفىت بۇلىقى.
كۆپتىن بۇيان جۇڭغارغا
تارقاپ كەتكەن پۇرىقى.

چىقساڭ تاغقا ھەۋەستە
كۆزۈڭ چۈشەر بۇلاققا؛
ھەر تەرەپتىن ماي كۆيى
ئاڭلىنىدۇ قۇلاققا.

باردۇر تاغدا سېلىمنىڭ*
ياشاپ ئۆتكەن گەمىسى.
بۇلاق بىلەن مۇڭدىشىپ
ئۆتكەن ھايات كەچمىشى.

ئاشۇ تاغنىڭ باغرىدا
تۇنجى قازغان قۇدۇق بار،

ئەجدادلارنىڭ كۆمۈلمەس
باسقان' ئاياغ ئىزى بار.

شۇندىن باشلاپ چۆللۈكنى
قاپلاپ ھايات قوشىقى،
بولغان كۆركەم نېفىتلىك
قاراماينىڭ قۇچىقى.

تاغ ئۈستىگە ھەيۋەتلىك
خاتىرە تاش قويۇلغان.
تاشقا ئۇلۇغ يۈرۈشنىڭ
مۇقەددىمىسى ئويۇلغان،

سەيلىچىلەر بۇ تاغنى
كۆرەر چەكسىز شادلىقتا.
ئەجدادلارنى ياد ئەيلەپ،
باقار قاراماي، مايتاغقا.

* قاراماي كان، تارىخى كۆرگەزمىسىدىكى سېلىم بوۋاينىڭ ئوبرازى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## كېلىڭ كۆرۈشكە ...

كونا قاراماي تېغى باغرىدا
كاننىڭ تارىخى كۆرگەزمىسى بار.
ھەيۋەتلىك، كېرەكمۇ ئاشۇ بىنادا
نېفىتچىلارنىڭ شەجەرىسى بار.

ئەينى يىللاردا شۇ قارامايدا
باتۇرلار قىلغان جاپالىق جەڭلەر.
چۆلنىڭ تەكتىدىن تېپىپ نېفىتنى،
سىزغان باغرىغا گۈزەل رەسىملەر.

بۇ كۆرگەزمىدە كۆرۈپ ئەۋلادلار
ئەجدادلار باسقان شانلىق ئىزلارنى،
ئېلىپ زور ئىلھام قىلماقتا بۈگۈن
جۇڭغارغا قاراپ چوڭ يۈرۈشلەرنى.

بولسىڭىز بىلمەك كان تارىخىنى،
كېلىڭ كۆرۈشكە بۇ كۆرگەزمىنى؛
بىلىسىز شۇندا ئەجدادىمىزنىڭ
قاراماينى قانداق ياراتقانلىقىنى.

ئارسلان تالىپ

## ئىزدەپ

(مەھەممەتجان راشىدىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

يۈرەرمەن ئەل ئارا مەجنۇن بولۇپ ئايدەك ئوماق ئىزدەپ،
كىمىرلىك تەختىدىن بىر جاي ئېلىپ ئاندىن ئاتاق ئىزدەپ.
كېلۇرمەن ھەر كۈنى ئەلنىڭ دىلىدىن بىر ساۋاق ئىزدەپ،
كىتابخان، سىز ئۈچۈن ھەر كۈن يۈرەرمەن بىر قوشاق ئىزدەپ
قەلەندەردەك ئاراڭلاردىن ئۆزۈمگە ئىشتىياق ئىزدەپ.

بىزارمەن بەك ھەسەتخوردىن، يولۇمغا ئورا قازغاندىن،
قاچۇرمەن شۇ سەۋەب چۆلدە خودا يانتاقۇ-ئازغاندىن.
ئىرادەم كۈچ ئالۇر غايەت چىداملىق بوپ شۇ بازغاندىن.
سىلەرگە ياقمىغان شائىر ئېرۇر ھەق نەزمە يازغاندىن
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن يۈرسە پىچاق ئىزدەپ.

يىگىت ئەردىم ۋاپاسىز يار يۈرەكنى پارە-پار ئەتتى،
ئۇيات قىلماي يېڭى يارغا قۇچاقتىن جاي بېردۈەتتى.
ئۇنىڭ قىلغان ئەلەمى دىل بېغىشىغا بېرىپ يەتتى،
يىگىت ئالبومىدىن بىر جاي ئۆزىگە تۇتقىلى كەتتى،
پەرىلەر قوۋمىدىن شېئىردىم ئۆزىگە بىر قۇچاق ئىزدەپ.

كېزەر ساھىلدا سەزگۈم بىر قەلەندەردەك گويا ھەر كۈن،
قوشۇلغايمۇ ئاڭا ھەمراھ دېگەن بىر ئوي بېرىپ بىر ئۈن.
ئۈمىدلەر بابىدا مۇشتاق ئېرۇرمەن ھەم ئاڭا مەپتۇن،
تەپەككۇر تاغلىرىن كەزدىم بۈگۈن مەن شىر بولۇپ ھەر تۈن،
گويا يۈرگەن كەبى كىمدۇر ئېگىزدىن بىر باشاق ئىزدەپ.

يېڭى كۈندىن يېڭى مەنە تاپار ھەر كۈن تەپەككۇر — ئاك،
تەپەككۇر باغلىرىن كەزگەن ئالۇر چەشتىن گويا بىر ساك،
ئۈنىڭ ئىلھام بېغىدا مەن بولۇپ ھەر بىر كۈنى ھاك-تاك.
پىچىرلايدۇ قەلەم، قەغەز بېشىمدا ئاتقۇچە ھەر تاك،
مېنىڭسىز تاپقۇدەك قايدىن ئۇلار ئىلھام، بىراق ئىزدەپ.

بولۇپ ئاشىق مېڭىپ يۈردۈم كېچە-كۈندۈز، پىكىر بەك خام،
يولۇمنى توستى قەلئەدەك خىرە تۇرغان چولاق بىر تام،
نېمىشقا بۇرجىكى يوقتۇر (ئۇنىڭ بىر قىسمى نەچۈن كەم،)
كۆزۈمنى ئاچقۇچە مەشرەپ يېقىپ بوپتۇ ماڭا بىر شام،
ئاۋارە بولمىدىم ھەر تۈن شۇڭا ياندىن چىراغ ئىزدەپ.

بىلىپ تۇرغاچ خىيالدىن ھەر قاچانكى تۇيغۇنى شېرىن،
(بىلۇر قىسمەن كىشى ھەتتا بىلىمدىن غەۋغىنى شېرىن،)
ئېسىل كۆرگەچ ھامان كۆڭلۈم ئىجادىي سوۋغىنى شېرىن،
توخۇدىن ئىلگىرى تۇردۇم ئېتىپ تەرك ئۇيقۇنى شېرىن،
شېئىرىم بويىغا خۇش بۇي تەبىئەتتىن پۇراق ئىزدەپ.

تۇرالماس ھەر دېچۇك شېئىرىم تېپىپ جاي بولمىسا مەنىسىز،
ئاڭا مەنمۇ خىتاب قىلدىم: كۈنۈم تەس بولمىسا سەنسىز،
سېنىڭدىن كۈچ ئېلىپ ھەر يان تارايدۇ چۆلدىكى ئەگىز،
لېكىن ئاسان ئەمەس كىيمەك غەزەلخان تونىنى ھەرگىز،
يۈرەرمەن قانچە يىل چۆلدىن ئۆزۈمگە بىر بۇلاق ئىزدەپ.

ئىجادىمغا مەدەت بەرگەن كۆزۈمنىڭ قەسرىدە خەلقىم،
گويا سۇلتان ھۇزۇرىنى بېرەر ساڭا مېنىڭ تەختىم،
كۈيۈم-نەزمەم شۇڭا تالىق ئاشۇ خەلقىمگە، چىن ئەھدىم.
كېتەرمەن ئايلىنىپ نەزمەم ئۈچۈن سەۋدايىغا، بەلكىم،
شۇ ئەمگەك ۋەجىدىن گۈلزار ئارا ھۆسنۇ-سىياق ئىزدەپ.

ۋەتەن ـ ئەل دائىما مەن بار سىلەرنىڭ زور ئىشىڭلاردا،
گويا چولپان كەبى كۆكتە چەپچەپ نۇر بالقىشىڭلاردا،
داۋانلاردىن خەتەرسىز يول تېپىشچۇن ھالقىشىڭلاردا،
مېنىڭ تەلەپلىرىم تۇرسا سىلەرنىڭ ئالقىشىڭلاردا،
يۈرەي قانداقىمۇ تەر تۆكمەي چىمەندىن تۆت قۇلاق ئىزدەپ.

گۈزەل كۆكلەم چېغى كۆڭلۈم بېغى خۇش ھىد بىلەن تولدى،
ئاڭا ئالقىش ئۈچۈن دىلدا ئەجەب كۆركەم چىمەن كۆلدى،
گۈزەللىك ئىلكىدە ئالەم ئاجايىپ ئۆز ھۆسن تۈزدى،
چىمەنلەر ئاغزىدىن ھېكمەت ئىشىتمەك ئادىتىم بولدى،
نومۇستۇر نەزمىگە يۈرسەم قۇرۇق گەپتىن بوياق ئىزدەپ.

كىشىنىڭ تالىلشى، مېھرى ناگان ئوخشاش ۋە ھەر خىلدۇر،
ئىجاد ـ ئەمگەك گويا ئىرپان يولىدا ئىلمۇ ـ تەھسىلدۇر،
جاھاننىڭ ھېكمىتى ھەتتا تۈزۈلگەن بەزمە ـ تەھلىلدۇر،
قەلەمكەشلىك تۈمەن يولنى ياياق يۈرمەككە تەمسىلدۇر،
بىراۋغا بارغىلى بولماس ئىكەن ئەسلا ئۇلاغ ئىزدەپ.

ئابدۇكېرىم قاسىم

## يەر — ئانام

تۇغۇلۇشۇم سېنىڭ يەر ـ ئانام،
ئۆلگەندىمۇ يەنە سېنىڭمەن.
ھايات ئىزلىرىم قالار سېنىڭدە،
يول ماڭغاچقا يەنە سەندە مەن.

خۇش بولغاندا تەنلىرىم ياپراپ،
بېشىم كۆكتە، ئايغىم سەندە.

ئاھ، ئانا يەر،
سەندىن ئايرىلسام
نە ئاراملىق بولىدۇ مەندە؟
شادلىقىم ھەم قايغۇ ـ ئەلىمىم
كېلەچىكىم، بارلىقىم سەندە.
سەن ھاياتلىق ئىلاھىمۇسەن؟
سەنسىز ھايات مەۋجۇت قەيەردە؟

ئايبېك ئۆمەر

## ئانا قەسىدىسى

ئانا ئۈچۈن قۇت چاچتىم، ئانا ئۈچۈن دۇر تۆكتۈم،
ئۇلۇغ ئانا قەلبىمدە پەرىشتىگە ئايلاندى.

مېھرلەرنىڭ گۈل تاجى ئانا مېھرى جاھاندا
ئۇ ھامانە-ھامانە نادىرلىققا سايلاندى.

ياپراقلاردا يېشىل رەڭ شەبنەم بىلەن سىرداشقان،
تاڭ پەرىسى جىلمىيىپ ئاڭا قۇتلۇق سۆز ئاچقان.
قۇياش بالقىپ دېڭىزدىن بۇ ئالەمگە باققاندا،
ئۆركەشلىگەن دولقۇنلار بىر-بىردىنى قوغلاشقان.

ئورمانلاردا ئانا قۇش، ئۇچۇرمىسى يېنىدا،
نەۋالىرى — ناخشىسى يۇلتۇزلارغا بىر بايرام.
بەلكىم ئۇي-لار ئۇلارمۇ ئانا سۆيگۈ چاچقۇسى،
پاراستى-خىسلىتى ئوخشۇپ تۇرغان بىر قاينام.

ئامەت تىلەر ئىستەكلەر ئانىلارغا ھەر قەدەم،
ناخشىلارنىڭ ئېسىلى شۇنداق روھتا ئېيتىلغان.
ئانىلارسىز بۇ دۇنيا بېرەلمەيدۇ يىلىلىقلىق،
ئانىلارسىز بۇ دۇنيا باھارى يوق قەھرىتان.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەتتەمىن بارى

ئابدۇرېشىت نىياز

# ئانا

## (ھېكايە)

كىنو تېخى باشلانمىغانىدى. كۇلۇبتا ئۇششاق باللار ۋارقىرىشىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. پاڭ - پۇڭ قىلىپ پوجاڭزا ئېتىشاتتى. كۇلۇبنىڭ ئىچى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلارغا تولغانىدى.

كىنو باشلاندى. بىردىنلا سەھنىدە لاپ قىلىپ يانغان ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. كىشىلەر ۋارقىرىشىپ كەتتى. سەھنىنىڭ بىر بۆلۈكىگە ھەر خىل يىغىن، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا ئىشلىتىلگەن لوزۇنكىلار، گۈلچەمبەرەكلەر ۋە پارچە پۇرات قەغەزلەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. باللار پوجاڭزا ئاتقاندا ئاشۇ قەغەزلەرگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

ئەسلىدە سەھنىگە بىر - ئىككى ئادەم چىقسا ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغىلى بولاتتى. بىراق ھەممە ئادەم بۆرىدىن ئۈركىگەن قويدەك پاتىپاراق بولۇپ ئىشىك تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم تېزرەك سىرتقا چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ، قىستىلىشىپ

ئۇرغاچقا ئىشىكنى ئاچقىلى بولمىدى.
ئوت بىردەمدىلا ئۆلغىيىپ تورۇسقا
ياماشتى. تورۇستىكى لىملارمۇ كۆيۈپ،
ئۆگزىگە يېيىتىلغان قاراماينىمۇ ئېرىتىشكە
باشلىدى. ئېرىپ سۇدەك بولۇپ كەتكەن
قاراماي جان قايغۇسىدا قالغان كىشىلەر-
نىڭ بېشىغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. كىشىلەر
ئۇ بۇرجەكتىن بۇ بۇرجەككە يۈگۈرۈشەتتى.
بىر بىرىنى دەسسەشەتتى، ۋارقىراپ-جار-
قىرىشاتتى، ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى. كىنوخانا
ئىچى بىردەمدىلا ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى.

مەھەللىدىكى كىشىلەر ۋەقەدىن خە-
ۋەر تېپىپ، نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىش-
كەندە، كىنوخانا ئاللىقاچان خارابىلىققا
ئايلانغانىدى. چالا كۆيگەن ياغاچلاردىن
پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. توپ-
لانغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن مەزىننىڭ
بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جامائەت، بۇ يەردە ھەممىمىزنىڭ
قوۋمى-قېرىنداشلىرى بولۇشى مۇمكىن.
شۇڭا ماجرا قىلىشماي، ئالدى بىلەن ياغاچ-
تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، قازاغا ئۇچرىغۇ-
چىلارنى بىر-بىرلەپ سىرتقا ئېلىپ
چىقايلى.

جامائەت مەزىننىڭ گېپىنى توغرا
تېپىشىپ، جەسەتلەرنى سىرتقا ئېلىپ چى-
قىشقا باشلىدى. جەسەتلەر كۆيۈپ قارىداپ
كەتكەنلىكتىن ھېچقايسىسىنى تونۇغىلى
بولمىدى.

كىشىلەر زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر
ئايالنىڭ جەسىتىنى تېپىشتى. ئايال خۇد-
دى تەنتەربىيە ئوينىۋاتقاندەك تىزى ۋە
جەينىكىنى يەرگە تىرىگەن، قورسىقىنى سەل
ئۈستىگە كۆتۈرگەن ھالەتتە قېتىپ قالغا-
نىدى. بىر بوۋاق ئۇنىڭ ئەمچىكىنى شو-
راپ ياتاتتى. جامائەت ئايالنى كۆتۈرۈپ
ئېلىشتى. بوۋاق ئاغزىدىن ئەمچەك چىقىپ
كېتىشى بىلەنلا تىپچەكلەپ يىغلاشقا باش-
لىدى. شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن بىر كىشى
قىسىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ بوۋاقنى قولىغا ئال-
دى. ئۆز دادىسىنى كۆرگەن بوۋاق يىغى-
دىن توختاپ ۋىدىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.
ئاتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئانىنىڭ كۆكسى-
نى يېپىپ قويدى. ئانا ئاللىقاچان تىنىق-
تىن توختىغانىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى قا-
نىغان، جەينەكلىرىگە تاش پاتقانىدى.
ئانىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولسى-
مۇ، لېكىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. شۇ
پەيتتە مەزىننىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— جامائەت، شېھىت بولغان ئانىلار-
نىڭ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىغا دۇئا
قىلايلى. ئامىن!

بالىنىڭ ئاتىسى دۇئاغا قول كۆتۈر-
دى. ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلۈۋاتاتتى ...

سىراجىدىن سېتىنىياز

# «يېڭىلىق يوق»

(فېلىيەتون)

بۇرادىرىم نۇرمەتوۋ ئەللىكىنچى يىل-
لاردا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن،
خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئورماندا
يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ،
دېگەندەك، خەت-ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ
كەملىكىدىنلا كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇ «يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن بىر سۆزنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نەگىلا بارسا «يېڭىلىق يارىتىش» توغرىسىدا سۆزلەپ، كىشىلەرنى «قىلغان ئىشلىرىڭدا يېڭىلىق يوق» دەپ ئەيىبلەيدىغان بولۇۋالدى.

نۇرمەتوۋ خىزمەتداشلىرىنىمۇ «ئىشلىرىڭلاردا يېڭىلىق يوق»، «سۆزۈڭلاردا يېڭىلىق يوق»، «مېڭىش-تۇرۇشۇڭلاردا يېڭىلىق يوق»... دەپ ئەيىبلەيتتى.

ئۇ «ئىشىڭلاردا يېڭىلىق يوق»، «باشقۇرۇشىڭلاردا يېڭىلىق يوق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئىدارە باشلىقلىرىنىڭمۇ چىشىغا تېگىۋەرگەچكە، ئۆتكەن يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىرىلدى. نۇرمەتوۋ ئەمدى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئايالى بىلەن بالىلىرىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇغىلى تۇردى. ئۇ ھەر دائىم:

— ھاي خوتۇن! ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ بىرنەچچە خىللا تاماقنى ئېتىۋاتىسەن. تاماقلىرىڭدا يېڭىلىق يوق!

— ھاي خوتۇن! زامان نېمە بولۇپ كەتتى بىلەمسەن، يا كىيگەن كىيىمىڭدە بىر يېڭىلىق يوق!... — دەيتتى.

نۇرمەتوۋنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمۇ ئۇنىڭدىنمۇ بىزار بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇ قوي، كالا، ئات ياكى ئېشەك بولغان بولسىغۇ بالىلىرى ئۇنى سېتىۋېتىپلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ھايۋان ئەمەس، ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ھەم ئائىلە باشلىقى بولغاچقا بالىلىرى ئۇنى ھېچنېمە قىلىۋېتەلمەيتتى.

نۇرمەتوۋ ئۆزىمۇ بىر يېڭىلىق ياراتماقچى بولۇپ، جامائەتكە قوشۇلۇپ مەسچىتتە نامازخانلىق قىلىپ يۈردى. لېكىن جامائەت ئۇنى مەسچىتتىنمۇ قوغلاپ چىقاردى.

نۇرمەتوۋغا ھەرۋاقىتلىق ناماز ئالدىنقى كۈندىكى نامازلارغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغاندەك بىلىنىدى. ئىمام ھېچقانداق يېڭىلىق ياراتماي، ئوخشاشلا بىر خىل نامازنى تەكرارلاۋېرەتتى. ئاخىرى نۇرمەتوۋنىڭ تاقىتى تۈگەپ، ناماز يېرىملاشقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك ئىمام! بۇ قانداق ناماز، ھەر كۈنى شۇ بىر خىللا ئايەتنى ئوقۇيدىكەنسىز. ئىمامەتچىلىكىڭىزدە ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، يېڭىلىق!

ناماز بۇزۇلدى. جامائەتنىڭ غەزىپى كېلىپ، نۇرمەتوۋنى تىللاپ ۋە تېپىپ مەسچىتتىن قوغلاپ چىقاردى.

بۇ ۋەقە نۇرمەتوۋغا ھار كەلگەنلىكتىنمىكىن، ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. مەن ئۇنى يوقلاپ بارغان ۋاقتىمدا ئۇ دوختۇرلار بىلەن تاكاللىشىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دوختۇرلار بىلەن تاكاللىشىش سەۋەبىنى سورىدىم.

— ھەر كۈنى ئاشۇ بىر خىللا ئاق دورىنى بېرىدىكەن ئەمەسمۇ بۇ دوختۇرلار، — دېدى ئۇ.

— بۇرادەر، قانداق دورا بېرىشنى دوختۇر ئۆزى بىلىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئاداش، سىلىمۇ بىلمەيسىلە، مەن كىچىك ۋاقتىمدا دوختۇرلارنىڭ كېسەللەرگە مۇشۇ ئاق دورىنى بەرگەنلىكىنى كۆرگەن. مانا، يېشىم ئاتمىشقا يېقىنلاشتى، تېخىچە مۇشۇ ئاق دورا، يېڭىلىق يوق، يېڭىلىق، بۇ دېگەن قايسى دەۋر، ئىسلاھات

دېگەن يېڭىلاش دېگەن گەپ، دوختۇرلار مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇنلا ئاق خالات كىيىدىكەنمىش، تا ھازىرغىچە ئاق خالات كىيىشىپ يۈرۈشىدۇ. شۇنچە دەۋرلەر ئۆتسىمۇ بىرەر يېڭىلىق ياراتماپتۇ.

— ئاق خالات كىيىش پاكىزلىق ئۈچۈنغۇ، — دېدىم.

— ئاق خالات ئاغرىق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىپەندەك كۆرۈنىدىكەن ئەمەسمۇ ئاداش. ھېچ بولمىسا كۆك خالات كىيسە بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ.

— جان تاتلىقمىكەن؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھازىرلا جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ تۇرىمەن.

— ئەنسىرىمەڭلار بۇرادەر، ئەزرائىل جان تەلەپ قىلىپ كەلسە، قاچان بولسا كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىپ جاننى ئالسەن، جان ئېلىشىڭدا يېڭىلىق يوق، جېنىمنى بەرمەيمەن، دېسەڭلا بولمىدىمۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

ئۇ مېنىڭ چاقچىقىمغا رەنجىپ، بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالدى.

نۇرگۈل قوۋانىش (قازاق)

# بەختلىك بول، ئاي يۈزلۈك پەرىشتەم *

(نەسىر)

ئەي، ئاي يۈزلۈك ھۆر پەرى، بۈگۈن سېنىڭ بەختلىك بىر كۈنۈڭ. بۈگۈن سەن ھايات قۇچىقىدا ئۆز ئاشىقىڭ بىلەن بەخت ياستۇقىغا باش قويماقچىسەن، كۆپ ئەجىرلەر بەدىلىگە پەرۋىش قىلىنغان مۇھەببەت مېۋىلىرىدىن قانغۇچە لەززەت ئالماقچىسەن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، سىلەر پەرھات سۆيەتلىك 30 ئوغۇل بىلەن شېرىن سۈرەتلىك 30 قىز ئىچىدە بىر جۈپ قىزىلگۈلگە ئوخشاش كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، ھەممىسىنىڭ ھەسلىكىنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇپسىلەر.

سەن ئاشۇ ئاي جامالىڭ بىلەن گۈللەرنىڭ سەرخىلى دەپ تاللاپ سۆيگەن پەرھات ئاتلىق ئاشىقىڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىڭدا نەقەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىۋاتامسەن؟! پەرىشتەم، سېنىڭ زىلۋاغىنا بەدىنىڭگە خوپ ياراشقان قاردەك ئاپئاق تويلۇق كۆڭلىكىڭ كۆز ئالدىمدا پاك قەلبىڭنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەرمەكتە. پەرىشتەم، ساڭا قارىغانسېرى قانداقتۇر ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىمنى سەزمەكتىمەن. ھايات مەن ئۈچۈن بىردەمدىلا مەنىسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆڭلۈمنى غەشلىك ئىگىلىمەكتە. سېنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىڭدە جىلۋە قىلغان بەخت كۈلكىلىرى مۇھەببەتنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەي زەرداپ بولغان يۈرىكىمگە شىپا بولۇپ،

* ئاپتور بۇ نەسرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

مېنى ئازاب دېڭىزىدىن بەخت قىرغىقىغا ئىتتەرمەكتە. يۈرىكىمدە مەشئەل كەبى يېنىۋاتقان كۈندەشلىك ئوتلىرى سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن ئېتىلىپ چىققان بەخت قەترىلىرى تەسىرىدە بارغانسېرى پەسەيمەكتە...

ئەي، ئاي يۈزلۈك پەرىشتەم، ئېسىڭدىمۇ، يۈرىكىمنىڭ تۇنجى مۇھەببەت ساداسى پەقەت سەن ئۈچۈنلا جاراڭلىغان. شۇڭا مەن سېنى خۇددى مەجنۇندەك سۆيگەن، ئىشقىڭدا ئوت بولۇپ كۆيگەن ئىدىم، ساڭا يۈرىكىمدىكى چىن مۇھەببەتنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمەي نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ئىدىم. ئەپسۇسكى ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ قالغانلىقىمنى پەقەت سېنىڭ توي باغىقىڭ قولۇمغا تەگكەندىلا بىلدىم. مانا شۇ چاغدا مېنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلالمىساڭ كېرەك، ئاھ، ئۇنىڭ ئېمىسىنى دەپ يۈرەي؟! ئەيتاۋۇر كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ بىر قاراڭغۇلۇق پەيدا بولدى-دە، كۆزلىرىم خىرەلەشتى. مەن شۇ چاغدىلا ناۋائىينىڭ «خەمسە» داستانىنى ئەسلىدىم، كۆز ئالدىمدىن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تەڭ يىغلاپ، تەڭ قۇربان بەرگەن ئاشۇ سۆيگۈ سەۋدايىلىرىغا ھېسداشلىق قىلسامۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ يەنىلا بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مەن سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن سېنىڭ بەخت ئىچىدە شادلىنىپ كۈلگەن گۈل جامالىڭنى كۆردۈم، سەن بۈگۈن سۆيگۈ شارابىدىن مەست بولۇپ كۈلۈۋاتىسەن. سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭمۇ بەختىم ئەمەسمۇ؟! يۈرىكىمدە ساڭا بولغان دوستلۇقنىڭ گۈلخانلىرى مەڭگۈ يېنىپ تۇرغۇسى.

ئىشىنىمەن، مېنىڭ كۆيۈك ئوتلىرىم ئەمدى سېنى پاراكەندە قىلىپ ئازابلىمايدۇ، مەنمۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن، مېنىڭ تومۇرلىرىم مەردلىك قانلىرى بىلەن سۇغىرىلغان. شۇڭا يىگىتلىك غۇرۇرۇم ئۆز ئەقىدەمنى ساقلاشقا ئۈندەيدۇ، مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى ھۆرمەت قىلىمەن. مېنىڭ ھېسسىياتىم ۋىجدان، غۇرۇر دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايدۇ، سەن ئۆز ئاشىقىڭنىڭ سۆيگۈسىدىن ئۆمۈرلۈك لەززەت ئالالىساڭ، شادلىنىپ كۈلسەڭ، بەدىنىمدىكى كۈندەشلىك قۇرتلىرى مېنى مەڭگۈ ئازابلىماس ئىدى. بىلەمسەن، مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈم سېنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا يېنىڭدىكى ئاشۇ مەغرۇرانە كۈلۈپ ئولتۇرغان بەختلىك يىگىتىڭ سېنى خۇددى مەن سېنى چىن دىلىمدىن سۆيگەندەك سۆيۈپ بەختلىك قىلالىسا، مەن مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلغان بولار ئىدىم.

ئاي يۈزلۈك پەرىشتەم، بۈگۈن سېنىڭ بەختلىك بىر كۈنۈڭ. مەن بۈگۈن شادلىققا تولغان توي مەرىكەڭنىڭ ئاددىي بىر مېھمىنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەر ئۈچۈن دوستلۇق بېغىدىن گۈلدەستە تىزىپ، چىن يۈرىكىمدىن سوۋغات تەييارلاپ، سىلەرنى مۇبارەكلىمەكتىمەن. قولۇمدىكى قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا سىلەرگە قەلبىمدىن بەخت تىلىمەكتىمەن.

بەختلىك بول ئاي يۈزلۈك پەرىشتەم، ياق، بەختلىك بولۇڭلار، مېنىڭ دوستلىرىم.

مامبەت تۇردى

# رېئالىزمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

## 1

رېئالىزم — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇپ يېتىش جەريانىدىكى ھەقىقىي روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى. رېئالىزم — ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كېلىۋاتقان بەدىئىي مېتود. رېئالىزم ئەدەبىياتتىكى بىر ئېقىم.

دېمەك، رېئالىزم توغرىسىدا توختالغاندا، رېئالىزملىق روھ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ۋە رېئالىزم ئېقىمى قاتارلىق ئۈچ قاتلامنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بىز بۇ ماقالىمىزدا رېئالىزم ئېقىمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تەلپىي ئۈستىدە توختىلىمىز.

«بارلىق سەنئەتنىڭ گۈلتاجىسى» (ئايتماتوۋ) بولغان رېئالىزم خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدەك مۇرەككەپ تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن. ئىنسانىيەت پەيدا بولۇش بىلەنلا ئۇلارنىڭ سەنئىتى ساددا رېئالىزم ھالىتىدە ئىپادىلەندى. تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا، ئەمگەك قوراللىرىغا سىزىلغان، ئويۇلغان ھەر خىل بەلگىلەر، سىزىقلار، شەكىللەر، ئۇۋچىلىق، دېھقانچىلىق ناخشىلىرى نوقۇل ھالەتتىكى دوراشتىن ئوخشىتىشقا، ۋاسىتىلىك ئىپادىلەشكە، ئاخىرىدا سىمۋول قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. بۇ، تاھايىتى ئۇزۇن جەريان بولۇشى مۇمكىن. ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان جورجى تومسىن ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ تاشلارغا، غارلارغا ئادەم بىلەن ھايۋانىنىڭ شەكلىنى سىزىشنى ياقتۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ سىزىلىدىغانلىقى توغرىسىدا دەلىل كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاياللار كۆپلەپ بالا تۇغسىكەن، دېگەن ئۈمىدنى ئىپادىلەيدىكەن. مەيلى ياۋروپالىقلار ياكى ئاسىيالىقلار بولسۇن، قەدىمكى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇش، ئېتىقاد ھەققىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرى ۋە خىياللىرىنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشقان. شۇ دەۋردىكى تاش ئۆي رەسىملىرىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىللە تۇرغان، قارشىلاشقان، بۆلۈنگەن، يېڭىلگەن ۋە يەڭگەن تارىخىي جەريانى مەيلى قانچىلىك ساددا، فانتازىيىگە باي ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسۇن، رېئالىزملىق نەپەستىن ئايرىلمىغان، مانا بۇ رېئالىزملىق روھ.

رېئالىزملىق روھ بىر بۇلاق، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى، گۈزەللىك توغرىسىدىكى فانتازىيىسىنى، تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىسى ۋە كومېدىيىسىنى رېئالىزملىق روھتىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم قاتلام سىستېمىسى بويىچە ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن،

رېئالىزملىق روھ ئەزەلدىنلا ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت نەرسە. چۈنكى ئىنسان ھەر قاچان، ھەر زامان رېئاللىق ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى ئىسپاتلاش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمىگەن. شۇڭا رېئالىزملىق روھ ئىنسانىيەتنىڭ تۈنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت زامان كاتېگورىيىسىدە مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئېڭىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىياتتا رېئالىزملىق روھنىڭ يالقۇنى ئۆچۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدىكى تار مەنىلىك رېئالىزم 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رومانتىزمدىن كېيىن ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەدەبىي ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ.

گۈزەل سەنئەتتىكى رېئالىزم ئېقىمى فرانسىيىلىك مىرلىد قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندى. ئۇلار ئەپسانە،دىن، مەسەللەردىكى تېمىلارنى ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىكى تۇرمۇش ۋە تەبىئەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىشنى ئوبيېكت قىلىپ تاللىۋالدى. ئەدەبىياتتىكى رېئالىزم ستىندالنىڭ قەلىمىدە ئۇل سېلىنىپ، بالزاك، فلوبېر، موپاسسانلار ئارقىلىق شەكىللىنىپ، پۇشكىن، گوگول، زولا، رومىن روللان، توماس مانلار ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، ھېمىڭۋاي، ئايتىماتوۋلار ئارقىلىق يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى. مۇشۇ جەرياندا رېئالىزم دەۋرگە ماس ھالدا كلاسسىك رېئالىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، سوتسىيالىستىك رېئالىزم قاتارلىق ئۈچ تارىخىي قاتلامغا، ئىنقىلابىي رېئالىزم، چەكسىز رېئالىزم، ئوچۇق رېئالىزم، كۆپ قۇتۇپلۇق رېئالىزم، پسىخىك رېئالىزم، ئۆزگىرىشچان رېئالىزم، كەسكىن رېئالىزم، ھالقىغان رېئالىزم، سېھرىي رېئالىزم دېگەندەك كۆپ قىرلىق ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلدى. رېئالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سىنىپلار ئارىسىدىكى زىددىيەت، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەقدىرى، جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىستىك باسقۇچقا كىرگەن چاغدىكى پارچىلىنىشى، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش، ئىمېۋى سىياسىي ھەرىكەتلەر تەسىر كۆرسەتتى. بۇلار تاشقى ئامىللار. رېئالىزم ئىچكى جەھەتتىن ئېنىق پەلسەپىۋى ئاساسلارغا تايانغان. ھەرقايسى دەۋرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپىۋى قاراشلار، يەكۈنلەر رېئالىزمنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. رېئالىزم داۋالغۇش ھالىتىدە بىر ئۆرلەپ، بىر چېكىنىپ، بىر كۈچىيىپ، بىر ئاجىزلىشىپ راۋاجلاندى. 18-19-ئەسىرلەردە دۇنيا ئەدەبىياتىدا يەنىلا كلاسسىزم، رومانتىزم ۋە رېئالىزم ياندىشىپ ماڭدى، ئۆز مەزگىلىدە رېئالىزم شارائىتنىڭ ئادەمگە بەرگەن تەسىرىنى، ئادەمنىڭ مەلۇم شارائىتتىكى پائالىيىتىنى كونكرېت ئىپادىلىدى. رومانتىزم بولسا، ئادەمنىڭ شارائىتتىن ھالقىغان سۇبيېكتىپلىقىنى ئىپادىلىدى. ئارىلىقتىكى ئېنىق پەرق ئوبيېكتىپنى ئىپادىلەش بىلەن سۇبيېكتىپنى ئېچىپ بېرىشتە كۆرۈلدى. رېئالىزم ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى جەريانىدا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر قاتلامدىن كۆپ قاتلامغا سىلجىدى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، رېئالىزمغا پسىخىكىلىق ئىزدىنىشلەر سىڭدى. فرانسىيە يازغۇچىسى فلوبېر «بوۋارى خانىم» رومانىدا ئايال پېرسوناژ ئەيمانىنىڭ تۈرلۈك پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى

جانلىق ۋە كۆپ قىرلىق تەسۋىرلەپ، رېئالىزمنىڭ نوقۇل ھالدا شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلىدى. روماندا ئەيمانىڭ يوشۇرۇن مۇھەببىتى، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب، قورقۇنچ، ئوچۇق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ، ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن، مۇپاسسان بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، پائالىيىتى چەكلەنگەن، بوغۇلغان، «ئىككى پۇتلۇق ھايۋان» بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس رېئالىزملىق مېتود ياراتتى. مانا مۇشۇنداق ئىجادىيەت جەريانىدىن تەبىئىي ھالدا تەنقىدىي رېئالىزم شەكىللەنگەن.

رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكىي «كىچىك ئادەملەر» گە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم سەۋەبىدىن بۇزۇلغان شەخسىيەتچىل، قارا كۆڭۈل خاراكتېرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكتە ئۈستۈن تۇرىدىغان، كىچىك پېئىل تەرەپلىرىنى تەڭ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى قوش خاراكتېرلىك تەسۋىرلەندى. ئەينى دەۋردە رۇسىيە تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن تولستوينىڭ سالاپەتلىك، تېتىك رېئالىزمى، دوستويېۋسكىينىڭ پسىخىكىلىق توقۇنۇش، سىلكىنىش ئۆزەك قىلىنغان رېئالىزمى، چېخوۋنىڭ ھەجۋىي تۈسى قويۇق رېئالىزمى رۇس كلاسسىك رېئالىزمىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى.

بىراق ماركس ئېيتقاندەك، 18 - ئەسىر ماتېرىيالىستلىرىچە بولغاندا، ئادەم ماشىنا سىياقىدا بولۇپ، ئۇنى يازغۇچىلار مېخانىكىلىق ئەكس ئەتتۈردى. تۇرمۇشنى ئىلمىيلىك بىلەن ئىپادىلەش، تۇرمۇشتىن ئۈلگە، نۇسخا ئېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش پرىنسىپى يازغۇچىلارنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار تۇرمۇشنى كۆزىتىشنى نوقۇل ھالدا ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ چىنلىقىغا مۇتلەق ئېتىبار بىلەن قارىدى. رېئالىزم تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ تۈيۈق يولىغا چۈشكەندە ناتۇرالىزمنى بالىلىدى.

تارىخقا نەزەر سالساق، رېئالىزملىق روھنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى جاھالەت دەۋرى دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئەسىردە باشلاندى. دىنىي قاراشلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ زوراۋان ئورۇندا تۇرۇشى «چېركاۋ ئەدەبىياتى» نىڭ شەكىللىنىشىگىلا پايدىلىق بولدى، خالاس. قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رېئالىزملىق ئەنئەنە مۇشۇ دەۋردە بىر قېتىم ئۈزۈلدى. ناتۇرالىزم رېئاللىقنى مېخانىكىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئىپادىسىدۇر. تەتقىقاتچىلار مېخانىكىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ، ئوبيېكتىپنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن سۇبيېكتىپنىڭمۇ ئوبيېكتىپقا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ، ئادەمنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن تاللاش، باھالاش جەريانىدا ھېسسىيات يۆنىلىشى بولىدىغانلىقىنىڭ مۇناسىۋەت پەرقلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى، دەپ قارىدى. ئادەتتە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلىمۇ بىر خىل ئەمەس ئىدى. رېئالىزم بۇ جەھەتتە مەلۇم ئەللەردە بىر خىللىشىش، بىردەكلىشىش يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدى، سوۋېت ئەدەبىياتىدا 20 - ئەسىرنىڭ

40 -، 50 - يىللىرى، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا 50 -، 60 - يىللىرى رېئالىزمدىكى مۇشۇ خىل مېخانىكىلىق ئەكس ئەتتۇرۇش ئىللىتى يامرىدى. رېئالىزم تارىخىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇنداق ياكى بۇنداق ئېغىشلارغا دۇچار بولسىمۇ، بالزاكتەك ئۇلۇغ يازغۇچىلار مېخانىكىلىق ئەكس ئەتتۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، يۈكسەك رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇلىرىنى، چىگىش ھېسسىياتلىرىنى، ھايات پەلسەپىسىنى، غايىۋى تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىدى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا نەزەر سالالىدى.

تەنقىدىي رېئالىزم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ۋە رۇسىيىدە ئەۋج ئالدى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان دىككىنس «رەھىمسىز رېئاللىق» نى ئىزدىدى. تەنقىدىي رېئالىزمچىلار تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى، ئادەمنى سالقىن نەزەر بىلەن كۆزەتتى، ھەتتا ئۆز ئىجادىيەت ئۇسلۇبلىرىغىمۇ تەنقىدىي مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار قەلەم ئىگىسىنىڭ سۇبيېكتىپ بىلىشى يۈكسەك بولمىسا، چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئىجادىيەتتە رېئاللىققا ئىخلاس بىلەن بېرىلىش ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ قايناق ھېسسىياتىنىڭ ھالىتى شەكىللىنىشى كېرەكلىكىنى بايقىغان، تەنقىدىي رېئالىزم پەلسەپە جەھەتتە فېيېرباخنىڭ ئانتروپولوگىزملىق، گېگېلنىڭ دىئالېكتىكىلىق نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان، ئىدىيە جەھەتتە ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خىيالىي سوتسىيالىزملىق قارىشىنىڭ تەسىرىنى، ئېستېتىكا جەھەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشى ھەرىكىتىنىڭ ئىنسان مەركەز ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ «ئادەمگە خاس رېئاللىقنىڭ ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. ئېلىمىزدە لۇشۈن باشچىلىقىدىكى ئەدىبلەر تەنقىدىي رېئالىزمنى دۇنياۋى مەنىگە ئىگە قىلدى.

2

رۇسىيىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن سوتسىيالىستىك رېئالىزم جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ھەم بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز بىلەن بىۋاسىتە باغلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

رۇسىيە جەمئىيىتىدە ئىنسانىيەت ئەڭ دەسلەپ يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، قۇرۇلمىغا دۇچ كەلدى. كىشىلەر ئۆتكەن كۈنلەر، كەلگۈسى زامان ۋە ئۆزگەرگەن ھايات توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىشقا، تەسىرلىنىشكە، ھەيران قېلىشقا باشلىدى. يازغۇچىلار جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا يېڭى ئىجادىيەت ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى. ھەل قىلغۇچ پەيتتىكى رۇسىيە جەمئىيىتىگە سوتسىيالىزم تۈزۈمى قانداق زۆرۈر بولسا، سوتسىيالىستىك رېئالىزممۇ شۇنداق زۆرۈر دەپ قارالدى. گوركىنىڭ «ئانا» رومانى ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا يېزىلغان، سوتسىيالىستىك رېئالىزمغا ئۇل سالغان ئەسەر، دەپ ھېسابلاندى. 1932 - يىلى ئىۋان گرانسكى سوتسىيالىستىك رېئالىزم دېگەن ئەدەبىي ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1934 - يىلى سوۋېت يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سوتسيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بۇرچى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى: سوتسيالىستىك رېئالىزم يازغۇچىلاردىن رېئال ئىنقىلابنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ماس ھالدا رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تارىخىي، كونكرېت تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چىنلىق ۋە تارىخىي كونكرېتلىق سوتسيالىستىك روھ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىشى ۋە تەربىيىلىشى كېرەك.

بۇ يىغىندا ئەدەبىياتنىڭ خەلقنى ئىدىيە، جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسەن سىياسىي نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭدا ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەت تىلغا ئېلىنمىغانىدى. شۇ دەۋردىكى ئىنقىلابنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىنى، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي، تەربىيىۋى، يېتەكچى رولىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارالغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. بىراق سوتسيالىستىك روھ بىلەن خەلقنى تەربىيىلەش پىرىنسىپى كېيىنچە بۇرمىلىنىپ، ئۇ نوقۇل سىياسىي شوئارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. سوتسيالىستىك رېئالىزمدىن ئىبارەت ناھايىتى كەڭ قاتلام قارىغۇلارچە تارايتىلدى.

سوۋېت ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى بىلەن ئېلىمىزدە ئىنقىلابىي رېئالىزم دېگەن ئۇقۇم شەكىللەندى. يەنە كېيىن ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش دېگەن تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە «سول» چىللىقنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، سوتسيالىستىك رېئالىزممۇ ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ يېڭى قاتلىمى سۈپىتىدە تېخىمۇ كەڭلىككە، يۈكسەكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ئەڭ ئالدى بىلەن سوتسيالىستىك ئەدەبىياتنى خارابلاشتۇردى.

رېئالىزم توغرىسىدىكى تارىخىي مۇنازىرە ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى. بەزىلەر ناتۇرالىزملىق چىنلىق بىلەن رېئالىزملىق چىنلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مېخانىكىلىق ئەندىزە قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئومۇمەن رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىسىلا، چىنلىق خاراكتېرى بولسىلا رېئالىزم بولىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ياخشىلىق، گۈزەللىكنى تەسۋىرلىمەي تۇرۇپ، پەقەت چىنلىقنىلا تەسۋىرلىسە رېئالىزم بولمايدۇ دېگەن ئىككى خىل تونۇش بىر - بىرىگە زىت ھالدا رېئالىزم توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ تېپىك مىسالى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا «سوتسيالىستىك رېئالىزم تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن تارىخىي سىستېما» (ماركوۋ) دېگەن قاراش توغرىسىدىكى مۇنازىرە ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. سوتسيالىستىك رېئالىزم توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ مۇنداق چېگىشلىشىپ كېتىشىگە رېئالىزملىق ئەنئەنە بىلەن سوتسيالىستىك رېئالىزمنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ سوتسيالىستىك رېئالىزمغا بولغان ھەل قىلغۇچ تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەم رېئالىزمنىڭ ھەل بولماي كېلىۋاتقان تەبىرى سەۋەب بولغان.

كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان رېئالىزملىق

ئەلئەلە كېيىنكى ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن رېئالىزم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. رېئالىزملىق ئۇسۇل رېئالىزملىق روھنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئېسىل تەجرىبىلىرى سوتسىيالىستىك رېئالىزم تەرىپىدىن تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى ۋە قوبۇل قىلىنمىدى.

رېئالىزملىق روھ ئەسلى رېئالىزملىق ئۇسۇلدىن كەڭ مەنىلىك، كەڭ دائىرىلىك ئىدى. مەسىلەن، تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقەلەرنى يېزىش رېئالىزملىق روھنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. ھازىرقى دەۋردە ھەقىقىي، چىن، رېئال ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىمەي تۇرۇپمۇ باشقا بەدىئىي ئۇسۇللار بىلەن رېئالىزملىق روھنى ئىپادىلەش مۇمكىن. لاتىن ئامېرىكا يازغۇچىسى گارسىيا ماركىز «يۈز يىللىق غېرىبلىق» رومانىدا سېھرىي ئۇسۇللار بىلەن «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەقىقىي ئىنقىلاب» نى رېئالىزملىق روھ ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن. ئايىتماتوۋمۇ قەدىمكى رىۋايەت، چۆچەكلەردىن پايدىلىنىپ ۋە رىۋايەت، چۆچەكلەرنىڭ ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ھېسسىي دۇنياسىدا ئىپادىلىنىش ھالىتىنى تەسۋىرلەش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ھەمدە ئادالەت، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، خۇنۈكلۈك بىلەن بولغان دۇنياۋى زىددىيىتىنى رېئالىزملىق روھ بىلەن ئېچىپ بەرگەن.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەبىئىي ھالدا رېئالىزملىق ئەدەبىيات بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە رېئالىزملىق ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي، دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت سىياسىي ئۇقۇم ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا سىياسىي تۈسى قويۇق پىرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەم ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇلۇپ، مۇقەررەر ھالدا رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەبىئىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى سۇنئىيلەشتۈردى. رېئالىزمنىڭ كەڭ كاتېگورىيىسى، تارىخىي ئەنئەنىسى بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئىچىدە بۇرۇختۇم بولدى. جۇڭگو ئەدەبىياتىنى دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، رېئالىزمنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى، قىممىتى، رولىنى قايتىدىن شەرھىيلەش بىردىنبىر يول بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىزدە رېئالىزمنى ئۆز ئۇقۇمى، ئۆز ماھىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق تەبىئىي زۆرۈرىيەت ئاساسىدا ئەدەبىياتىمىزغا خەلقچىللىق ئۇقۇمى كىرىپ كەلدى. بۇ يېڭى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي رېئالىزملىق روھقا ئىگە بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا توختالغاندا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىز ئەمدى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بېقىندا بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدىغان بولدۇق» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكرى» دە بولسا، ئەدەبىيات -

سەنئەتنى سىياسىي بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ سىياسىيغا بېقىندا بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بېقىندا بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ سۆزلەر ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن رېئالىزمنىڭ يېڭى يۈنىلىشىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ ئىلمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

دېمەك، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگودا رېئالىزم ئۆز ئەسلىگە قايتىش، ئېچىلىش، ئۆرلەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا مۇنەۋۋەر رېئالىزملىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو ئەدەبىياتى يەنىلا رېئالىزم ئاساسىدا گۈللىنىشكە باشلىدى. لېكىن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زەھەرلىرى يېڭى ئەسىر ئاتلاش ھارپىسىدىمۇ تولۇق تازىلىنىپ بولغىنى يوق. ئۇ ئاساسەن ئىجادىيەتتە تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنى بەدىئىي زوق كاتېگورىيىسىدە ئەمەس، ئۇقۇمۋازلىق ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەندى. ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي جەريانىنى، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى پائالىيىتىنى، ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى، تاسادىپىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشنىڭ بەدىئىي جەھەتتە ھېچقانداق قىممىتى بولمىدى. بۇ، رېئالىزم توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىڭ تېخىچە تولۇق ئايدىڭلاشماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئېقىملار يامغۇردىن كېيىنكى نوتىدەك باش كۆتىرىشكە باشلىدى. ھەر بىر ئېقىمنىڭ ئۆزى تايانغان پەلسەپىۋى ئاساسلىرى، ئېستېتىكىلىق نەزەرىيىلىرى بار ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى «مودېرنىزم» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالدى. «4 - ماي» ياشلار ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنى بىلەن مودېرنىزم ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا ئۆزلىشىشكە باشلىدى. بىراق ئۇ ئۆزى مۇستەقىل، يېگانە ھالدا ئەمەس، رېئالىزم بىلەن ئارىلاشقان، يۇغۇرۇلغان ھالەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. لۇشۈن ئىپادىلەش جەھەتتە مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مېتودلىرىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك رېئالىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان. ئۇ تەنقىدىي رېئالىزمنى جۇڭگونىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىكىلىق قاتلىمىنى ياراتتى.

